« جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى » دىكى نەشرىي ئەپكار
« شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物



2

2015

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ISSN 1008-6498
03>
9 771008 649003

# 新疆文化

•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•



ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار تىلماچى، مەملىكەتلىك «مۆتىۋەر تەرجىمان»

مۇسا ئەخمەت ئەپەندى




تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت

ژۇرنال قانۇنىي ۋەكىلى،
دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بەگمەت يۇسۇپ

## شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق

# 2015.2

(ئومۇمىي 332 ـ سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

چىرىكلىككە، پارىخورلۇققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئاۋامغا بەخت يارىتايلى

## بۇ ساندا


زامان تەقەززا پىكىرلەر

ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت توغرىسىدا ...... ........................ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 3

ئالقىنىمىزدا ئالتۇن، كۆزىمىزدە كۈمۈش

مىڭئۆيلەردىكى مەدەنىيەتلىرىمىز .................. ئوبۇل مۇھەممەد ئېلى 11

تەپەككۇر دۇنياسى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ................. ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام قاتارلىقلار 27

«ئۆزۈڭنى تونۇ!»

مەنئۇيەتنى نۇرلاندۇرىدىغان ئامىللار ............... تۇرسۇنمۇھەممەد توختى 32

«ئىلمەاجلار جايخانىسى»دىكى پاراڭلار

نۇرغۇن دېھقان يېرىنى سۆيمەيدىغان بولۇپ قالدى... جۇڭگولۇقلار نېمە ئۈچۈن ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ؟... ياخشىلار نېمە ئۈچۈن سۈكۈت قىلىدۇ؟... جار سېلىشلار ھامان ھەقىقەت تەرىپىدىن يېڭىلىدۇ... جۇڭگولۇقلار ئىشچان تۇرۇپمۇ نېمە ئۈچۈن باي بولالمايدۇ؟ .............................
............ شۆھرەت مۇھەممەدى، ئابدۇقېيۇم ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار (ت) 47

ئەدەبىياتنىڭ رەڭدار دالاسى

ئوت كەتكەن ئۆيۈق ........ (پوۋېست) ............... ئايگۈل ئەمەت 56


20- ئەسىردىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، تالانتلىق ئەدىب، تۆھپىكار مائارىپچى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن (1933.9.28 - 1995.2.27)نى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ياد ئېتىمىز

مۇقاۋىدا: ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئايالى رەنا مەخسۇت بىلەن 1991- يىلى تاشكەنتتە چۈشكەن سۈرىتى


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(64- يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۇسۇپ
جاڭ خۇڭچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى



بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى ۋە تېخنىك ئىدىتورى:

**ئايگۈل ئەمەت**

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)




«مەن ئۆز پائالىيەتلىرىم بىلەن ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتىدىن بولغان مېنىڭ ئىنسانىي ھەقىقىي ماھىيىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇم كېرەك. شۇ چاغدا بىزنىڭ ماھىيىتىمىزنىڭ نۇرانە شولىسى مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ ئەينىكىدە جىلۋىلەنگەن بولىدۇ.»

**ــ كارل ماركس**

1

20 ـ ئەسىر ئەڭ ئاخىرقى ئون يىلغا قەدەم قويدى! ئىنسانىيەت ئانا زېمىن ــ ئۆز پىلانېتاسىدا يېڭى ئەسىرگە، 21 ـ ئەسىرگە يۈزلىنىپ قالدى!

21 ـ ئەسىر يېڭى 1000 ـ يىللارنىڭ تۈنجى مەلىكىسىدەك كىشىلەر قەلبىدە ئۈمىد چىرىغى يېقىپ، ئىلھام فونتانلىرىنى بۇژغۇتۇپ، تەسەۋۋۇر مەنزىرىلىرىنى سىزىشقا باشلىدى. ھەممە كىشى نۇرانە يېڭى يۇلتۇزغا تەلپۈنگەن مۇنەججىملەردەك ئىقبال رەسەتخانىلىرىغا كىرىپ، كۆڭۈل بوشلۇقىنى بېزىمەكتە. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالىملىرى بىلەن كەلگۈسىشۇناسلىرى گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئۈمىدۋار ئالدىن ئېيتىشلار، ئاجايىپ رەقەم مەنتىقىلىرى، جەزبىكار ئەسلىھە لايىھەلىرى بىلەن كۆمۈپ تاشلىدى. ئالەم قاتنىشىدىن يېڭى ئېنېرگىيە قىياسلىرىغىچە، تېبابەتچىلىك ئىقتىدارىدىن ئۆي ۋە كىيىم مودىللىرىغىچە، ئەيتاۋۇر ئىنساندىن ئىبارەت قۇياش سىستېمىسىنىڭ بۇ ئەزىمەت شاھزادىسىنىڭ ھەممە تويى ۋە ئايەملىك جابدۇنمىسى دەبدەبىلىرى ھەممە كۆڭۈللەرگە ئىشتىياق چېچەكلىرى تاقىدى. لېرىزىم ــ ئەسىرىمىزنىڭ ئاخىرقى ئون يىللىق شېئىرىي تىنىقى بولۇپ قالدى! چېچىغا ئاق سانجىغان ۋە قەددى پۈكۈلۈپ قالغان ئەسىرىمىزنىڭ پىشقەدەم شاھىتلىرىمۇ خۇشاللىق تەبەسسۇملىرىغا ئارمان ھەسرەتلىرىنى يوشۇرۇشتى.

شۇنداقتىمۇ ناگان ـ ناگاندا تېرەن خىياللىرى بىلەن تېنى جۇغۇلداپ، گاھ پېچىرلاپ، گاھ قىيقاس سېلىپ يۈرگەن تەپەككۇر ئىگىلىرىنى يولۇقتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈلنى غەشلەشتۈرىدىغان ۋايىساشلىرىدا ئىنسانىيەت تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ رېئىتېكىن سۈرىتى ئىزاھلانغان!

21 ـ ئەسىر قەيەردىن كېلىدۇ ؟

ئۇنى كىشىلەر ئادەتتىكى تەسەۋۋۇر بىلەن «نورۇز بوۋاي» ئالدىغا كەلگەن «قاناتلىق ئۇسمۇر بالا» سىياقىدا تەسۋىرلىشىپ كېلىشتى. ئۇنى ھازىرقى ئالەم تەسەۋۋۇرى بويىچە يىراق يۇلتۇزلار دۇنياسىدىن كېلىدىغان ئۇچار تەخسىدىن چىققان نەۋقىران يىگىت ئوبرازىدا خىيال قىلىشلارمۇ شەكىللەنمەكتە.

21 ـ ئەسىرمۇ ئادەتتىكى ئەسىرلەرگە ئوخشاش ئانا ئەسىر قارنىدىن تۇغۇلىدۇ! ئۇنىڭ تارىخ شەجەرىسىنىڭ زەنجىر ھالقـ

زامان تەقەززا پىكىرلەر

لىرىدىكى ئورنى ۋە ھالىتى ئۆزى ھامىلە بولغان ئانا ئەسىرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ قانداقلىقىغا باغلانغان!

ئەسىرىمىزنىڭ — نازىم ھېكمەتنىڭ پوئېتىك ئىبارىسى بىلەن ئېيتقاندا: «بىزنىڭ ئەسىرىمىز»، «مەردلەر ئەسىرى» بولغان بۇ 20 - ئەسىرنىڭ ئانا قارنى — ھازىرقى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى تولىمۇ تېپىك، ئۆتكۈر، پاجىئەلىك زىددىيەت ۋە توقۇنۇش ئازابى بىلەن تولغان! ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن تېپىك، ئۆتكۈر ۋە پاجىئەلىككى، مەلۇم مەنىدە شېكسپىرنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ئىككى تراگېدىيەلىك ئەسىرى «رومېئو - جۇلىيې» بىلەن «ھاملېت»تە تەسۋىرلەنگەن ئائىلە - جەمەت زىددىيەتلىرى ۋە خىيانەتكارانە ۋىجدان بۇزۇلۇشى ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن ھېچ قانداق بەدىئىي رەڭ بېرىشكە ھاجەتسىز ھالدا تۇغرىدىن - توغرا ئېغىر چىنلىق ئىچىدە ئۆز ئەھۋالىنى شەكىللەندۈرگەن. كىشىلەر تېخى شېكسپىرنىڭ بۇ ئىككى تراگېدىيىلىك ئەسىرىدىنمۇ ئۆلگىلىكرەك پاجىئەلىك سەھنە كىتابىنى كۆرمىگەن ئەمەسمىدى؟!

دەرھەقىقەت، ئالىملار ۋە كەلگۈسىشۇناسلارنىڭ يېڭى بىر ئەسىرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارى توغرىسىدا ئالدىن ئېيتقانلىرى خام خىيال بولماستىن، تولىمۇ «رېئال مۇمكىنلىك»، ئەلۋەتتە. مەن ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ پولات مۇشتۇملۇق گىگانت ئاتوم ئادىمى بولۇشى توغرىسىدىكى ئۈمىدۋارلىقلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرمەيمەن. شۇنىڭدەك يېڭى بىر ئەسىرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ خۇددى كارل ماركس ئېيتقاندەك ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىنسانغا خاس ئاڭلىق باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىغا تىلەكداشمەن. مېنىمۇ ئەنسىرىتىۋاتقىنى پولات مۇشتۇملۇق گىگانت ئاتوم ئادىمىنىڭ ئۆز مۇشتۇمىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىگە قارىتىپ، يۈرەك ئىگىسى بولغان ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ «ھەقىقىي ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» ئۈمىدىنى بىكار قىلىپ، ئۇلۇغ زېمىن پىلانېتىمىزنى «ھاياتتىن مەھرۇم بولغان»، «بۇلغانمىلار دۆۋىسى بولغان» يۇلتۇزلار قاتارىغا ئۆرۈپ كىرگۈزۈپ قويۇش مۇمكىنلىكى بولۇپ تۇرماقتا. زورىيىپ كېتىۋاتقان پولات مۇشت بىلەن ۋەجىكلەپ كېتىۋاتقان مۇسكۇل يۈرەك! بۇ ماقالىدە مېنىڭ تەپەككۇر شاھماتلىرىم مۇشۇ ئىككى قۇتۇپ ئۈستىدە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. روشەنكى، زامانىمىزدا ئىنسان پائالىيىتى ۋە تەقدىرى توغرىسىدا بۇنىڭدىنمۇ ماھىيەتلىك، بۇنىڭدىنمۇ تۈپلۈك «رېئاللىق مەسىلىسى» بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

2

شەكلەن ئېيتقاندا، 100 يىل بىر ئەسىر ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ، ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا ئەسىر دېگىنىمىز — مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ھالقا ۋە قاتلامدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنىمۇ كىشىلەر چۈشىنىدۇ. ئەسىرلەر ئاسترو - ماتېماتىكىلىق ھېساباتتىكى چوڭراق بىرلىك، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر تارىخىي بىرلىك، مۇھىم بىر مەلىكىلىك سۈپەت، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى، كەڭ مەنىدىكى تارىخىي بىرلىك ۋە تارىخىي مەلىكە سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەن قۇرۇلمىلىق سىستېمىسىنى، ئىقتىدار سىستېمىسىنى، تىزگىنلەش سىستېمىسىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، راۋاجلىنىۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ ماددىيلاشقان ئاڭ تۈركۈملىرى ۋە ئاڭ چەمبەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسانىيەت نەچچە تۈمەن يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كەلگەن بولۇشىغا قارىماي، تېخى ھەقىقىي مەنىدىكى مەدەنىيەتشۇناسلىق ئىلمىگە مۇيەسسەر بولمىدى. ھەر خىل تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە سەنئەتشۇناسلىق پەنلىرى بۇ مەدەنىيەت ئوبيېكتىنى پارچىلاپ تەتقىق قىلىپ كەلدى. ئىنسانشۇناسلىق (ئانتروپولوگىيە)، مىللەتشۇناسلىق (ئېتنولوگىيە) پەنلىرى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئېتنوگېنېزىسى، جىسمانىي شەكىللىنىشى، ئىپتىدائىي توتېم، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ۋە ئەپسانە - رىۋايەتلەر ھەققىدىكى ئۇنداق ياكى مۇنداق تەلىماتلارنىڭ جەڭگاھى بولۇپ داۋاملاشماقتا. تېخى ھېكمەتلىك پىكىر ئۇچقۇنلىرىنىڭ «ئالىجوقا»لارچە ۋەھىي - بېشارەتلىرىدىن باشقا مەدەنىيەت سۇبيېكتى توغرىسىدىكى، بىر پۈتۈن ئىنسانشۇناسلىق مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى كەلگۈسىشۇناسلىق كاتېگورىيەسىدىكى پەنلەر شەكىللىنىپ چىقمىدى! بىز ئۇنىڭ شەكىللىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا، ئاخىرقى ئون يىللىقنى باشلىۋەتكەن ئۆز ئەسىرىمىز — 20 - ئەسىرنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى زىددىيەتچان چىنلىققا بىر نەزەر سېلىپ كۆرەيلى! ئۇ، 21 - ئەسىر ھەققىدىكى ئۈمىد ۋە ئەندىشىلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي بۇلىقى. ئۇ يەنە يېڭىچە زامانىۋى تەپەككۇر تۈرگۈزۈشىمىزنىڭ ھەقىقىي دەۋەتچىسى. 20 - ئەسىرگە قانداق باھا بېرىشىمىز مۇمكىن؟ تەڭرى ياراتقان «ئادەم» بىلەن «ھاۋا» بۇ ئەسىردە نېمىلەرنى قىلدى؟ گەپ تولا، ئەمما ماھىيەتلىك ھۆكۈم تولىمۇ قىسقا؛ 20 - ئەسىر ئادەتتىكىچە بولمىغان ئۇلۇغۋار ئەسىر بولدى! 20 - ئەسىر ئاپەتكە تولغان كېسەل ھالەتلىك ئەسىر بولۇپ تۇرماقتا! بۇنىڭ قايسىبىرىنى ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى كىشىلەردىن يوشۇرۇش مۇمكىن؟! زىددىيەتنى ئاشكارا تىلغا ئېلىشتىن مەقسەت، ئىنسانىيەتنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىستىقبالىغا ئاڭلىق كۆيۈندۈرۈشتىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە.

3

20 - ئەسىردە ئىنسانىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە

پەن - تېخنىكا جەھەتتە غايەت زور پارتلاش خاراكتېرلىك ئەمەلىي نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ جەھەتتىكى نەتىجە جەمئىي پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى! ئىنسان قۇياش سىستېمىسىدىكى ئەزىمەتكە، ئاتوملاشقان قۇدرەتكە ئايلاندى. ماكان نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئىنسان يەر شارىنى تىزگىنلىدى، ئۇنى ھالاك قىلىش مۇمكىنلىكلىرىنى ئىلكىگە ئالدى! بۇ — مەدەنىيەتنىڭ مىسلىسىز زور زەپەر مارشى ئىدى!

20 - ئەسىردە يەنە شۇ ئىنسانىيەت 19 - ئەسىردىن مىراس قالغان ھوقۇق ئېتىقادچىلىقى ۋە ھەممىنى ھاكىممۇتلەق ئىرادە بەلگىلەش قاراشلىرىدىن ئايرىلالمىدى، دوللارغا چوقۇنۇش يېڭى ئەسەبىيلىككە كۆتۈرۈلدى. ئىرقچىلىق، بولۇپمۇ شوۋىنىزىم — فاشىزملىق يېڭى تەرسالىقلار ۋە جاھان ئۇرۇشى قىرغىنچىلىقلىرىنى ياراتتى. نوپۇسنىڭ قىيان تاشقىندەك ئېشىپ كېتىشى، سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئۆسۈملۈك، ھايۋان ۋە مۇز قاتلاملىرىنىڭ بۇلغىنىشى، ئاتموسفېرالىق قاتلام ۋە ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، يۇقۇملۇق ۋە ئەجەللىك كېسەللەر بىلەن زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، مىللىي ئۆچمەنلىك ياكى بىر - بىرىنى ھالاك قىلىش روھىيىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى، ئىنسانلار قەلبى ۋە ئەخلاقىدىكى چۈشكۈنلىشىش ھەرقاچانقىدىنمۇ بەتتەر، ۋەھىملىك قىرغاقتا يېقىنلاپ قالدى. ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشى جەڭ مەيدانلىرىنى 70 مىليون جەسەت بىلەن ياپتى. ناتسىستلار ۋە فاشىستلار جازا لاگېرلىرىدا 15 مىليوندىن ئارتۇق ئىنسان ئۇرۇشى سانائىتىنىڭ سىناق ماتېرىيالى بولۇپ كۆلگە ئايلاندى. جاھان ئۇرۇشلىرى سىرتىدىكى «قىسمەن ئۇرۇش» ئوچاقلىرىدا تۈتەككە ئايلانغانلار بىلەن «تىنچ كۈنلەر»دىكى لاگېر ۋە پاجىئەلەر بىلەن كۆز يۇمغانلارمۇ ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشىدا ئۆلگەنلەردىن كۆپرەك رەقەمنى ھاسىل قىلدى. تۇغۇلۇشتىكى غەيرىي نورمال نوپۇس پاجىئەسى بىلەن ئۆلۈشتىكى غەيرىي نورمال نوپۇس پاجىئەسى ئىنسانىيەتنىڭ زامانىمىزدىكى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ماھىيەتلىك زىددىيىتىنى كۆرسىتىدىغان تارىخىي مەسخىرىگە ئايلىنىپ قالدى! بۇ — سۇئىلىزاتسىيەنىڭ مىسلىسىز زور مەرسىيەسى بولدى!

مەدەنىيەتنىڭ مىسلىسىز زور زەپەر مارشى بىلەن سۇئىلىزاتسىيەنىڭ مىسلىسىز زور مەرسىيەسى — مانا بۇلار ئەسىرىمىزنىڭ خاراكتېرلىك ئالامىتى!

بۇ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

بۇ — ئىنسان ئەزىمەت ئاتوم ئادىمگە ئايلىنىش بىلەن بىللە غەيرىي ئىنسانىي ئىنسان، غەيرىي سۇئىلىزاتسىيەلىك مېخانىك گىگانت بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ! ئۇ تېلېۋىزورلاردا كۆرۈنىدىغان ئاجايىپ مەدەنىيەتلىك ئاپتوماتلىرى ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقان، بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇۋاتقان سۇئىلىزاتسىيەلىك مېڭە ۋە قەلبتىن مەھرۇم «ياۋايى ماشىنا ئادەم»نىڭ دەل ئۆزىدىن ئىبارەت!

بۇ يەنە ئىنسان بارغانسېرى «ھەقىقىي ئىنسانىي ماھىيەت»لىرىدىن ئايرىلىپ، يۇقىرى بىرىكمە مېتال مۇشت (ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى)، يۇقىرى مىقداردىكى ئالتۇن ئاچقا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئالداش ياكى بوزەك قىلىش ئىقتىدارىدىكى ئېپتىخار سەمەرلىرىنى ھېسابلايدىغان ماشىنا ۋە بۇ سەمەرلەرنى ساقلايدىغان ساندۇق، قاپ، ئامبار بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ!

بۇ يەنە ئىنساننىڭ بارغانسېرى «ئۆز» مەخپىيەتلىكلىرىدىن خەۋەرسىز، ئىنسانىي قىممەت ۋە ئىنسانىي بەخت - سائادەتتىن خەۋەرسىز قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاتالمىش «سائادەت»لىرىدە ھەقىقىي سائادەت، ئاتالمىش «مۇھەببەت»لىرىدە ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئىنسان بىر تەرەپتىن قورقۇنچلۇق جىنايى خاھىشقا شۇنچە ئەگە، بىر تەرەپتىن، ئۆزىنى بۇ جىنايى خاھىش ۋە ھالاكەتلىك ئەسەبىيلىكتىن قۇتقۇزىدىغان كونترول سىستېمىسىغا شۇنچىلىك ئىگە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ!

مانا بۇ 21 - ئەسىرگە ھامىلدار بولغان بىزنىڭ ئەسىرىمىزنىڭ گېنكولوگىيەلىك ئوبرازى.

4

ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدە ساقلانغان قورقۇنچلۇق، پاجىئەلىك زىددىيەت، ھېچكىمنىڭ شەخسەن كۆز قارىشى بولماستىن، ھەقىقىي رېئال ۋە ھەقىقىي ماھىيەتلىك پاكىت! بۇ — مۇتەپەككۇرلار، ئەربابلار، قانۇنشۇناسلار، مەنتىقلار، ئالىملار ۋە سەنئەتچىلەر ھەممىدىن ئىلگىرى ئىقرار بولۇشى لازىم بولغان ئاساسلىق چىنلىق. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولماي تۇرۇپ دەۋر ئېڭى، زامان قارىشى، تارىخىي ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە ھازىرقى زامان ئاڭلىق ئادىمى بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

مەدەنىيەت بىلەن سۇئىلىزاتسىيە ئوتتۇرىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى توپ زىددىيەتتىن ئىبارەت بولۇپ شەكىللەندى!

ئۇنداقتا مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟ سۇئىلىزاتسىيە دېگەن نېمە؟

مەلۇمكى، مەدەنىيەت (كۇلتۇرا) — ئىنساننىڭ تەبىئەتكە قاراتقان بويسۇندۇرۇش ئىقتىدار سىستېمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ ماددىنى مەقسەت قىلىدۇ، ھەممىنى ماددىي دۇنيانى

بويسۇندۇرۇش ۋاستىلىرىگە، ماددىي دۇنياغا ئىقتىدار كۆرسىتىش ۋاستىلىرىگە قاراتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي دىققەت ـ ئېتىبارى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئۇرۇش، ئۈستۈنلۈك تالىشىش ۋە رىقابەتتىكى مۇتلەق زەپەر كەلتۈرگۈچى ماددىي ۋە مالىيەلىك قۇدرەتتىن ئىبارەت. ماددىي ۋە مالىيەۋى قۇدرەت مەدەنىيەت ئۈچۈن ئۆلۈمپىك تېغىدىكى باش تەڭرى زېۋىستىن باشقا نەرسە ئەمەس.

سوتسىيالىزم ــ مۇئەييەن ماددىي مەدەنىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىنى ئىنسانىي پرىنسىپلار بويىچە ئاقىلانە باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدار سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىنسانىي، «ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىرى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭچە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋاستىلىرى ھېسابلانغان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۇنىڭ ئىلىم ۋە تېخنىكىلىق سىستېمىلىرى، ئۇنىڭ قۇدرەت ۋە بايلىق زاپاسلىرى ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ ئاقىلانە ئالاقىلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ئورتاق كامالىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. شۇ چاغدىلا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت سەمەرىلىرى ئەينىكىدە ئىنسانىيەت ماھىيەتلىرىنىڭ نۇرانە شولىسى جىلۋىلەنگەن بولىدۇ.

ھازىرقى خاۋاتىرلىنىش شۇ يەردىكى، ھازىرقى جاھان ئومۇمىي مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدە سوتسىيالىزم بىلەن كۇلتۇرا، مەقسەت بىلەن ۋاستە، مېڭە ۋە يۈرەك بىلەن قول ۋە پۇت ئۆز گارمونىيەلىكىنى يوقىتىپ قالماستىن، بەلكى ئوچۇق ۋە كەسكىن زىددىيەتلىك ھالەتكە چۈشكەن. ئىنسانىيەت تەقدىرى خۇددى دارغا ھەيدىلىپ كېتىۋاتقان سوقرات ھەكىمدەك ۋاپاسىز ئافىنا قىلچىۋازلىرىنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ قالغان!

5

كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەيدانغا كەلگەن ۋە يېڭىچە، غەربچە دەپ ئاتالغان ھەر خىل كىتاب ـ بىراشورىلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا ئاتالمىش شەخسنىڭ رىقابەتلىك دۇنيادا «ئۆزىنى كۆچەيتىش» توغرىسىدىكى ئاڭ ۋە ماھارەتلىرى تەرغىب قىلىنغان. ئۇلاردا ئاللىقانداقتۇ سودا ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، مۇناسىۋەتشۇناسلىقتا چەبدەس بولۇش، سۆزدە كۆڭۈلنى تىزگىنلىۋېلىش، ھۆسن گۈزەللىكىدىن قىممەت پەيدا قىلىش، چىدام ـ تاقەت بىلەن ھىيلىگەر رەقىبنى چەيلىۋېتىش قاتارلىقلار خۇددى بالېت مەشقى دەرسلىكلىرىدەك بايان قىلىنغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر بىر كىشىنى قاپلىق قولۇلىغا، تاقابىلچان بىرونېۋېك ماشىنىغا (جۇاڭجياچې)، نىقابلانغان كىشىگە ئايلانماستىن

تۇرۇپ، بۇ رىقابەتچان جەڭگاھتا ھالال ۋە ئوچۇق ـ يورۇق ياشىغلى بولمايدۇ، دېگەن ئالەمشۇمۇل تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق تەجرىبىلىرىدىن ئۇچۇر يەتكۈزمەكتە. قوۋم خالتىلىرىنى مۇشتلاش، جانبازلىقنى مودا قىلىش، تۈركۈم بولۇپ ياشاش پسىخكىسى باش كۆتۈرمەكتە. ئىنساننىڭ «ئىنسانغا خاس ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» ئورنىغا ئۆزىنى قاپلىۋېلىش، «ئۆزىنى كۆچەيتىش» زۆرۈرىيەتلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. زېھىن ئايروپىلانىمىز خەتەرگە يولۇقۇۋاتامدۇ نېمە، ھەممە ئادەم «قوتۇلۇش كېمىلىرى» بىلەن ئۆزىنى كۆچەيتىش كويىغا چۈشۈپ قالدى؟! تولىمۇ ئاز مۇئەللىپلەرنى ھېسابلىمىغاندا، خېلىلا بىر تۈركۈم ئاپتورلىرىمىز ئىنسانىيەتتىكى كۇلتۇرا ۋە سوتسىيالىزم سوقۇلۇشلىرى پەيدا بولغان روھىي ھودۇقۇشلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەيلىچە بولمىغۇر ئەسەرلەر يېزىپ «ئۆزىنى كۆچەيتمەكتە»!

دەرىجىدىن تاشقىرى ئۆزىنى كۆچەيتكەن مىليونېر بايلارنىڭ قەلبى، خىيالى، مۇھاكىمىلىرى، ھېسسىيات ۋە مۇھەببەت ـ نەپرەتلىرى ئاللىقاچان تەڭرى ياراتقان «ئادەم» ۋە «ھاۋا» ئەۋلادلىرىنىڭ «ئىنسانغا خاس ھەقىقىي ماھىيەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» تېپىدىن چىقىپ، مەدەنىيەت (كۇلتۇرا) مۆجىزىلىرى ياراتقان، پۇل، شۆھرەت، ئىمتىياز ئۈستۈنلۈكىدىن بىر كېچىدىلا سەرگەردانلىق كوچىسىغا ئىرغىتىلىپ تاشلىنىش خەۋپىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆز ئەندىشىلىرىدىكى رېئاللىققا ئۆز رىقابەتدىشىنى دۇچار قىلىش كويىدا يۈرگەن «ئۆزىنى كۆچەيتكەن» زوراۋان ئادەم تېپىدىكى قەلب، خىيال، مۇھاكىمە، ھېسسىيات ۋە مۇھەببەت ـ نەپرەتكە ئايلىنىپ قالدى. ماگارىد خېنتىر خېنىمدەك ۋەيران بولغان ئىنسىغا ئاز ـ تولا ياردەم بېرىشنى رەت قىلغان نەچچە 10 مىليارد دوللارلىق بايلارنىڭ قەلبى، ھەتتا تېنى بىر تىيىن كېمەيسە ئۆز ئىسترېلكىسىنى تىترىتىدىغان ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن تاش ئۆپكە كېسىلىگە دۇچار بولۇپ قېتىشقا باشلىغان سېمونت قۇيمىدىنمۇ بەختسىز، تەنھا ۋە مەنىسىزلىشىپ كەتتى! كونا ئەپسانىلەردىكىدەك شۇئىقەدرى كېچىسى پۈتۈن ئۆي ـ بىساتى، باغ ـ ئورمانلىرىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغىمۇ قانماستىن ئاشىقنى ۋە ئۆزىنىمۇ ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغان ئادەمدىن، نىسپىي مەندە بولسىمۇ، سەرسانلىق دالاسىدا دۈم يېتىپ بولاق سۈيى ئىچىۋاتقان سەرگەردان بەختلىك ئەمەسمۇ؟!

ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى كېلىشمەسلىك داۋام قىلىۋېرىدىغان بولسا، مىليونېرلارغا ئوخشاشلا نامراتلارمۇ بەختسىزلىك مۇپتىلاسىغا بەنت بولىدۇ. ئۇلارمۇ مىليونېرلار دىۋانە بولۇپ چۈشەپ قالغانلىرىغا ئەندىكىپ بارغانسېرى جىنا ـ

يەت بەدىلىگە ئۆزىنى كۆچەيتكىنىدەك، مىليونېرلارنىڭ ئەكسى-چە ئۆزىنى بايلىق تەختىدە چۈشەپ، بايلىق مۇمكىنلىكلىرىگە كۆزى قىزىرىپ، يەنىلا ھېلىقى جىنايەت ھېسابىغا ئۆزىنى كۆ-چەيتىشكە ئۇرۇنىدۇ. مېنىڭ دەۋاتقانلىرىم چۈشەكەشنى مىسال قىلغان ۋە مىڭ - مىڭلىغان ساقچىلارنىڭ بېشىنى قېتىق قىلىۋات-قان چىنلىق! ناھايىتى نۇرغۇن يازغۇچىلار پەقەت ئۇنىڭ ناھايە-تى ئازغىنە بىر قىسمىنى «ھېكايىنىڭ باشلىنىشى»دىن «ھېكايە-نىڭ ئاخىرلىششى»غىچە يېزىشتى، ئەمما بۇ ھېكايە ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتىدۇ!

مانا، تەڭرى ياراتقان «ئادەم» بىلەن «ھاۋا» ئەۋلادلى-رىنىڭ رىيالىلىقى! ئۇلارنىڭ سۆيۈشۈشى خۇددى ئىككى تىللا-نىڭ بىر - بىرىگە شولا تاشلاپ قوشۇلۇشلىرىغا، قايغۇ ياكى شادلىقلىرى تىللاۋاليونتىنىڭ كىرىم - چىقىم دەپتىرىدىكى تەق-دىرىگە ئوخشاپ قالغان! كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى «جەننەت» بىلەن «جەھەننەم» ئەپسانىلىرى ساۋاب بىلەن گۇناھنىڭ بەدىلى ئەمەس، بەلكى دوللار ۋە ئۇنى تۇغدۇرغان ۋاستىلىرىنىڭ قانداق قۇتۇپلىشىشىنى كۆرسەتكۈچى ئالامەت تو-سنى ئالغان!

«ئىنسان قىممىتى»، «ئەركىنلىك سىمفونىيەسى» توغرى-سىدا چۇقان كۆتۈرۈۋاتقان مەملىكەتلەردە پىكاپقا چۈشۈۋې-لىپ تۆكۈلۈۋاتقان ھايات چېچەكلىرىگە قاراپ قەلب بۇلغىنىش-لىرىنىڭ قانداق دەرىجىگە يەتكەنلىكىدىن سەسكىنىمىز، بۇنىڭ-دىن تەخمىنەن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى غار ۋە قىيا سۈرەتلىرى، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ھەققىدىكى بىر - بىرىگە زىت قاراشلار-دىن جاق تويغان كوندراسوسىن ناملىق ئالىم شىمالىي قۇتۇپ-تىكى ئىگىلىر دېگەن جايدا ياشايدىغان ئېسكىمسلار ئارىسىغا بېرىپ، بىر ئىپتىدائىي ئوۋچى بىلەن سۆزلەشكەنلىرىنى 1921 - يىلى «ئىگىلىرلىق ئېسكىمسلار» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق ئېلان قىلغانىدى. ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي ئوۋچى: دۇنيادا بىرەر تىرىك جاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۆشىنى ئوزۇق قىلىشتىنمۇ ئەندىشىلىك ھادىسە يوق. ھايۋان گۆشىنى ئوزۇق قىلغان بىلەن ئۇنىڭ روھى (ئەرۋاھى) ئۆلمەيدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن ئو-نىڭغا خەتەر يەتكۈزىدىغان يىرتقۇچ ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ قۇر-بانلىق مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوۋ قىلىنىدىغان ھايۋانلار روھىيتىنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا، دوستانىلىقىغا ئېرىشىشكە توغرا كېلىدۇ. شامان - باخشىلار ئەلچىلىكىدە شۇنداق مۇرا-سىم بەجا كەلتۈرىمىز دېگەن. مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا «ياۋايىلىق» كاتېگورىيەسى بىلەن تىلغا ئالغان بۇ «ۋارۋار» (نادان، جاھىل) ئىپتىدائىي ئادەم بىلەن ھازىرقى مەدەنىيەتلىك ئاتوم ئادىمىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلىچۇ!

ئىنسان ئۆز - ئۆزىنى نەقەدەر يوقىتىپ قويغان، ھە! ئىنسان قۇلدارلار، زېمىندارلار، كاپىتال ئىگىلىرى قولىدا «ياتلاش-قان»دىن تاشقىرى ئۆزى ياراتقان مەدەنىيەت ئىقتىدارى بىلەن بايلىق جۇغلانمىلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدىمۇ «ياتلىشىش» تارت-خىنى بېشىدىن كەچۈرەرمۇ ؟

6

مەقسەت بىلەن ۋاستە تولىمۇ قەدىمكى تېما ئىدى. گاھ-دا ئۇ خىرىستىيان روھانىيلىرى تەرىپىدىن تەڭرىنىڭ ئالەم يا-رىتىش مەقسەتدارلىقى نەزەرىيەسى («تېلېئولوگىيە») تەرىزىدە بولۇقتۇر مىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ئۇ ياراتقان مۇھىت، مەدەنىيەت ۋاستىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغانىدى. مەدرىسە پەلسەپىسى تەرەپدارلى-رى ئىلاھىي مەقسەتدارلىقنى تەرغىب قىلىشىپ، 1000 يىللارنى «چاشقان تۇتىمىغان تاختىمۇشۇك»تەك ئۆتكۈزۈۋەتتى!

كۆڭزى ئەڭ دەسلەپتىلا ئىنسان ئىنسانلىق ئۈچۈن دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ چۈنچيۇ - جەنگو دەۋرىدىكى غەيرىي ئىنسانىي قىرغىنچىلىقلار،ئالدام ۋە ساتقىن-لىقلاردىن سەسكەنگەنىدى. «ئۆزۈڭنى تىزگىنلە، ئەدەپنى جارى قىل، كامىل ئىنسان بول» ، «پايدا كۆرگەندە ئىنساپ-نى ئويلا!» بۇ ئۇنىڭ نىچاغلاردىكى دەۋىتى ئىدى. ئەمما، قۇلدارلار بىلەن فېئوداللار كۆڭزىنى ئۆز دەۋرلىرى بوياقلى-رى بىلەن بوياپ، ئۇنىڭ غەيرىي دىنىي ئىنسانپەرۋەر قاراشلى-رىنى پۇچەكلەشتۈرۈۋەتتى. ساكيامونى ئۆز ئىدىيەسىدىكى تە-راگېدىك پىكىر ئامىللىرىنى بۇددىزم شەكلىدە سىستېمىلاشتۇ-رۇپ، ئىنسان ئازابلىرىنىڭ مەنبەسى ئىنساننىڭ ئاساسىي سېز-گۈلىرى بىلەن ئاساسىي ھاجەتلىرى دېگەن قاراشقا كەلدى. رەڭ، ئاۋاز، تەم، خۇش پۇراق، تېرە سېزىمى ئىنسان ئازابى-نىڭ بەش مەنبەسى سۈپىتىدە تەقىب قىلىندى. ئۇمىد ئۈلگەن-دىن كېيىنكى «نىرۋانا» راھەت دەرگاھىغا قارىتىلدى! ئىسلام سوپىزمى مەجنۇنلارچە بولسىمۇ، ئىنسانىي تەڭرى بىلەن بىر-لەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىنساننىڭ ئىلاھىي مەقسەتدارلىق دەرى-جىسىدىن بەھرىمەن بولۇشى توغرىسىدا قىزغىن پىداكارلىق نەمۇنىلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇلارمۇ مەنسۇر ھەللاج بىلەن بابا-رەھىم مەشرەبتەك دار ياغىچى ئۈستىدىلا تەڭرى بىلەن قوشۇ-لالىدى! فارابىنىڭ گىرېك پەلسەپىسى تەسىرىدە بىلىم ۋە بەخت قاراشلىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادالەتلىك قانۇن ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەش («قانائەت») بىلەن تولۇقلاپ، مەدەنىيەت بىلەن سۈيلىزاتسىيە چۈشەنچىلىرىنىڭ بىر - بىرىنى تەقەززا قى-لىدىغانلىقىنى ئوتتۇرا ئەسىر سەۋىيەسىدە بولسىمۇ فورمۇلاش-تۇردى. ئىسلام مۇتەللىزمچىلىرى، ياۋروپا راتسىئونالىستلىرى

ئىنساننى ھەممىنىڭ مەركىزى، ئىنسان ئەقلىنى ھەممىنىڭ ئۆل-
چىمى دېيىشتى. فېيېرباخ ئانتروپولوگزمى مۇنداق راستىئونا-
لىزملىق چۈشەنچىلەرنى خرىستىيان ئىلاھىيەتچىلىرىگە قارشى
تەبىئەت پەلسەپىسى كالتىكىگە ئايلاندۇرۇپ، ھازىرقى كۈندە
بىزنىڭ ئىجادىيەت ئىستىكىمىزگە جاۋاب بېرەلمەي گۆشىيىپ
تۇرىدىغان ئارخىپقا ئايلاندۇرۇپ قويدى! ئېھتىمال بۇ يالقۇن-
لۇق پەيلاسوپ ھېلمۇ ھايات بولغىنىدا، ئۇ تەشەببۇس قىلغان
ئوچۇق - ئاشكارا ۋە قىپيالىڭاچ «مۇھەببەت»نىڭ قانداق تا-
رىخىي كاتېگورىيە بولۇپ قالغانلىقىدىن چىرقىرىۋەتكەن
بولاتتى!

ئۇنىڭدىن ئانچە ئۇتمەي بىر ياش يەھۇدى يىگىتى كارل
ماركس « 1844 - يىلقى ئىقتىسادشۇناسلىق — پەلسەپە خاتى-
رىلىرى» ناملىق ئۆگىنىش دەپتىرىدە «ئىنساننىڭ ھەقىقىي ما-
ھىيىتى» ۋە «ياتلاشقان ئىنسان»دىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم
كاتېگورىيەنى تىلغا ئالدى. ئارقىدىنلا ئۇ ئەينى زامان ئىقتىسا-
دىي تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت — ئىشلەپچىقىرىش-
نىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن ئىگىدارچىلىقنىڭ كاپىتالىستىك خۇ-
سۇسىيلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تۇتقا قىلىپ، ئىلمىي
سوتسىيالىزم پىرىنسىپلىرىنى ئىجاد قىلدى. بۇ تەلىمات ئىنساني-
يەت بىلىش تارىخى ۋە ئازادلىق كۈرەشلىرى تارىخىدا يېڭى
ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى
بىلىش ۋە ياتلاشقان ئىنساننى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىلىرى-
گە ئىگە قىلىش يولىدىكى ئىزدىنىش تارىخى يېڭى نەزەرىيە-
ۋى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۆتكەن بىر يېرىم
ئەسىرلىك ۋاقىت ئىچىدە، بولۇپمۇ يېقىنقى 70 نەچچە يىل ئى-
چىدە گەرچە بىزنىڭ بىلىش ۋە ئەمەلىيىتىمىز ئېغىر سەۋەنلىك-
لەر بىلەن بوغۇپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئىلمىي سوتسىيالىزم ئۆ-
زىنىڭ يېڭىلىقى، ئەۋزەللىكى ۋە ھاياتىي كۈچىنى كۆرسەتتى.
ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ تىنچ رىقابەت
ۋە ئۇرۇش دەھشەتلىرى ئىچىدە داۋاملىق ساقلىنىپ ۋە را-
ۋاجلىنىپ بارالىغانلىقىدىن ئىبارەت بولدى.

## 7

بىز ئادەتتە سوتسىيالىزم چۈشەنچىسىنى سوتسىيالىستىك
مەملىكەتلەر ئىبارىسى بىلەن، كاپىتالىزم چۈشەنچىسىنى كاپىتا-
لىستىك مەملىكەتلەر ئىبارىسى بىلەن تەڭداش كاتېگورىيە دەپ
قاراپ مەنتىقىي ئېنىقسىزلىقلار ۋە بىلىش خاتالىقلىرىغا يول
ئېچىپ قويىمىز. نەتىجىدە كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردىكى پەن -
تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ئالللىقانداقتۇر كاپىتالىزمنىڭ خاس ئالامىتى
ۋە ئۇنىڭ سوتسىيالىزمغا نىسبەتەن ئەۋزەللىكى بولۇپ قالىدۇ.
يېقىنقى يېرىم ئەسىر ئىچىدە، پائالىيەت ئېلىپ بارغان بەزى
ماركسىزمچىلارمۇ كارل ماركسنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزم
ئورنىنى مۇقەررەر ئىگىلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي يە-
كۈنى ھەرگىزمۇ پەن - تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە
ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئىگىدارچىلىق
مەركەز قىلىنغان كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە قا-
رىتىلغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقان. ھەقىقىي تارىخىي
ماتېرىيالىزمچىلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن پەن - تېخ-
نىكىنىڭ ئومۇم ئىنسانىيەت خاراكتېرلىك، ئىزچىل بىلىش خا-
راكتېرلىك، پائالىيەتچان خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئىقتىدارى
ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىل-
گىرىكى، ھەتتا باشلانغۇچ دەرىجىلىرى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ،
كامالەت قاتلىمى ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. كاپىتالىس-
تىك مەملىكەتلەردە يېڭى نەتىجىلەرنى كۆرسەتكەن بۇ مەدەنى-
يەت گەرچە كاپىتالىزمغا خاس ئىگىدارچىلىق تۈپەيلى، جۈملە-
دىن كاپىتالىستىك مەنپەئەتدارلىق تۈپەيلى، سوتسىيالىزاتسىيەگە
زىت جىنايى ۋاستىلىك رولىنى ئۆتىسىمۇ، ئۇ يەنىلا مۇئەييەن
ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر فورماتسىيەسى سىرتىدا تارىختا
ياشاپ، تارىختا ھالاك بولىدىغان كاپىتالىزمغا خاس نەرسە
ئەمەس. ئۇ بەرىبىر يېڭى ئويغانغان ئاڭ ۋە سوتسىيالىزاتسىيە
كۈچلىرى بىلەن بىللە ئۆزىنى تىزگىنلىۋالغان قارا ئېبلىسنى لە-
ھەتكە ئىنتىرىدۇ.

ئېغىر سەۋەنلىكلىرىمىزنىڭ بىرى مانا شۇ: بىز ئۆلىدىغان
ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت كاتېگورىيەسى بىلەن ئۆلمەس ئىشلەپ-
چىقىرىش كۈچلىرى ۋە پەن - تېخنىكىنى پەرقلەندۇرمەي بىر
قاتار مېتافىزىك، قاتاللىق، چەتكە قېقىش، بىكىنمىچىلىك خۇي -
پەيلىنى خېلى ئۇزاق ئىشقا سېلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىك-
تىكى مۇمكىنلىكلىرىنى چۈشەپ قويدۇق. بىر دەۋر كىشىلىرى-
دە سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئۆز ماھىيەتلىرىنىڭ ئەكسىدى-
كى ئوبراز بىلەن ئىدىيە چۈكمىسى ھاسىل قىلىپ قالدى. بۇ-
نىڭدىن سوتسىيالىزم دۈشمەنلىرى ئىككى تۈرلۈك قورال سۇ-
پىتىدە پايدىلىنىشنى ئۇنتۇمىدى! ئۇنىڭ بىرى، ئۇلار بىزنىڭ
قاتمال قاراشلىرىمىز ۋە ئىشىك تاقىۋالغانلىقىمىز ئېغىرلاشقان
يىللاردا پەن - تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ساھەسى-
دە يېڭى بۆسۈشلەرگە يول قويدى. ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك
مەدەنىيەت بازىسىنى كۈچەيتىۋالدى. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى،
ئۇلار بىزدىكى نەزەرىيەۋى قالايمىقانچىلىق ۋە پەن - تېخنى-
كىدىكى يېڭى ئەھۋالدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ «كا-
پىتالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى» پىكىر ئېقىمىنى پەيدا قىلدى!

بىز يەنە ئىككىنچى خاتالىق ئۆتكۈزدۇق! سوتسىيالىزم —
كوممۇنىزمنىڭ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت - سائادىتىنى مەقسەت

قىلىدىغان قۇدرەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە پەن ـ تېخنىكىنى ۋاستە قىلغان يېڭىچە سىۋىلىزاتسىيە تىپى ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئىنساننى «ياتلىشىش»دىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئۇزاققىچە توغرا بىلەلمىدۇق. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتى مەقسەت قىلىنىش ئورنىغا، مۇنداق توغرا قاراش تەقىب قىلىنىدىغان، ھاكىمىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ۋاستىلىرى ئەڭ يۇقىرى مەقسەت ئورنىغا كۆتۈرۈلىدىغان، ئىنساننى ئۆتمۈشتە شەكىللەنگەن «ياتلىشىش» تىن قۇتۇلدۇرۇپ، كوممۇنىستىك ئىنسانپەرۋەرلىكنى جارى قىلىش توغرىسىدىكى يۈكسەك قاراشلار بۇرژۇئازىيە قاراشلىرى دېگەن ناتوغرا نام ئاستىدا تەنقىدلىنىدىغان سەۋەنلىكلەر ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈز بەرگەن سوتسىيالىزم ماھىيەتلىرىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان كىشىنى چۆچۈتىدىغان سولچىل پاجىئەلەر يۈز بەردى. بۇ خىل سوتسىيالىزم بىلەن سىۋىلىزاتسىيەسىنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇپ، سوتسىيالىزمنى ئىنساننىڭ رېئال دۇنيادىكى «ياتلاشقان» قىممەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۇنىڭ «ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان» تارىخىي جەريان دەپ قارىمايدىغان خاتا قاراش ۋە پائالىيەتتىن ئىككى ناچار نەتىجە كېلىپ چىقتى، ئۇنىڭ بىرى، بىز ماركسىزمدىن ئىبارەت بۇ پەننى سولچىل قاراشلار ئاسارىتىگە بەنت قىلىپ قويدۇق. ئۇنى «غەيرىي ئىنسانىي» تەلىمات قىلىشقا ئۇرۇندۇق. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، سوتسىيالىزم دۈشمەنلىرى ئاللىقانداقتۇر «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك»، «ئىنسانپەرۋەرلىك» تۇغىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنى ھەم مەدەنىيەت، ھەم سىۋىلىزاتسىيە ھامىيلىرى قىلىپ دەبدەبە قىلىشتى. بۇ تۈپكى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنىۋېتىلگەن قاراش ھەل قىلىنمايدىكەن، ھازىرقى زاماندىكى ئىدېئولوگىيە مەركەز قىلىنغان «جاھان ئۇرۇشى»دا ھەق ـ ناھەق مەنزىرىسى قالايمىقانلىشىپ، كىشىلەر قەلبى تۇيۇق يولغا كىرىپ كېتىدۇ.

بىز يەنە ئۈچىنچى خاتالىقنىمۇ سادىر قىلدۇق. سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ سىياسىي ئويغىتىش ۋە سىياسىي ۋاستىلەر بىلەن بىر ياكى بىر قاتار مەملىكەتلەردە، ھەتتا ئاھالىنىڭ ئاساسىي نوپۇسىنى ئۇششاق دېھقانلار تەشكىل قىلىدىغان مەملىكەتلەردە غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى مۇمكىنلىك بىلەن بىر ياكى بىر قاتار مەملىكەتلەردە سىياسىي ياكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى رولىغا يۆلىنىپلا كوممۇنىستىك جەمئىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنلىكىنى بىر سىزىقتا تەسەۋۋۇر قىلدۇق. بىز ئىنسانىيەت غايەت راۋاجلانغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن ئايرىلمىغان ۋە ئۇنى ماددىي ئۇل قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەنلا ئەمەس، يەنە ئىنسانىيەتنى بارلىق «ياتلاشتۇرغان» كىشەنلەردىن تولۇق ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭ نۇرانە، ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئۇنىڭ ماددىي مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى ئەينىكىدە جىلۋىلەندۈرىدىغان يېڭىچە سىۋىلىزاتسىيەلىك ئىجتىمائىي گارمونىيە مەيدانىغا كەلگەندىلا ئاندىن كوممۇنىزم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدۇق. تەبىئىيكى بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بىر گەۋدە قىلغان ئۇلۇغۋار، مۈشكۈل ۋە مۇقەررەر تارىخىي بىناكارلىق ئىدى! ھېلىمۇ بۇ نۇقتىنى ئاڭقىرالماي، يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارغا غەلىتە ھېسسىيات بىلەن قارايدىغان ئاق دىل، ساددا پىكىرلىك دوستلىرىمىز خېلى بار. كوممۇنىزم شۇنداق يۇقىرى مەدەنىيەت ۋە سىۋىلىزاتسىيە گارمونىيەلەشكەن مەلەكەكى، «ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا، ھەركىم ئېھتىياجىغا قاراپ» دېگەن تەقسىمات پرىنسىپى ئۇنىڭ بىر ئىپادىلىنىش شەكلىدىنلا، باشقىچە ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئوبيېكتلىرىنىڭ سىۋىلىزاتسىيە سۇبيېكتلىرىگە خىزمەت قىلىشتىكى شەكلىدىنلا ئىبارەت.

## 8

20 ـ ئەسىر كېيىنكى چارىكىگە كىرگەندىن باشلاپ، پىلانېتىمىزنىڭ مەيلى شەرقىي قىسمىدا ياكى غەربىي قىسمىدا بولسۇن، يېڭى مەنىۋى ئىزدىنىش، يېڭى سىۋىلىزاتسىيەلىك ئاڭ، يېڭى بىر گەۋدىلىك سۇبيېكت ئويغىنىش، يېڭى مۇجەسسەم تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىن كۆرەر مۇنەۋۋەر كىشىلىرى يۇقىرى قاتلاملىق پىكىر ئۆركىشى شەكىللەندۈرۈشكە كىرىشتى. ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلەش خاراكتېرلىك، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتى مەقسەت مەركىزى قىلىنغان يېڭىچە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى يالقۇنلۇق سادالار ياڭراشقا تۇردى. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى قايتا بايقىۋېلىش يولىدىكى تارىخىي جاسارىتىنى نامايەندە قىلدى. بۇ پىلانېتىمىز رەھىمسىز ئاتوم مۇشتۇمى، مۇھىت بۇلغىنىشى، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، رىقابەت نەيرەڭلىرى بىلەن قاتماللىق، بېكىنمىچىلىك ۋە نادانلىق پەيدا قىلغان مۇرەككەپ تەرسالىقلارنىڭ جەمغىرلىنىشى ئىچىدە خۇددى ھايات مۇمكىنلىكلىرىدىن مەھرۇم بولغان تاشلاندۇق ئەخلەت دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقى ئالدىدىكى ئىجادىيەت نۇرى سۈپىتىدە جىلۋىلىنىپ قالدى. ھالاكەتكە مەھكۇم چىرىگەن كۈچلەر قانچىلىك دەبدەبىلىك قىلىشمىسۇن، بۇ سادا ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىچىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت رېئاللىقى سەھنىسىدە بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى.

شەرق سوتسىيالىزمى دۇنياسىدا قانداق ئەگرى ـ توقاي-

لىقلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سوتسىيالىزم بىلەن ئىنسانىيەت بىر گەۋدە قىلىنغان قايتا تونۇش، پائال ئىسلاھات ۋە مەدەنىيەت بىلەن سۋىلىزاتسىيەنى قايتا بىللە قۇرۇش بىناكارلىقى باشلىنىپ كەتتى. بۇ سوتسىيالىزم بىلەن پەن - تېخنىكا ۋە يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى بىر - بىرىدىن جۇدا قىلغان ئۆتمۈشكە خاتىمە بېرىپلا قالماستىن، يەنە ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۋىلىزاتسىيەنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكەن ئۆتمۈشكىمۇ خاتىمە بېرىدۇ.

غەرب كاپىتالىزم دۇنياسىدا، خۇددى، بۇ قېتىم مەن بىلەن «كۆڭۈل خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتناشقان ئامېرىكا ئالىمى ئوبېلان تىلغا ئالغاندەك: جىنايەتكە يۈزلەنگەن ئاتوم گىگانتىنى سۋىلىزاتسىيە بىلەن قۇتقۇلدۇرۇش، ئۇنىڭ ئىپتىداسى سۈپىتىدە شەرق ئەللىرىدىكى، بولۇپمۇ جۇڭگودىكى «ئۆزۈڭنى تىزگىنلە، ئەدەپنى جارى قىل»، «پايدا كۆرگەندە ئىنسابنى ئويلا» قاتارلىق «ئەنئەنىۋى سۋىلىزاتسىيە»لىك قاراشلارنى ھازىرقى زامان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، غەرب دۇنياسىدا تەشۋىق قىلىش سىياقىدىكى تەشەببۇسلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. سۋىلىزاتسىيەسىز مەدەنىيەت جىنايەتكە خىزمەت قىلىدىغان مەدەنىيەت، مەدەنىيەتسىز سۋىلىزاتسىيە، خىيالىي سۋىلىزاتسىيە، دېگەن قاراش ھازىرقى زامان ئېڭىنىڭ يېڭى قاتلىمىنى تەشكىل قىلىشقا باشلىدى. بۇنداق يېڭى يۈكسەكلىكتىكى ھازىرقى زامان ئېڭى ئالدىدا تاۋار ۋە رىقابەت، شەخسنىڭ قىممىتى ۋە ئۆزىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئاڭ كۆرۈنۈشلىرى ئۆزىنىڭ تۆۋەن قاتلامدا تۇرىدىغانلىقىنى، مەلۇم مەنىدە، كاپىتالىستىك ئاڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرىدىغان ئاڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئاجايىپ مۇرەككەپ مىقدار فوندىلىرىنى يېشەلەيدىغان، ئەمما ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش تەڭلىمەسىدىن خەۋەرسىز ماتېماتىك بىلەن كۆپ رەقەملىك ئىختىرا مۇكاپاتى بەدىلىگە زېمىن پلانېتىسىنىڭ بىيولوگىيەلىك ئىقتىدارىنى بۇلغاۋاتقان خىمىك ۋە فىزىك، شۇنىڭدەك مۇشۇ باش قېتىمچىلىقىدىن خەۋەرسىز ھالدا سېرىق جىنسىي لەززەت تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى يېزىۋاتقان يازغۇچى توغرىسىدا، جۈملىدىن تارىخ مەنتىقىسىنى ئۇنتۇغان ئاتالمىش «ئومۇمىيۈزلۈك غەربلىشىش» تەرەپدارلىرى توغرىسىدا نېمىلەرنى دېيىش كېرەككى تاڭ!

## 9

ماقالەمنى مۇنداق ھېكايە بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن.

گاگارىن ھەيدىگەن ئالەم كېمىسى ئاخىرقى قېتىم ھازىرقى زامان ئادىمىگە خاس شۇنداق مەغرۇرلۇق بىلەن يېشىل زېمىنغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا، زېمىنغا قونۇش ئالدىدا ئالەم كېمىسىدىكى مۇھىم كاشىلىنى كېچىكىپ بايقاپ قالدى. ئۇ خۇددىنى يىغىپ كاشىلىنى تۈزەپ ئۈلگۈرۈش پۇرسىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ئىدى. شۇنداق قىلىپ پىلانېتىمىزنىڭ بۇ كىچىك «سەييارە»سى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئەزىمەت يىگىتنى قوشۇپ بىردىنلا ھالاك بولدى.

نوھ پەيغەمبەرمۇ ياغاچ كېمە بىلەن توپان بالاسىدا جاھان كېزىشكە مەجبۇر بولغانىدى. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ سۇ يۈزىدىكى «ئالەم كېمىسى»گە ئىپتىدائىي ئادەمگە خاس ئېھتىياتچان تەسەۋۋۇر بىلەن ئىنسان ۋە ھايۋان تۈرلىرىدىن بىر جۈپتىن سېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمىغان ۋە شۇ قېتىمقى ئالەمشۇمۇل بىيولوگىيەلىك ھالاكەتتىن كېيىنكى يېڭى ھايات چېچەكلىرىنىڭ «ئادەم»دىن كېيىنكى ئىككىنچى ئاتىسى بولۇپ قالغان.

ئىنسانىيەت ئۆز - ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئالتۇن، ھوقۇق ۋە چاكىنا شۆھرەتنىڭ سۆزلەيدىغان قورالىغا ئايلىنىشى، ئاقىۋەتتە ئانا پىلانېتىمىزنى ئالەم مۇز دەرياسىغا غەرق قىلىش يولىدا يېڭىدىن - يېڭى ئەسەبىيلىكلەر كۆتۈرۈشى لازىممۇ ياكى زىددىيەت ۋە بۇزۇلۇشقا تولۇۋاتقان بۇ «ئالەم كېمە»مىزنى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي بەخت - سائادىتى ئۆز روخسارىنى نامايەندە قىلغان ۋە ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق ئىقتىدار ۋە بايلىقلارنى ئىنسانىيەتكە مۇتلەق خىزمەت قىلدۇرغان نۇرانە كەلگۈسىگە يېتەكلىشىمىز لازىممۇ؟ بۇ ھازىرقى زامان ئادىمىنىڭ ئېلېمېنتلار تەپەككۇر تېمىسى!

ئىنسانىيەت ئىلگىرىلەيدۇ! پەقەت ھەم ماددىي مەدەنىيەتنىڭ شاھزادىسى، ھەم سۋىلىزاتسىيە «مەنىۋى مەدەنىيەت»نىڭ مەلىكىسىنى بىر - بىرىگە پائال بىرلەشتۈرەلىگەن سوتسىيالىزملا، پەقەت ھازىرقى زامان كاپىتالىزمى دەبدەبە قىلىۋاتقان، ئەمما تۈپ ماھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ چىرىگەن ماھىيىتىگە زىت بولغان ئىلىم - پەن ھەم ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىكنى بىر - بىرىگە قوشالىغان سوتسىيالىزملا ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدى ۋە ئىقبالىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئىنسانىيەت جەڭ قىلىدۇ! بۇنىڭ ئەمدىكى ئاساسىي جەڭگاھى ئىدېئولوگىيەدە، كۆرۈنمەس فرونتتا!


1989 - يىل 19 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

---

بۇ ماقالە ئالىمىمىز ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 1990 - يىل 3 - سان (ئومۇمىي 184 - سان) ىدىن كۆچۈرۈپ قايتا بېسىلدى

# مىڭئۆيلەردىكى مەدەنىيەتلىرىمىز

ئوبۇل مۇھەممەد ئېلى



## 1. يىپەك يولى ۋە مىڭئۆي

2014 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، قاتارنىڭ دوها شەھىرىدە ئېچىلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مەدەنىيەت مائارىپ مەھكىمىسى (UNESCO) ئۇيۇشتۇرغان 38 ـ قېتىملىق دۇنيا مىراسلىرى يىغىنىدا، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاۋاز بېرىشى بىلەن جۇڭگو، قازاقىستان، قىرغىزىستان بىرلىشىپ يوللىغان يىپەك يولى (ئىلتىماس قىلغان نامى: يىپەك يولى ــ چاڭئەن ۋە تەڭرىتاغ كارىدورىدىكى يول تورى. (Silk Road :Chang an and Tianshan Carridor) دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى دەپ ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى دۇنياۋى مىراسلارنىڭ سانى 1000 غا يەتكەن (مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار). يىپەك يولىنىڭ بۇ قېتىم يوللانغان قىسمىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5000 كىلومېتىر بولۇپ، دۆلىتىمىزدىن 22 ئورۇن، قازاقىستاندىن سەككىز ئورۇن، قىرغىزىستاندىن ئۈچ ئورۇن جەمئىي 33 ئورۇن تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە رايونىمىزدىن ئالتە ئورۇن بولۇپ، قىزىل مىڭئۆي باشچىلىقىدىكى يارغول قەدىمكى شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى، سۇ بېشى بۇددا ئىمارەتلىرى (ساڭرامىلار) خارابىسى، قىزىل قاغا تۇرى ۋە بەشبالىق قەدىمكى شەھىرىدىن ئىبارەت. دىيارىمىزدىكى بۇ ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى تولىمۇ قۇتلۇق ئىش بولۇپ، 1976 ـ يىلى باشلانغان بۇ دۇنياۋى مەدەنىيەت «ھارۋىسى»غا بىز 38 يىل كېيىن سانى 1000 غا يەتكەندە چىقالىغانىدۇق. دىيارىمىزدىكى ئالتە ئورۇننىڭ تارىخىي قىممىتىنى ئانالىز قىلساق، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان بۇ تەۋەررۇكلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ تىپىك مەھسۇلى ئىدى. مەسىلەن: قىزىل مىڭئۆيلىرىمىز بۇنىڭدىن 1700 يىللار ئىلگىرى ئۇيغۇر بۇددىزىم مەدەنىيىتىدىكى بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، گۈزەل سەنئەتنىڭ دۇردانىسى بولسا، يارغول قەدىمىي شەھىرى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تۇپا قۇرۇلمىلىق ئىمارەت توپى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە شەھەر، ئۇيغۇر شەھەر قۇرۇلۇشى، شەھەر پىلانلاش، ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى ئىدى. تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى بولسا ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ شەھەر خارابىسى ئىدى. جىمساردىكى بەشبالىق

ئالىقىنىمىزدا ئالتۇن، كۆزىمىزدە كۈمۈش

قەدىمكى شەھرى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاندانلىقىنىڭ يەنە بىر پايتەختى بولۇپ، شەھەرنىڭ غەربىگە جايلاشقان ئۇيغۇر بۇتخانىسى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا ئېتىقادىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاھىتى ئىدى، چۈنكى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەمدە بۇددا ئىمارەتلىرىنىڭ ئورنىغا ئىسلام ئىمارەتلىرى ئالماشقانىدى.

دۇنيا مىراسلىرىغا كىردى دېگەنلىك شۇنى بەرپا قىلغان خەلقنىڭ يارقىن مەدەنىيىتىنى دۇنيا خەلقى ئېتىراپ قىلدى دېگەنلىك، يىپەك يولىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەت قىممىتىنى دۇنيا خەلقى تونۇدى دېگەنلىك. بۇ قېتىمقى ئېلان قىلىنغان تىزىملىكتە يەنە يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ۋېياڭ ئوردىسى، جاڭچيەن قەبرىسى (شىئەن)، بىڭلىڭ مىڭئۆيى (گەنسۇ)، خەن، ۋېي سۇلالىسىغا تەۋە لوياڭ قەدىمكى شەھرى (خېنەن) قاتارلىق 16 ئورۇن بار. بۇلار يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قىسمىغا جايلاشقان، مىلادىيەنىڭ ئالدى- كەينىدىن 12- ئەسىرگىچە ياسالغان ياكى قېزىلما قەدىمكى شەھەر ياكى دىنىي سورۇنلار بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك يىپەك يولى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بۇددىزم غارلىرى تەبىئىكى مىلادىيە 3- ئەسىردىن 8- ئەسىرگىچە يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەينى يىللاردا شەرق- غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ تۈرتكىسىدە بەلكىم خەلقىمىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شۇ ئوردىلىرىدا دوستانە زىيارەتتە بولغان، شۇ شەھەرلەردە سودا قىلغان ياكى شۇ مىڭئۆيلەردە ئىستىقامەت قىلىپ مەدەنىيەت تارقاتقان. بۇ قېتىم بىرلىشىپ ئىلتىماس قىلغان دۆلەت قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننىڭ تىزىملىكىدە يەنە غەربىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى بالاساغۇن ۋە سوياپ، ئاق تۆپە قاتارلىق 11 قەدىمكى شەھەرلەر بولۇپ، يۇقىرىقىلار ئوتتۇرا ئاسىيا يەتتە سۇ، تالاس ۋە ئىلى دەريا ۋادىلىرىدا 6- ئەسىردىن 12- ئەسىرگىچە ياسالغان (بەرپا ئېتىلگەن) ئۇيغۇر شەھەرلىرىدۇر. ئون يىلنىڭ ئالدىدا يەنى 2004- يىلى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى ئەجدادىمىز ياشىغان يەنە بىر جاي — ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىغا ئائىت قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى «ئورخۇن ۋادىسىدىكى مەدەنىيەت مەنزىرىسى (Orkhon Valley Cult ural Lands cape)» نامى بىلەن دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا كىرگۈزگەن خەۋىرىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھاياجانغا چۆمگەنىدىم. بۇ ھەم موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى بىردىنبىر دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراس ئىدى. بۇ قېتىم دىيارىمىزدا كىرگۈزۈلگەن ئالتە ئورۇننىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك يادىكارلىقلىرىمىز بولۇپ، مىلادىيەنىڭ ئالدى- كەينىدە ياسىلىپ تاكى 13- ئەسىرگىچە داۋاملاشقان. شۇ جەرياندا تارىم ۋادىسى بۇددا دىنىدىن ئىبارەت دۇنياۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ھادىسىسىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش قوزغىغان دەۋردۇر. دېمەك، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يىپەك يولى خەلقئارا ئالاقە كاردورى قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ نۇر چاچماقتا ئىدى. بۇ خىل ھالەت بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا كېڭىيىشىگىمۇ ئەجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن بوغدا ۋە خانتەڭرى چوققىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك تەڭرىتېغىمىز دۇنيا تەبىئىي مىراسلار قاتارىغا كىرگەن. دىيارىمىزدا دۇنياۋى ماددىي مەدەنىيەت مىراسى (يىپەك يولىدىكى ئالتە ئورۇن)، دۇنياۋى تەبىئىي مىراس (بۈيۈك تەڭرىتاغ) ۋە دۇنياۋى ئاغزاكى غەيرىي مەدەنىيەت مىراس «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»دىن ئىبارەت دۇنيا خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپىغا ئېرىشكەن تەبىئەت ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى يۇرتىمىزنىڭ ئىسمى- جىسمىغا لايىق «ئالتۇن» دىيار ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. بىز بۇ خىل ھالەتنى ئۆزئارا باغلاپ ئانالىز قىلساق، مەدەنىيىتىمىزدە ھاسىل بولغان گىرەلەشمە تەرەققىياتنى كۆرۈۋالايمىز، يەنى، خەلقىمىز تەڭرىتاغ قار- مۇزلىرىدىن ھاسىل بولغان تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، تەڭرىتاغنىڭ تاش- تۇپىلىرىدىن پايدىلىنىپ، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە بوستانلىق شەھەرلەرنى ياساپ دۇنياغا داڭلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مىراسلارنى بەرپا قىلغان. يۇقىرىقى نەتىجىلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى ھەقىقىي نامايەندە بولۇپ، رايونىمىزنىڭ تەسىرىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتى ۋە ئورنىنى ئەڭ يۇقىرى چوققىغا كۆتۈرۈپ دۇنياۋى مەدەنىيەت «شوتا»سىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بالدىقىغا ئەپچىققان.

ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ شەھەرلەر، ئولتۇراق ئۆيى ۋە ئىستىقامەت سورۇنلىرى شۇ خەلقنىڭ تارىخ تەرەققىياتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئامىل بولۇپ كەلگەن. شەھەرلىشىش مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى. شەھەر ئىچىدىكى ئىستىقامەت سورۇنلىرى ئادەتتە شۇ شەھەر خەلقىنىڭ ئىدېئولوگىيەسى

بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا دىنىي سورۇننى مەركەز قىلغان شەھەر پىلانلاش ئۇسلۇبى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھوقۇق ئورگىنىنى مەركەز قىلغان شەھەر پىلانلاش تېخنىكىسىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. مىڭئۆي يىپەك يولىدا پەيدا بولغان مەشھۇر مەدەنىيەت، ھىندىستاندىن باشلانغان بۇ بۇددا ئۇستىقامەت جايى يىپەك يولىنى بويلاپ شەرققە سۇرۇلۇپ، تەكلىماكان ئېتەكلىرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، خېشى كارىدورى ئارقىلىق شەرقىي ئاسىياغا تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە قەندىھار، ئۇدۇن، كۇسەن، كىنگىت، ئىددىقۇت، دۇنخۇاڭ، چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە مىڭئۆيلەر قېزىلغان، بۇددىزىم ئۇستىقامەت روھىنى ئاساسىي مېلودىيە قىلغان بۇ مىڭئۆيلەر، خۇددى بۇددا دىنىنىڭ تەسۋىسىدەك يىپەك يولى بويلىرىغا يۇلتۇزدەك تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مىڭ ئۆيلىرى مەيلى سان جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيا ئىمارەتچىلىك تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال. مىڭئۆي ئىچىدىكى تەسۋىرى سەنئەت ئۇيغۇر گۈزەل- سەنئەت تارىخىنىڭ يالدامىسى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرى بۇنداق يارقىن مەدەنىيەتتىن مۇستەسنا بولغان ئەمەس. يۇرتىمىزدىكى مىڭئۆيلەر بىلەن مەسچىتلىرىمىز ئۇيغۇرلار قەدىمدە ۋە ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇستىقامەت قىلغان، ئوخشاشمىغان ئىككى خىل دىنىنىڭ بىناكارلىق مۆجىزاتىدۇر. مەسچىت ئىمارەتچىلىكىمىز ھېلىھەممۇ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەدەنىيەت، ئەتراپ مۇھىتى ۋە باشقا ئامىللار كىشىلىرىمىزگە تولىمۇ تونۇش. ئىستېمالدىن قالغان، خارابىلىككە ئايلانسىمۇ يەنىلا باشقىلار قىزىقىپ كۆرۈۋاتقان، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىنىۋاتقان مىڭئۆيلىرىمىز، ئۇيغۇر تارىخ- مەدەنىيىتىنىڭ شاھىتى ئىدى. ئەمما مىڭئۆي تەتقىقاتىمىزدىكى چولتىلىق، ئۇيغۇر بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى چۈشەنمەسلىك، «بۇت»قا بولغان گۇمانىي پوزىتسىيەلەر خەلقىمىزنى بۇ مەدەنىيىتىمىزدىن چەتنەتكۈزۈپ، مىڭئۆي غارلىرىمىزغا قارىتا ناتونۇش ھېسسىيات پەيدا قىلغان. نەتىجىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك تەۋەررۈكى بىلەن ئەۋلادلىرى ئۆزئارا تونۇشالمايلا نەچچە ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەن.

مىڭئۆي دېگەن نېمە؟ مىڭ ئېغىزلىق ئۆيمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇيغۇر تارىخ- مەدەنىيىتى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى باردۇ؟ يۇرتىمىزدىكى مىڭ ئۆيلەر ھەققىدە قانچىلىك بىلىملەرنى بىلىسىز؟ دېگەن سوئاللارغا نۇرغۇن كىشىلىرىمىز «بەلكىم بۇ جايدا مىڭ غارلار بولغاچقا، بۇرۇنقىلار شۇنداق ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەرسە، قىسمەن زىيالىيلىرىمىز «توختاڭلار، بۇ جايغا بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىز، تارىخىمىز يوشۇرۇنغان، ئۇ ئۇيغۇر بۇددىزىم دەۋرىدىكى يارقىن مەدەنىيەتنىڭ نامايەندىسى» دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. مەن خىزمەت جەريانىدا مىڭ ئۆيلەر توغرۇلۇق سورالغان سوئاللارغا ياكى سانى شۇنچىلىك ئاز بولسىمۇ، يەنىلا كۆرگىلى كەلگەن كىشىلىرىمىزگە تولىمۇ سۆيۈنگەن ھالدا «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق جان تومۇرىغا تۇتاشقان بۇ يادىكارلىقىمىزنىڭ قىممىتى ئۇيغۇر بىناكارلىقى، ئۇيغۇر تېخنىكىسى، ئۆرۈپ- ئادەت، ئۇيغۇر بۇددىزمى، گۈزەل سەنئىتى، كىيىم- كېچەك، دىنىي ئېتىقاد ... قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە ئەپادىلىنىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىنىڭ مەھسۇلى، مەدەنىيىتىمىزدىكى نۇرغۇن يېشىلمىگەن سىرلار تەكلىماكانغىلا ئەمەس، تەكلىمان ئەتراپىنىڭ خوتەن، كۇچا ۋە تۇرپان بوستانلىقلىرىدىكى قەدىمكى غارلىرىمىزدا ساقلانغان. بۇ غارلىرىمىزدىكى بىباھا تام سۈرەتلىرىمىز (تەسۋىرىي سەنئەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يېزىق ئىسپاتلىرىدىن باشقا تارىخىمىزنىڭ يەنە بىر كۆمۈلمەس ئىزناسىدۇر» دەپ تالاي قېتىم چۈشەندۈرگەنلىكىم ئېسىمدە. بۇ ھەقتە ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنمۇ ئۆزىنىڭ «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ناملىق نادىر ئەسىرىدە، يىپەك يولىدىكى 6- ھېكمەتنى مىڭئۆي (تەسۋىرىي سەنئەت) مۆجىزىسى دەپ يەكۈنلەپ، غارلاردىكى مەدەنىيەتلىرىمىزنى ئۇيغۇرلار يىپەك يولىدا ياراتقان توققۇز مۆجىزىنىڭ بىرسى قىلىپ تەرىپلەيدۇ. «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى زاماندىن باشلاپ، تەسۋىرىي سەنئەت ھېرىسمەنلىرى ئىدى. ئۇلار قىيالارغا تۇرمۇش ئوبرازلىرىنى چېكىپ، بالباللار ۋە تاش پۈتۈك (ئابىدە)لەرنى ئورنىتىپ، ئالتۇن، مىس- كۈمۈشلەردىن زىبۇ- زىننەتلەرنى ياساپ، كاھىش، قاش (قاشتېشى)دىن گۈزەل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ، تاش كېمىر سەنئىتى، بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، تام رەسساملىقى، ياغاچ ئويما، تاختا سىزما، مېتال ۋە توقۇلمىلاردا ئالدىنقى سەۋىيەگە يەتتى» دەپ يازىدۇ [1]. بۇ ناھايىتىمۇ توغرا بېرىلگەن باھا بولۇپ، ئالىمنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، يۇقىرى ئىلمىي كۆز قاراش ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن چىقارغان يەكۈنى ئىدى. بىر قېتىمقى دوستلار

سورۇندا قىزىل مىڭئۆيگە بېرىپ پەقەتلا ئالتە غارنى كۆرۈپ ئىچىدىكى مەزمۇنلارنى چۈشىنەلمەي مۇجمەل خىياللار بىلەن قايتىپ چىققان دوستۇمغا «دوستلۇرۇم ! كىملىكىدە ‹ئۇيغۇر› دەپ يېزىلغان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ يۇرتىمىزدىكى مىڭئۆيلەرنى بىر كۆرۈپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن» دېسەم، مىڭئۆيلەرگە بېرىپ باقمىغان ئاغىنىلەر «ئۇ جاي راستىنلا شۇنداقمۇ ؟ شۇنچە سىرلىقمۇ ؟» دېگەن سوئالىغا، «بىزنىڭ بارلىق قەدىمكى مەدەنىيىتىمىز مۇشۇ جايدا، بۇ جايدا يىراق ئۆتمۈشتىكى يارقىن تارىخىمىز ساقلانغان» دەپ جاۋاب بەرگەندىم. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، تارىم ئارخېئولوگىيەسىدىكى يېشىلمىگەن سىرلارنىڭ كۆپلۈكى، تارىخىمىز ھەققىدە يازما يادىكارلىقىمىز كەم بولۇش تۈپەيلىدىن يىراق ئۆتمۈشىمىزدىكى يارقىن مەدەنىيىتىمىزنى ھەقىقىي، چىن ھالىتىدە كۆرسىتىپ بېرىدىغان «ئەينەك» يەنىلا مىڭئۆيلىرىمىز ئىدى. بۇ ئۆيدىكى تام سۈرەتلىرىمىز ئىپادىلىگەن مەزمۇن، گۈزەل - سەنئەت ئۇسلۇبى، رەڭدارلىق، بوياقچىلىق، تام سۈرەت ئىچىدىكى گۈل - گىياھلار، ئۆسۈملۈكلەر، تەبىئەت مەنزىرىسى، ھايۋاناتلار، قۇش - جانىۋارلار ناھايىتىمۇ جانلىق ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، تۇنجى كەلگەن ساياھەتچى، تەتقىقاتچى، ۋە ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى تارىخ بېتىگە باشلاپ كىرىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلاتتى.

دىيارىمىزدىكى مىڭئۆيلىرىمىز ئاساسەن يىپەك يولىنىڭ بوستانلىق بۆلىكىدىكى كۇچا (قەدىمكى كۇسەن) ۋە تۇرپان (قەدىمكى ئىدىقۇت) قاتارلىق ئىككى ئورۇنغا كۆپرەك ياسالغان بولۇپ، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرى بويلىرىدا يەنى كۇئېنلۇن تاغلىرى ۋە ئالتۇن تاغلىرى ئېتەكلىرىدە ساڭرام (بۇددا ئىبادەتخانا ئىمارەتلىرى) شەكلىدە بەرپا ئېتىلگەن. ئۇزاق يىل كۆمۈلۈپ ياتقان، «تارىخ بېتىدە قۇرۇق قالغان رايون» دەپ قارالغان بۇ دىيارنى ئۆتكەن ئەسىردىكى غەربلىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ 1856 - يىلىدىن باشلىنىپ 1935 - يىلىغىچە بولغان 75 يىللىق كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈشى ۋە خەلقىمىزنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ بارغان قېزىشى، قېزىۋېلىنغان مول مەدەنىيەت مىراسلىرى، شۇنداقلا شۇنىڭدىن كېيىنكى ياۋروپادىكى مول ھوسۇللۇق تەتقىقات نەتىجىلەر بىراقلا غەرب ئەللىرىگە تونۇشتۇرغان. ياۋروپانىڭ يۇقىرىقى «تەكشۈرۈش» ھەرىكىتىنى شۇ چاغدىكى پادىشاھ ئائىلىسى ياكى دۆلەت ھۆكۈمەت ئورگىنى تەرىپىدىن قوللىغان، ھەتتا نوبېل مۇكاپاتىنى تەسىس قىلغۇچى دۇنياۋى ئالىم نوبېلمۇ پۇل چىقىرىپ ياردەم قىلغان. شۇنىڭ تۈرتكىسىدە دۇنيا مىقياسىدا يىپەك يولى قىزغىنلىقى، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر مەدەنىيىتى، بوستانلىق شەھەرلەر تەتقىقاتى قانات يېيىشقا باشلىغان. نەتىجىدە ئوتتۇرا دېڭىز گىرېك مەدەنىيىتىنى شەرقتىن ئىزدىگۈچىلەر ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك — شەرقىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى غەربتىن ئىزدىگۈچىلەرمۇ يەنىلا تەكلىماكان ۋادىسىدىن ئىزنالىرىنى تاپقان. دېمەك، تارىم ۋادىسى يۈكسەك مەدەنىيەت سۈمۈرۈشچانلىقىغا ئىگە بولۇپ، شەرق ۋە غەربتىن كەلگەن ھەرقانداق مەدەنىيەت بۇ جايدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە سىڭىشىپ كەتكەن. «بىز خوتەندىن قومۇلغىچە بولغان بۇددا - مانى رەسساملىق سەنئەت يادىكارلىقلىرىغا (ئالىم مىڭئۆيلىرىمىزدىكى تام سۈرەتنى دېمەكچى - ئا) نەزەر سالساق، گىرېك - ئىران - ھىندىستان تەسۋىرى سەنئەت ئۇتۇقلىرىنى ھەزىم قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ قىياپەت تۇرمۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ھەممە جەھەتتە ئۆزى ھەزىم قىلغان سەنئەت ئۇتۇقلىرىدىن ئېشىپ ئۆز ئالدىغا خاس تەسۋىرى سەنئەت سىستېمىسى ۋە ئىجادىيەت ئىستىلى تىكلەپ، دۇنيا رەسساملىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقانلىقىنى كۆرىمىز» [2]. ئالىم شەرھىلەۋاتقان بۇ ئىپتىخارىمىز دەل كۇسەن ۋە ئىدىقۇت دىيارىدىكى مىڭئۆيلىرىمىزدە كۆرۈلگەن مۆجىزىلەر بولۇپ تاكى ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك قىياپىتىنى نامايان قىلماقتا. شۇڭلاشقىمۇ تارىم ۋادىسى دۇنيا سېلىشتۇرما تەتقىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتىغا ئايلانغان. تارىم ۋادىسىدىكى بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا كۆتۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. بىز بىر تۇرۇپ بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان باشقا تىللاردىكى تەتقىقاتلارنىڭ تولىمۇ كۆپلۈكىدىن پەخىرلەنسەك، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىمىزنىڭ تىل - يېزىقىدا قىلىنغان تەتقىقاتلارنىڭ كەمچىللىكىدىن تولىمۇ ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىمىز. شۇنداقتىمۇ تەقدىر بىزگە بۇ يىرىك مەدەنىيەتلەرنى ساقلاشقا ئىمكانىيەت ياراتقاچقا، خەلقىمىز شۇنچىلىك مۇشكۈل كۈنلەردىمۇ ئۈن - تىنىسىز قوغداپ كەلگەنىكەن. مەن ھەر قېتىم بۇ يارقىن تارىخىمىزنىڭ شاھىتى بولغان مىڭئۆيلىرىمىزنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرگەندە ياكى بۇ غارلىرىمىزغا كىرگەندە تولىمۇ پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمىمەن، ئىچكىرىدىن ياكى چەت ئەلدىن كەلگەنلەرگە ھەمراھ بولۇپ كۆرگەن ۋاقىتلىرىمدا تام سۈرەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى، تەسۋىرىي قىياپەتلىرىنى ھازىرقى

خەلقىمىزنىڭ چىرايىغا، ئۆرپ - ئادىتىمىزگە باغلاپ بۇ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن تاكى ھازىرغىچە داۋاملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرمەن. 2006 - يىلى كۈزدە ياپونىيە سوكوبا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇئەللىمىم ماتسۇيىنى ئاۋۋال قەشقەردە ساياھەت قىلدۇرۇپ، ئاندىن پويىز بىلەن كۇچاغا كېلىپ كۇسەن بۇددا دىنى غارلىرىنى كۆرسىتىپ «نەچچە كۈندىن بۇرۇن كۆرگىنىڭىز قويۇق ئىسلام پۇرىقىغا تولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ھازىر كۆرۈۋاتقىنىڭىز، ئۇيغۇرلارنىڭ 1700 يىل بۇرۇنقى بۇددىزم مەدەنىيىتى» دېسەم ناھايىتى ھەيران قالغان ھەمدە «بىر مىللەتنىڭ بىر دىندىن يەنە بىر دىنغا كۆچۈشى ئادەم ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان مۆجىزە، ئىشەنمەيلا قالدىم» دېگەنىدى. دىندىن دىنغا كۆچۈش ياپونلاردەك «جاھىل مىجەزلىك» خەلق ئۈچۈن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت ئىدى. دېمەك، بۇ خىلدىكى مۆجىزە دەل يېپەك يولىنى ئاچقان، يېپەك يولىدا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان ئۇيغۇرلاردا پەيدا بولغان.

خەلقىمىزنىڭ بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا كۆچۈشى بىر تارىخىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت بۇرۇلۇش ھادىسىسىدۇر (بۇ خىل ھادىسە قوشنىمىز ھىندىستان بىلەن پاكىستانلىقلارنىڭ تارىخىغا تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ)، بۇددا دىنى مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى ھالقىسى، ئىككى ھالقا باغلانغاندا ئاندىن ئۇيغۇر تارىخ - مەدەنىيىتى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ھازىرغا قەدەر تەتقىقاتچىلىرىمىز بۇ بىر پۈتۈن مەدەنىيەتنى ئىككى خىل ئىدېئولوگىيە بويىچە ئايرىم - ئايرىم قانات يايدۇرغاچقا، بۇ نازۇك مەسىلىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ناھايىتى تەسكە توختىغان. «بىز قەيسىرانە كۈرەش بىلەن 1980 - يىللاردىن كېيىنلا ئۆزىمىزنىڭ پەلسەپە تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى، سەنئەت تارىخى، كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ، كۆمۈپ تاشلانغان ۋە ئۇنتۇلغان تارىخ غەزىنىسىنى ئاچتۇق، شۇنداقتىمۇ مىللىتىمىز ھەتتا ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز تېخى مەدەنىيەت تېپىمىز ۋە غەزىنىمىزدىن يېتەرلىك خەۋەردار ئەمەس» [3] دەيدۇ ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئۇ يەنە «تارىخ ئىسپاتلىدىكى، دىن تارىخىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئىنسانىيەت روھىنىڭ تارىخىنى ۋە روھىيەتتىكى ئىنسانىيەت تارىخىنى تولۇق چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس» [4] دەپمۇ ئەسكەرتكەن. ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى بارلىق چوڭ دىنلارغا ئىشەنگەن خەلق، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا دىنىنىڭ ئىزنالىرى تولىمۇ كۆپ. مېنىڭچە كۆپ خىل ئىدېئولوگىيە ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئىدېئولوگىيەسىگە تەسىرى ئەڭ چوڭ. نەتىجىدە ئۇيغۇرلاردا بۇددىزم ۋە ئىسلامىيەت ئەقىدىلىرىدىن بىرىككەن ئارىلاشما مەدەنىيەت ئېڭى شەكىللەنگەن. بۇ خىل ھالەتتىكى مەدەنىيەت قوۋمىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن چوقۇم بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىي ئەقىدىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش ھەمدە تارىم ۋادىسى ئەتراپىنى چۆرىدەپ بەرپا قىلىنغان، قەدىمكى غەربىي دىيار مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قاتلاملىق خۇسۇسىيىتىنى ئېنىقلاش تولىمۇ زۆرۈر. ئەمما، ئۆزىمىزدە ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتى، مىڭئۆي بىناكارلىقى توغرىسىدا تەتقىقاتلار قانات يايمىغاچقا بۇ مەدەنىيەت غەزىنىسىنىڭ ماتېرىيال قىممىتىدىن بەكرەك پايدىلىنىدىغانلار، ياۋروپا ئەللىرىدىكى ئالىملار ۋە دۆلىتىمىزدىكى ئارخېئولوگىيە، تارىخ ئالىملىرى ئىكەن. شۇنداقتىمۇ بۇ تەسۋىرى سەنئىتىمىزنىڭ قەدىمكى دۇردانىلىرىنى ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىقىغا، ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىغا، ئۆرپ - ئادىتىمىزگە، ئاغزاكى تارىخىمىزغا سېلىشتۇرىدىغان سېلىشتۇرما تەتقىقات قانات يايمىغان. خەلقىمىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئۆتمۈش مەدەنىيىتىمىز تەدرىجىي ھالدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاستىدا قالغان بولۇپ، نەتىجىدە، ھەممىنى ئىسلام دۇنيا مەدەنىيىتىگىلا باغلاپ، بۇددىزم دەۋرىدىكى يارقىن تارىخىمىزنى ئۇنتۇپ، ئۆزلۈكىمىزدىن تارىخىمىزنى قىسقارتىۋەتكەن ئىكەنمىز. خەلقىمىزنىڭ بۇ خىل مەدەنىيەتتىكى 180 گرادۇسلۇق بۇرۇلۇش ھادىسىسى بۇددا دىنىنىڭ يېپەك يولى تارىم ۋادىسىدا زاۋاللىققا يۈزلىنىشى، دۇنيا ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە توغرا كەلگەن بولغاچقا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ئىستىكى بىلەن ئىستىخىيەلىك ھالدا ئۆزلۈكىدىن (قورال كۈچى بېسىمى بىلەن ئەمەس) ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانىكەن. بۇ ۋاقىتتا دىن ئۆزگەرگەن بىلەن تىل ئۆزگەرمىگەن، پەقەت ئىستىقامەت سورۇنلىرىنىڭ نامىنى ئەرەبچە قوبۇل قىلغان ھەمدە بۇددا دىنىدىكى چەت - تىنچ جايلاردا ئىستىقامەت قىلىشتىن شەھەرلەرگە، قايناق بازارلارغا يۆتكىلىپ، يېپەك يولى بويلىرىدا مەسچىت - مازار نامى بىلەن يېڭىچە ئىبادەت سورۇنلىرى پەيدا بولغان. شۇ رەۋىشتە مەسچىتلەرنى چۆرىدەپ بازار پەيدا قىلىپ، تەد-

رىجي يىڭچە ئۇيغۇر شەھەر مەدەنىيىتى بەرپا بولغانىكەن.

## 2. كۇسەن مىڭئۆيلىرى

كۇسەن بىر قەدىمىي يۇرت، يىپەك يولى پۈتۈن لىنىيەسىدە كۇسەندىن غەربتىكى ئوتتۇرا دېڭىزغىچە ياكى كۇسەندىن شەرقتىكى شىئەنگچە بولغان يول ئارىلىقى تامامەن ئوخشاش، دېمەك، بۇ يۇرت دەل يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. جۇغراپىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تارىم بوستانلىقىدىن شىمالدىكى يايلاق يىپەك يولىغا ئۆتۈش ياكى كۇسەندىن تارىمنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى ئۇدۇن (خوتەن) بوستانلىقى ئارقىلىق جەنۇبىي ئاسىياغا بېرىشتىن ئىبارەت قاتناش تۈگىنىمۇ مۇشۇ جايدا. قاراخانىيلار بىلەن ئىدىقۇت دۆلىتى كۇسەننى چېگرا قىلغان. شۇ دەۋرلەردە بۇ رايون ئىسلام ۋە بۇددا ئىدېئولوگىيەسىنىڭمۇ چېگراسى بولغان. يەنى، كۇچانىڭ غەربىدىن ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان رايون ئىسلام ئېتىقادى، كۇچانىڭ شەرقىدىن سېرىق دېڭىزغىچە بولغان رايون بۇددا ئېتىقادى بولغان. «كۇسەن مەدەنىيىتى رايونىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى دائىرىدىن تولىمۇ ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەينى دەۋردە بىر بۇددىزىم مەركىزىگە ئايلانغان، بۇ كىچىك بوستانلىق ئەتراپتىكىلەر بىلەن ئىناق - قوشنا مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭدا بۇددا دىنى تۈرتكىلىك رول ئوينىغان» [5] دەيدۇ گېرمانىيەلىك داڭلىق ئالىم كېلىم كېت.

بىز بۇ رايوندا قېزىلغان غارلارنىڭ كۆپلىكى ۋە تام سۈرەتلىرىنىڭ مول مەزمۇنىدىن، قەدىمكى كۇسەن رايونى پۈتكۈل ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا يۇكسەك رول ئوينىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتى» ناملىق ئەسىرىدە، كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا بولغان تەسىرىنى شەرھلەپ، غەربىدىكى كۇشان ئىمپېرىيەسى ۋە شەرقىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغانلىقى ھەتتا كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغۇنۇشىغىمۇ تەسىرى بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن [6]. بىلىشىمىزچە، كۇسەن تەۋەسىدىمۇ بىر قەدىمكى بۇددىزىم ئىستىقامەت يولى شەكىللەنگەن بولۇپ، ئەڭ شەرقىدىكى سىم - سىم مىڭئۆيەدىن باشلانغان دىنىي ئىستىقامەت يولى، سۇ بېشى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن ئۆتۈپ، يۇقىرىغا ئۆرلەپ ئاغى غارىغا يېتىپ بېرىپ (بۇ جاي، تەبىئىي جىلغىدىن تەشكىللىگەن سەيلىگاھ) ئاندىن تەگۈرتاغنىڭ باغرىدىكى مەشھۇر قەدىمكى ئۆتەڭ قىيىر جىلغىسىغا كېلىپ (بۇ جاي يىپەك يولىنىڭ بوستانلىق بۆلىكىدىن تەگۈرتاغنىڭ شىمالىدىكى ئوتلاق يىپەك يولىغا ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتەڭ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپى تېكەس ناھىيەسىگە تۇتىشىدۇ)، قىيىردىن قىزىل مىڭئۆيىگە كېلىپ بۇ جايدىن قۇمتۇر مىڭئۆيى ئارقىلىق غەربكە مېڭىشتىن ئىبارەت.

مىڭئۆي غارلىرى ئاساسەن تەگۈرتاغنىڭ كۇسەن رايون بۆلىكىدە بەرپا قىلىنغان بولۇپ، قۇم - تۇپا تەركىبى كۆپرەك تاغ قاتلىمىنى تاللاپ قېزىلغان، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا قەدىمكى دەريا ئېقىنلىرى بار، بۇ دەريالارنىڭ قىسمەنلىرى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت مۇزات دەرياسى ھېلىھەم تارىم دەرياسىنىڭ مۇھىم سۇ تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ قالغان. شۇ ۋاقىتتىكى قېزىلغان غارلارنىڭ دائىرىسى شەرقتە كىنگىت (قاراشەھەر)كىچە، غەربتە بارچۇق (مارالبېشى)قىچە تارالغان خەلقىمىز تارىمنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي بۆلىكىدىكى بوستانلىقلاردىكى زىرائەتلەردىن ئوزۇقلىنىپ، تەگۈرتاغ ئېتەكلىرىدىكى مۆھتىشەم گۈزەل، سۈيى ئەلۋەك، ئىستىقامەت قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان جىمجىت، قىيا - سۇرەندىن خالىي جايلارنى تاللاپ غار قېزىپ، بۇددا دىنىنىڭ يارالمىش قىسسەلىرىنى، ھېكايەتلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانە، ئۆرپ - ئادەت، چىراي شەكلىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇكەممەل بولغان، يارقىن تام سۈرەتلىرىنى سىزىپ چىققان. ھېلىھەممۇ بۇ سۈرەتلەردىن ھازىرقى كۇچا ۋە شۇ ئەتراپقا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار چىرايىنى، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنى، ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى، مۇزىكا چالغۇلىرىنىڭ ئەينەن ھالىتىنى تېپىش مۇمكىن.

كۇسەن مىڭئۆيلىرى يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت. مەن 1989 - يىلى خىزمەتكە چىقىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن قىزىل مىڭئۆيىگە باردىم. بۇ قېتىمقى مەقسىتىم بۇ جايدا ئىككى ھەپتە ئەتراپىدا تۇرۇش، دۆلەت خىراجەت ئاجراتقان ۋە ياپونلۇق كوجىما ئەپەندى يېتەكچىلىكىدىكى ساخاۋەتچىلەر ياردىمىدە رېمونت قىلىنىۋاتقان قىزىل مىڭئۆيى جايلاشقان چۆل تاغنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش ئىدى. بۇ ۋاقىتلار قىزىل مىڭئۆي ئەمدىلا سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ساياھەتچىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. يۇرتىمىزغا كەلگەن كۆپلىگەن چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى قىزىل مىڭئۆيىدە ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسەن

دېگۈدەك ياۋروپالىقلار ۋە ياپونلۇقلار بولۇپ، ياپونلۇقلار بۇ مىڭئۆينى قوغداشقا ئىئانە توپلاۋاتاتتى. «شۇنچىلىك يىراق جايدىن بۇ ماكانغا كېلىپ مىڭئۆيلىرىمىزنى قوغداشقا پۇل بېرىپ، نېمانچە قىزىقىدىغاندۇ؟» دېگەن سوئاللار كاللامدىن كېچەتتى. ئۇلار بۇ تام سۈرەتلەرنى تولىمۇ ئەستايىدىل كۆرەتتى ۋە ئەدەپ بىلەن ساياھەت قىلاتتى. ئەمما، غارلار ئالدىدىكى تولىمۇ تۈز كەتكەن تۈزلەڭلىكتە مېۋىلىك باغ، بۈك-باراقسان قومۇشلۇق، بۇلاق سۈيى (يىغلاڭغۇ بۇلاق) ۋە قەدىمكى توغراقلىقتىن بەرپا قىلىنغان ئىپتىدائىي سەيلىگاھتا، يىراق-يېقىندىن كەلگەن ئۇيغۇرلىرىمىز ئەكەلگەن گۆش، يېمەك-ئىچمەكنى تۆكۈپلا ناخشا-ساز بىلەن كەيپ قىلىشىپ قايتاتتى. ناھايىتى ئاز بىر قىسمى غارغا چىقىپ كۆرۈپ قايتىپ كېلەتتىيۇ، «ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم، ھەممىسى بۇت ئىكەن، مەنىسى يوق» دېگەن غۇدۇراشلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتىم. ئەمدى ئويلىسام بۇ بىر تىپىك سېلىشتۇرما بولۇپ، ئەجدادىمىزنىڭ بۇ تەۋەررۈكنىڭ قىممىتىنى ئەۋلادلىرى چۈشىنەلمىگەندى. ھەتتا «بۇنىڭ ئىچىگە كىرسەك دىنىمىزدىن چەتنەپ كېتىمىز» دەپ، غارغا يېقىن كەلمەيدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇزاق يىللىق غەپلەتلىك «ئۇيقۇمىز» ئۆزىمىزنىڭ يارقىن مەدەنىيىتىمىزنىمۇ ئاڭقىرالماس ھالەتكە ئەكەلگەنىكەن. ئەينى ۋاقىتتا مەنمۇ كۆندە غارغا كىرىپ-چىقىپ زېرىككەنىدىم. قىسقىسى، بۇ مۇقەددەس جاينىڭ قىممىتىنى تازا چۈشەنمىگەنىكەنمەن. چۈنكى، بىزنىڭ تارىخ دەرسلىرىمىزدە ياكى كىتابخانىلىرىمىزدا ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتى توغرىسىدا تۈزۈكرەك، ئاممىباب ماتېرىيال يوق ئىدى. پەقەتلا ئەل ئارىسىدا مىڭئۆيلەرنى پەرھاد-شېرىن داستانىغا باغلاپ، «پەرھات شېرىننىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈنلا قازغان غار» دېگەن رىۋايەت بويىچىلا چۈشەنگەنىدىم.

مىلادى 1-ئەسىردە ھىندىستاندا قۇرۇلغان كۇشان ئىمپېرىيەسى پادىشاھ قەنىشقانىڭ دەۋرىدە بۇددا دىنىنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان. شۇ ۋاقىتتىكى تەسىر دائىرىسى تارىم ئويمانلىقىنىمۇ قاپلىغان بولۇپ، يىپەك يولى سودا-مەدەنىيەت ئالاقىسى جانلانغان. ئالىملار كۇشان خاندانلىقى ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان، دەپ يەكۈن چىقىرىشقان بولۇپ، قەدىمكى كۇسەن بۇددىزم سەنئىتى قەنىشقا دەۋرىدىكى ھىندىستان گاندارا بۇددىزم ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە، ئامېرىكىلىق تارىخ پەنلىرى دوكتورى ھامبلى «كۇشان كۆچلىرى تارىم ئويمانلىقىدىن چېكىنىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما گاندارا سەنئىتىنىڭ تەسىرى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى، ھەتتا كۇشان ئىمپېرىيەسى گۇمران بولغاندىن كېيىنمۇ، گاندارا ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن بۇددىزم تام سۈرەتلىرى تارىم ئويمانلىقىدا ئېقىپ يۈردى. مەسىلەن: كۇچادىكى قىزىل مىڭئۆي مانا شۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر» [7] دەيدۇ. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى كۇسەن رايونىدا ھازىرغىچە ساقلانغان بۇددىزم خارابىلىرىدىن 40 ئورۇن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە غار (كېمىر ئۆيلەر) ئىبادەتخانىلىرىدىن 21 ى بار ئىكەن، 19 ئورۇندا بۇددا ساڭراملىرى (يەر ئۈستىگە سېلىنغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى — ساڭرام دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ساقلانغان، قەدىمكى كۇسەن مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى غارلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى قوشقاندا جەمئىي 601 نەچچە بولۇپ، ھازىرقى كۇچا، باي ۋە توقسۇ ناھىيەسى دائىرىسىگە قېزىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل مىڭئۆي كۇسەن بۇددىزم مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر تاش كېمىر سەنئىتىنىڭ دۇردانىسى بولۇپ، ھازىرغىچە جەمئىي 269 غار بايقالغان (تاغ باغرىدىكى گۇمۇرۇلگەن توپىنىڭ ئاستىدا يەنە نۇرغۇن غارلار بولۇشى مۇمكىن)، بۇ غارلارنى تەتقىقاتچىلار تىپىك يەرلىك ئۇسلۇبتىكى، گاندارا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئىگە، ساپ كۇسەن غارلىرى، دەپ قارىماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىنىڭ سانى جەمئىي 112 بولۇپ، ئۆگەن دەرياسى قىزىل مىڭئۆينىڭ ئاخىرقى بۆلىكىگە جايلاشقان بۇ غارلار توپىمۇ قىزىل مىڭئۆيلەردىن قالسا كۇسەن تەۋەسىدىكى 2-چوڭ مىڭئۆي. ئۇ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلىگە جايلاشقان بولۇپ، نەپىس تام سۈرەتلەر سىزىلغان بۇ كېمىر ئۆيلەر ئاياغ تەرىپىدىكى دۇلدۇل ئاقۇر، شاختۇر ساڭراملىرى بىلەن نامى مەشھۇر، تام سۈرەتلىرىگە شەرق ۋە غەرب بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى سىڭگەن. بۇ خىل قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ بويىلىرىغا جايلاشقان مىڭئۆي ياكى ساڭراملىرىمىز، بىر تەرەپتىن، غەرب ياكى شەرقتىن كەلگەن، دىن تارقاتقۇچىلار، سودىگەرلەر ۋە سەيياھلار ئۈچۈن ئىستىقامەت سورۇنى تەمىن ئەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك قونالغۇ، دەم ئېلىش سورۇنى ھازىرلاپ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ جانلىنىشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. سىم-سىم مىڭئۆيىدە جەمئىي 52 غار قېزىلغان بولۇپ، كۇسەن غارلىرىنىڭ ئەڭ شەرقىدە قېزىلغان. كېمىر ئۆيلەر قېزىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن مەشھۇر. قىزىل قاغا مىڭئۆيى 54 غاردىن تەشكىل

تاپقان بولۇپ، كۇسەن دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان، تەتقىقاتچىلار مىڭئۆيي ئىچىدىكى تام سۈرەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن، بۇ كېمىر ئۆيلەرنى ئەينى ۋاقىتتىكى خانلىق ئىبادەتخانا دەپ قىياس قىلىشماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا مازارباغ مىڭئۆيلىرى، تېتىر مىڭئۆيلىرى، سۇ بېشى مىڭئۆيلىرى، توغراق ئېقىن مىڭئۆيلىرى قاتارلىقلار كۇچا ناھىيە ئەتراپىنى چۆرىدەپ قېزىلغان. غارلارنىڭ تەكشىلىكتىكى ھالىتى ئاساسەن، تۆت چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئۆگزە قىسمى گۈمبەزسىمان، تۆت چاسا ياكى چاسىخا قىلىپ ياسالغان. كۆپىنچىلىرىنىڭ ئۈستى قىسمى دۈم كۆمتۈرۈلگەن ئۇلاغ شەكلىدە قېزىلغان. تام سۈرەتلەر ئاساسەن يان تاملارغا، ئۇدۇل تامغا ۋە ئۆگزە قىسمىغا سىزىلغان. غارلار ھەممىسى تاغ يۈزىدىن ئىچكىرىلەپ (كولاپ) قېزىلغان بولۇپ، كىشىگە بوشلۇقتىكى ئېگىز تاغ باغرىغا، قانداق ئۇسۇلدا، قانداق ئەسۋاب بىلەن قازغاندۇ، دېگەن تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇ مەسىلىگە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى پولات تاۋلاش تېخنىكىسى جاۋاب بەرگەن. تارىم - تەڭرىتاغ بويلىرىدا بۇنىڭدىن 2500 – 3000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە ئائىت ساپلىق تاش پالتا، تاش گۈرجەكلەر، تۆمۈر قوراللار ۋە مىس قوراللار بايقالغان. يەنى دىيارىمىز مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 - يىلى (ھازىرقىدىن 4000 يىللار ئىلگىرى) مىس قوراللار دەۋرىگە كىرگەن بولۇپ، بۇ دەۋر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 700 - يىلغىچە داۋام قىلغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىردىن خېنى سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىق تۆمۈر قوراللار دەۋرى [8] ھېسابلىنىپ، كۇسەن تەۋەسىدە ھازىرغا قەدەر بايقالغان قەدىمكى تۆمۈر كان خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك بۇيۇملاردىن مۇكەممەل بولغان غار قېزىش ئەسۋابلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ ئەسۋابلار كېمىر ئۆيي قېزىش، ئىستىقامەت سورۇنلىرى ۋە ئولتۇراق ئىمارەتلىرىمىزنى ياساشقا ئىشلىتىلگەن. بۇ تىك قىيالارغا قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىپ غار قېزىلغانلىق مەسىلىسىدە بىزدە يازما خاتىرىلەر يوق. ئەمما غار قېزىش ئۇسۇلىنى دۇنخۇاڭ موگاۋ غارىدىكى تام سۈرەتلەردە رەسىم شەكلىدە قىسقىچە قىلىپ ئىپادىلىگەن. ئادەتتە غار قازغاندا تاغنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ (تۆپىدىن ئاستىغا) قېزىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. يەنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ ئالدى بىلەن غار كارىدورىنى قېزىۋالغان، ئاندىن غارنىڭ ئارقا كارىدورىنى قېزىپ، ئاخىرىدا غارنىڭ ئۆگزە قىسمىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ قېزىپ، چىققان توپىلىرىنى ئىككى ياندىكى غار كارىدورىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ تاشلاپ مۇكەممەل بولغان مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غارنى ياساپ چىققان. بىز قىزىل مىڭئۆيي قاتارلىق كۇسەن غارلىرىدىنىڭ ئەتراپ مۇھىتىنى كۆزەتسەك، ئەجدادلىرىمىز بۇ ئىستىقامەت سورۇنىنى مۇھىت نۇقتىسىدىن تاللىغاندا، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىلمىي لايىھەلىگەنلىكىنى بىلىمىز. يەنى، دەسلەپتە سۇنايلىنىپ ياتقان غارنىڭ ئوتتۇرىسىنى بېكىتكەن. ئۇدۇل تاغ (قارشى تەرەپتىكى تاغ) شەكلى، ئالدى دەرياسىنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى قاتارلىق ئەتراپ مۇھىت ئامىلىنى كۆزدە تۇتۇپ، غارلارنى تاغ يۈزىنى بويلاپ ئوتتۇرىدىن ئىككى ياقىغا قارىتىپ ئورۇنلاشتۇرغان، ئەڭ چوڭ غارنى ئەڭ ئوتتۇرىغا قېزىپ، باشقا غارلارنى ئىككى ياققا ياسىغان. ھەر خىل غارنىڭ ئورنىنى ئالدىنئالا پىلانغا ئېلىپ، رايىبلار ياتىدىغان غار، ئىستىقامەت غارلىرى، باشقا غارلارمۇ تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دەماللىققا تاغ يۈزىدىكى غارلار ئېگىز - پەس، ئاستىن - ئۈستۈن كۆرۈنگەن بۇ بۇددا دىنى ئىستىقامەت جايىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە تولىمۇ تەرتىپلىك، پىلانلىق ھالدا، ئەتراپ مۇھىتقا ماسلاشقان قىياپىتىنى بايقىغىلى بولىدۇ.

تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، يىپەك يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بۇ ئۆتەڭدە مىڭئۆيلىرىمىزدىكى تام سۈرەتلىرىنىڭ ئىپادىلەش مەزمۇنى ئاساسەن ئالتە خىل، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساكيامونىنىڭ رەسىمى ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇددساتۋا سۈرىتى، نىرۋانا سۈرىتى، ساكيامونىنىڭ تۆت شاگىرتلىرى سۈرىتى، غارلارنىڭ تورۇس قىسمىغا سىزىلغان ئالەم - روھ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش رەسىملىرى، ساكيامونىنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەر، بۇددىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەبىئەت ھادىسىسى سۈرەتلىرى، ئۇچار مەلىكە رەسىملىرى، مۇئەللەقتىكى ئۇسسۇلچىلار سۈرەتلىرى، بۇددانىڭ يارالمىش قىسسەلىرى، بۇددانىڭ سەۋەب - نەتىجە ھېكايەت سۈرەتلىرى، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا دائىر رەسىملەر، ئوبرازلاشتۇرۇلغان بۇددا نومى مەزمۇنىدىكى سۈرەتلەر، ھايۋانات رەسىملىرى، گۈل - گىياھ سۈرەتلىرى ۋە ھەر خىل نەقىش - بېزەكلەردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى مەزمۇنلار ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئائىت بولسىمۇ، ئىپادىلىگەن مەزمۇن، ئىدىيە، ئوبيېكتلارنىڭ ھەممىسى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى تەبىئەت مەنزىرىلىرى، گۈل - گىياھ، بۇ جايدا ياشىغان خەلق ۋە ئۇشبۇ خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرساق ئىسلامىيەت

تىن كېيىنمۇ داۋاملىشىپ، ھازىرقى ئۇيغۇر غەيرىي ماددىي مىراسلىرىنىڭ ئىزناسىنى تاپقىلى بولىدۇ. تام سۈرەتلەر مەزمۇنىدىن يەنە قەدىمدىن تارتىپ دىيارىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان شەرق - غەرب مەدەنىيەت - سودا ئالاقىسىدىكى يىپەك يولىنىڭ قىياپىتىنى، ھازىرقى ئۇيغۇر مەنىۋى مىراسلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ يىراق ئىزنالىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن: قىزىل مىڭئۆيىدىكى مىلادى 6 - ئەسىرگە تەۋە 175 - غار شەرقىي كارىدورىنىڭ غەربىي تېمىدىكى تام سۈرەتتە، ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ ئىككى كۈسەنلىك كىشىنىڭ كەتمەن بىلەن يەر ئاغدۇرۇۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ بىر تەرەپتىن كەتمەندىن ئىبارەت بۇ دېھقانچىلىق ئۈسكۈنىسىنىڭ تارىخىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق زاماندىن بۇيانقى يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىنى نامايان قىلاتتى. بەلكىم بۇ تام رەسىمدىكى كەتمەننى ئەجدادىمىز بۇ غارلارنى قېزىش ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مىڭئۆي ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئەسۋابلار بىلەن تام سۈرەتلەردىكى مەزمۇننى بىرلەشتۈرسەكلا، ئۇيغۇر دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى ئىزنالىرىنى تېپىش مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 13 - غارىنىڭ تورۇسىغا بىر يۈرۈش سودىگەرلەر توپىنىڭ رەسىمى سىزىلغان، رەسىمدە بىر ئېشەكنىڭ يۈك يۈدۈپ كېتىۋاتقان، بىر ئادەمنىڭ ئارقىدىن ھەيدەۋاتقان ھالىتىنى ئۇچرىتىمىز، قىزىل قاغا مىڭئۆيىدىمۇ، كېمە ئۈستىدىكى بىر ئات ئۈستىگە ئارتىلغان لىق يۈك، بىر سودىگەرنىڭ ئاتنىڭ يېنىدا تۇرغان ھالىتى تەسۋىرلەنگەن. يەنە بىر پارچە تام سۈرەتتە تۆگىگە ئارتىلغان لىق يۈك، يېنىدا ياكى ئارقىسىدا تۇرۇپ ھەيدەۋاتقان ئادەملەر، بۇ ئادەملەر يەنە بېلىگە پوتا باغلىغان، ئۈچىسىغا قايرىما ياقىلىق پەلتو كىيگەن، ئىنچىكە يەڭلىك كىيىم ۋە بېشىغا ئۈچلۇق دوپپا (قالپاق)، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن قىياپەتلىرىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ خىلدىكى مەزمۇنلار كۈسەن غارلىرىدا ناھايىتىمۇ كۆپ بولۇپ، بۇ خىل ھالەتنى ھېلىھەم كۇچا ناھىيەسى بازىرىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئۇيغۇر يېزا - بازارلىرىدا قەدەمدە بىر ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇ خىل ئۈزۈلمىگەن مەدەنىيەت ھادىسىسى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسى بولۇپ، ياۋرو - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا قاتنىغان كارۋانلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى ئىدى.

يىپەك يولىنىڭ غايەت زور سېھرىي كۈچى، ياۋرو - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا مەدەنىيەت تارقىتىش رولىنىمۇ ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇردى. بۇ قەدىمكى كارۋان يولىدا پەقەت يىپەك ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارلا توشۇلماستىن، شۇنىڭغا ياندىشىپ نۇرغۇن پەلسەپىۋى ئىدىيەلەر، پەن - تېخنىكىلارمۇ يۆتكەلگەن. شەرق ئەللىرى تەدرىجىي ھالدا بۇددا دىنىدىن ئىبارەت ئىدىيولوگىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇ ۋاقىتلاردا (مىلادى 3 - ئەسىردە) بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى تارىم ۋادىسىغا يۆتكەلگەن بولۇپ، كۈسەن ۋادىسى دۇنيا بۇددا مۇخلىسلىرى تەلپۈنىدىغان، مەخسۇس ئىستىقامەت جايىغا ئايلانغان. يىپەك يولىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولى كۆتۈرۈلۈپ، تارىم ۋادىسى (ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شەرقىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىغا مەدەنىيەت تارقىتىدىغان بولغان. بولۇپمۇ شەرقىي ئاسىيا بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە تەسىرى تولىمۇ كۈچلۈك بولغان. مەسىلەن، 2006 - يىلى خېنەنگە بېرىپ گۇڭيى غارلىرىنى كۆرگىنىمدە، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ غارنىڭ غەربىي تېمىغا قاپارتما شەكلىدە چېقىرىلغان سازەندىلەر ھەيكىلىنى كۆرۈپ كۈسەن غارلىرىنى كۆرگەندەك ھېس - تۇيغۇدا بولغان، چۈنكى، بۇ سازەندىلەرنىڭ قولىدا تىپىك غەربىي دىيار ئۇسلۇبىدىكى بەرباب، چاڭلار تۇراتتى. كىشىلىرىنىڭ چىرايىمۇ ساقاللىق ھەم قاڭشارلىق بولۇپ تىپىك غەربىي دىيار كىشىلىرىنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئىسپاتىمىزنىڭ دەللىلى سۈپىتىدە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئانالىز قىلساق، مىلادى 3 - ئەسىرلەردە، غەربىي دىيارلىق ئۇستىلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ بۇددا ئىمارەتلىرىنى ياساش (مۇنار ۋە ساگرامالار) قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان، ھەتتا بەزى بۇددىزىم ئىمارەتلىرىنى ئۇيغۇرلار سالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەڭ بۇرۇنقى بۇددا مۇنارى لوياڭدىكى شاۋلىن ئىبادەتخانىسى ئەتراپىغا جايلاشقان سۆڭ يۆ بۇددا مۇنارىنى غەربىي يۇرتلۇق (كۈسەنلىك) ئىستىقامەتچىلەر ياسىغانلىقى ئېنىق قىلىپ جۇڭگو قۇرۇلۇش تارىخىغا يېزىلغان، شىئەندىكى شۇنىڭغا ئوخشاش ياسالغان دايەن مۇنارى، شاۋيەن مۇنارىنىڭ ئەسلىنى كۇچادىكى سۇ بېشى بۇددا دىنى خارابىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىن تاپالايمىز. چۈنكى، 2006 - يىلى كۇچادىكى دوستلۇق يولىدا بايقالغان ۋېي، جىن سۇلالىسىگە ئائىت قەبرىلەرمۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن قوپۇرۇلغان، بۇ خىل مۇنار ياساش تېخنىكىسى ئېنىقكى قەدىمكى كۈسەندىن تارقالغان. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي دىيار ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ نەي، بەرباب، دۇمباق قاتارلىق غەربىي

يۇرت كۆسەن مۇزىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان-
لىقىنى قەيت قىلىدۇ. ھەمدە «كۇچانىڭ سۇجۇپ مۇزىكا سىس-
تېمىسىنىڭ ئۇچىقى بولۇشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. كۇچا
شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق بىر بۆلىقى سۈپىتىدە، تۈر-
مۇشنى ۋە تۇرلۇك ئەپسانىلەرنى گۈزەل تىزما سەنئەت شەك-
لىدە ئىپادىلەش ماھارىتى بىلەنمۇ داڭ چىقارغانىدى. كۇچا-
دىكى مىڭئۆي تىزمىلىرى — قىزىل مىڭئۆيلىرى قەدىمكى
بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە بەدىئىي ماھارەتنىڭ يادنامىسى سۈپى-
تىدە 3 - ئەسىرنىڭ ئالدى- كەينىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە
ئۆزىنىڭ كۆچىنى يوقاتقىنى يوق» [9] دەيدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا يەنە مەركىزىي تۇۋۇرۇكلۇك غارلار ۋە چوڭ پۇتلۇق
غارلار كۆسەن مىڭئۆيلىرىنىڭ گۆلتاجىسى بولۇپ، كۆسەن-
دىن باشلانغان بۇ خىل ئىستىقامەت غارلىرىنى ياساش ئۇس-
لۇبى ئىزچىل شەرققە تارقىلىپ قاراشەھەر، تۇرپان،
دۇنخۇاڭ، خېشى ئەتراپىدىكى ئۆيلەر، شۇمى تېغى غارلىرى
(شەنشى)، خېنەن لۇڭمېن غارلىرى قاتارلىق جايلارغىمۇ تار-
قالغان. بۇ ھەقتە مەملىكىتىمىزدىكى داڭلىق ئارخېئولوگ،
بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى سۇ بەي ئەپەندى:
«چوڭ بۇتلۇق غار ياساش ئۇسلۇبى (كۆسەن تەۋەسىدە بۇ
خىلدىكى غاردىن 12سى بار ئىكەن، مىسالى قىزىل مىڭئۆي
48 - غار، سىم - سىم غارى - ئا) دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇنقى
تېخنىك بولۇپ، بۇ خىل تىپىك كۆسەنچە غار ياساش تېخنى-
كىسى مىلادى 4 - ئەسىرگە تەۋە، بۇ تېخنىكا قەدىمكى كۆ-
سەندىن شەرقتە دۇنخۇاڭ، لۇڭمېنلارغىچە تارقالغان، ھەتتا
دېڭىز ئاتلاپ ياپونىيە ۋە كورېيەگىچە بارغانلىقى مەلۇم. بۇ
خىل ئۇسلۇبنىڭ تارىخى ئافغانىستاندىكى باميان غارىدىنمۇ
بۇرۇن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن. بۇددا دىنىنىڭ
خەنزۇچە ئاتىلىشى (佛) سۆزىنىڭمۇ قەدىمكى كۆسەن تىلى-
دىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغانلىقىنى بىلدۇرگەن.

### 3. تۇرپان مىڭئۆيلىرى

تۇرپان تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى مەشھۇر سەيلە-
گاھ. ياۋرو - ئاسىيا قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بوستانلىق ۋە
يايلاق بۆلىكىگە ئۆتۈشتىكى مۇھىم ئۆتەڭ. ئۇ يۇرتىمىزدا
كۇچادىن قالسا يەنە بىر بۇددا مىڭئۆيلىرى مۇجەسسەملەش-
كەن جاي، خەلقىمىزگە «ئوت ماكانى»، «تۇرپان كارىزلى-
رى»، «تۇرپان ئۈزۈمى» ناملىرى بىلەن تونۇشلۇق. بۇ
جاي يۇرتىمىزدىكى داڭلىق ساياھەت رايونى. پەرىزىمچە
كۆپلىگەن كىشىلىرىمىز بۇ جايدا يەنە نۇرغۇن قەدىمكى مە-
دەنىيەت ئىزنالىرىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىگە
ئائىت يادىكارلىق بارلىقىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ ئا-
دەملىرىمىز ئۇيغۇر بۇددىزىم يادىكارلىقلىرىنىڭ خەلقىمىز تا-
رىخىدىكى مۇھىم رولىغا قىزىقمايدۇ ياكى يۇقىرىدا قەيت قە-
لىنغاندەك بۇنىمۇ «يات دىنىنىڭ مەھسۇلى» دەپ بىلەمدۇ
ئەيتاۋۇر بۇ جايغا كەلگەن بىزنىڭ ساياھەتچىلەر كۆپىنچە
بۇيلۇق سەيلىگاھى، ئىمىن ۋاڭ مۇنارى، ئۇيغۇر كارىزلىرى-
نى ساياھەت قىلىپلا قايتىدۇ. نەچچە يىللار ئىلگىرى، يېقىن
ئۆتكەن زىيالىي تونۇشۇمغا بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 16 - غارى-
نى كۆرسەتكەنىدىم. تام سۈرەتلەردىكى گىلەم نۇسخىلىرىنى،
ئورا كۆز، ساقاللىق چىرايلار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى
كۆرگەن بۇ ئاكا ئاغىنەم «بۇ جايغا ئون نەچچە قېتىم كەل-
گەنمەن، ھەر قېتىم بىللە كەلگەنلەرگە سىلەر كىرىڭلار، بۇ
سىلەرنىڭ مەدەنىيىتىڭلار (بۇتۇڭلار)، مەن سىرتتا ساقلاپ
تۇراي، دەپ دۆڭدە قىلىپ، غارغا چۈشۈپ قاراپ باقماپتى-
مەن، نېمىدېگەن گۈزەل سەنئەت بۇ، قاراڭ ماۋۇ چىرايلار-
غا، نەق ئۆزىمىز كۆرۈنۈپ تۇرامدۇق» دەپ تولىمۇ ھايا-
جانلانغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ غارلار ۋە غار ئىچىدىكى تام
سۈرەتلەر، ئۈن - تىنسىز ھالدا «ھەي ئۇيغۇرۇم بىزگە
ئۇنچە ياتسىراپ قارىماڭلار، بىز سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن 1700
يىل بۇرۇنقى ئەجدادىڭلار ياراتقان يارقىن تارىخ، بىزنى
ياخشىراق كۆرۈۋېلىڭلار، بىزنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق
قىلىڭلار، بىزدە نۇرغۇن يېشىلمىگەن سىرلار يوشۇرۇنغان،
سىلەر بىزدىن يۈكسەك دەرىجىدە پەخىرلىنىشكە ھوقۇق-
لۇق» دەپ خىتاب قىلاتتى. دېمىسىمۇ بۇ رايوندىكى خەلق-
مىز كۇچانى چېگرا قىلىپ، قەشقەر رايونىغا قارىغاندا 600
يىل كېيىن ئىسلاملاشقان بولغاچقا، بۇددىزىم مەدەنىيىتى
تۇرپان ئويمانلىقىدا ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىكەن. ھا-
زىرغىچە ساقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئارخېئو-
لوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن كۆرە، تەسىرى ھەتتا يېقىنقى زامان
ئىدىقۇت ئىسلام مەدەنىيىتىگىچە داۋاملاشقانىدى. «ھىندىس-
تان ۋە ئىران مەدەنىيىتى تۇرپان رايونىدا ئۇچرىشىپ، مۇ-
كەممەل ھالىتىنى ساقلاپ قالغان. بۇ خىل بىرىكىشتىن
ھاسىل بولغان ئالاھىدە ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب، ئىزچىل
غەربكە ئۆزىراپ، ئىسلام سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا چوڭقۇر
تەسىر كۆرسەتكەن» [10] دەيدۇ ئىتالىيەلىك ئالىم بۇساغا-
لى. بۇ جاي مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن دۇنياغا
مەشھۇر ھەم يۇرتىمىزدا ئەڭ بۇرۇن تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئاي-
لانغان رايون. جۇغراپىيەلىك شارائىت بۇ ماكانىنى ياۋرو - ئا-
سىيا قۇرۇقلۇقىدا يەنە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە قىلغان

بولۇپ، ئەلمساقتىن بۇيان يىپەك يولىدا، شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى باغلاپ تۇرغان ھالقىغا ئايلاندۇرغان. نەتىجىدە بۇ جايدا شەرق، غەرب مەدەنىيىتى بىرىككەن كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت شەكىللەنگەن. بۇ خاسىيەتلىك ماكان ئېغىر قۇرغاق رايون تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ، كارىزدىن ئىبارەت يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشى تۇرپان خەلقىنى ئەجدادىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئەۋلادمۇئەۋلاد ھايات كەچۈرۈشكە شارائىت ياراتقان، شۇنداقلا بۇ رايونغا مۇستەھكەم سېغىز توپىنى ئاتا قىلغان. توپا قۇرۇلمىلىق ئىمارەت ياساش بۇ زېمىننىڭ دۇنياغا داڭلىق ماركىسى، بوشلۇقتىن كۆزەتكەندە، پەقەت تەڭرىتاغ سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان مورتۇق ئېغىزى ۋە يار ئېغىزىدىن ئىبارەت ئىككىلا ئېدىرلىق بويلىرىدا پۈتۈن ئىدىقۇت مەدەنىيىتى بەرپا ئېتىلگەن. 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە يارغول قەدىمكى شەھىرى، ئۇنىڭدىن كېيىنرەك ياسالغان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى يۇقىرىقى ئېغىز بويلىرىغا بەرپا قىلىنغان.

دۆلىتىمىز تەتقىقاتچىلىرى ئادەتتە كۆپرەك دۇنياغا داڭلىق دۇنخۇاڭ موگاۋ غارى بىلەن تۇرپان بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئىزچىل بىردەكلىكىنى، خېشى كارىدورىدىن ئىبارەت مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بىلەن تۇرپان- قومۇل ئويمانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ۋە دۇنخۇاڭ غارلىرى بىلەن ئىدىقۇت غارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرىنى ئويلىشىپ، «دۇنخۇاڭ - تۇرپان»شۇناسلىق تەتقىقات ئىسمىنى قوللىنىدۇ. «تۇرپان قەدىمكى قەشقەرىيەنىڭ شەرقىدىكى ماكان، ئەينى دەۋردە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تەسۋىرىي سەنئەت روھى يوقالغان ياكى يوقىلىشقا يۈزلەنگەن ۋاقىتتا، بۇ رايون ئوتتۇرا ئاسىيادا بىردىنبىر ئۆزىنىڭ جۇشقۇن ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. [11] . تۇرپان نامى خەلقئارادىمۇ داڭلىق، ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ھازىرغا قەدەر گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا، شىۋېتسىيە، گوللاندىيە، فىنلاندىيە، ياپونىيە، رۇسىيە... قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك مۇزېي ياكى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا تۇرپانغا ئائىت قەدىمكى يازما ياكى مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ساقلانغان. بۇ بۇيۇملارغا بولغان تەتقىقاتمۇ كەڭ كۆلەملىك ئېلىپ بېرىلغاچقا يۇقىرىقى دۆلەتلەر يىپەك يولى، تۈركشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. گېرمانلارنىلا ئېلىپ ئېيتساق، نېمىسلار تارىم ۋادىسىدىكى مىڭئۆيلىرىمىز ئۈستىدە ئەڭ كۆپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان خەلق، مەدەنىيەت يادىكارلىق ۋە تام سۈرەتلەرنى ئەڭ كۆپ يىغىۋالغانلارمۇ شۇلار، ئۇلار تارىم ۋادىسىدا ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم قېزىش ئېلىپ بارغان، جەمئىي 528 ساندۇق، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 26.8 توننا مەدەنىيەت يادىكارلىق ۋە 600 پارچە قىممەتلىك بۇددىزم تام سۈرەتلىرىنى گېرمانىيەگە ئېلىپ كەتكەن. بۇ مەدەنىيەت بۇيۇملىرىمىز ھازىر گېرمانىيە مىللەتلەر مۇزېيى ۋە بېرلىن «ھىندىستان بەدىئىي سەنئەت مۇزېيى»دا ساقلانماقتا. گېرمانىيەدىكى تۇرپان مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا مارئەن ياردىز ئەپەندىنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: « 1926 - يىلى تۇرپاندىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتىمىز ئاخىرلىشىپ 12 يىلدىن كېيىن، تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىيەت مىراسلار كۆرگەزمىسى بېرلىن مىللەتلەر مۇزېيىدا رەسمىي ئېچىلدى. 27 ئېغىزلىق ئۆيگە لىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ كۆرگەزمىدە مەدەنىيەت مىراسلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ ئىدى، بىر تامغا بېزەكلىكتىن سۆكۈۋېلىنغان چوڭ بىر تام سۈرەت قويۇلغان. 1938 - يىلى 2- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدا، كىشىلەر مۇھىم بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساندۇقلارغا قاچىلىدى، ئۇرۇش ئوتىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ كۆپچىلىك ئەنسىرەشكە باشلىدى ھەمدە تۇرپاندىن چىققان تام سۈرەت ۋە ھەيكەللەرنى بىخەتەر جايغا يۆتكىدى، مەسىلەن: بېرلىندىكى يەر ئاستى ئاكوپ، غەربىي گېرمانىيەدىكى تۇز ئازگىلى دېگەندەك، 1000 ساندۇق مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدە 150 ساندۇقى تۇرپاندىن تېپىلغان مىراسلار ئىدى، مۇزېي خادىملىرى بېزەكلىكتىن سۆكۈۋېلىنغان ئەڭ چوڭ تام سۈرەتنى تامدىن قومۇرۇپ تاغار بىلەن ئوراپ قوغداپ قالغانىدى، ئەپسۇس، 1943 - يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە بۇ مۇزېي بىناسى يەتتە قېتىم بومباردىمان قىلىندى. 1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بۇ مۇزېي بىناسى پۈتۈنلەي پارتىلىتىۋېتىلدى، بېزەكلىكنىڭ بۇ چوڭ تام سۈرىتى پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى، باشقا 70 نەچچە پارچە تام سۈرەتمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. يۇقىرىقى بۇيۇملار ئۇچرىغان تەقدىرنى، بۇزۇلغان ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى گېرىنىدۋېدېل، لېكوك ياكى بارتېس قاتارلىق ئەينى زاماندا تۇرپاندىن ئەكەلگەن كىشىلەر كۆرەلمىگەنتى، چۈنكى، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانتى. [12] سىتەيىننىڭ تۆۋەندىكى خاتىرىسىدە غەرب ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مىڭئۆي تام سۈرەتلىرىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن كەسكەنلىكى قەيت قىلى

نىدۇ: «تاللىغان تام سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىش ۋە ساندۇققا قاچىلاش ئۈچۈن ئىككى ئاي ۋاقىت كېتەتتى. بۇ ھۈنەر نېك. شەمسۇدۇننىڭ يۇقىرى ماھارىتى ۋە جاپالىق ئەمگىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، كۆپ ھاللاردا ئافراز. گورمۇ ياردەملىشىدۇ، ئۇلار قەتئىي تۈردە مېنىڭ كۆرسەتمەم بويىچە، مىرەن تام سۈرەتلىرىنى كەسكەن ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ. ناھايىتى نەپىس تام سۈرەتلەرنىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق كېسىدۇ، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل ئۇسۇل بېزەكلىك مىڭئۆيدىكى تام سۈرەتلەرنى كېسىش ئۈچۈنمۇ تۇنجى قېتىم قوللىنىلدى. بۇ تام سۈرەتلەر يوغان 100 ساندۇققا قاچىلاندى، بىر تۆگە پەقەت بىرلا ساندۇقنى يۈدۈپ ماڭالايتتى.» [13] يۇقىرىقىلار بىزنىڭ يارقىن مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە باشقىلار تەرىپىدىن ۋە ۋەتىنىدىن نەچچە 1000 كىلومېتىر يىراق جايدا دۇنيا ئۇرۇش ئوتىنىڭ زەربىسىدە ئۇچرىغان دىشۋارچىلىقى ئىدى، ھەتتا ياۋروپادەك مەدەنىيەت رايونى ۋە شۇ رايون ئالىملىرىنىڭمۇ بۇزۇشىدىن خالىي بولالمىغانتى.

ھىندىستاندىن تارقالغان بۇددا دىنى كۇسەن بوستانلىقىدىن ئايلىنىپ ئىدىقۇت بوستانلىقىغا ئالاھازەل مىلادى 2 - ئەسىردە تارقالغان، بۇ رايوندا جەمئىي يەتتە ئورۇنغا مىڭئۆيلەر قېزىلغان بولۇپ، ئومۇمىي 237 ئەتراپىدا (يەنە نۇرغۇنلىرى توپا ئاستىدا قالغان بولۇشى مۇمكىن) ساقلانغان تام سۈرەتلىرىنىڭ كۆلىمى 2000 كىۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ، ھەممىسى دېگۈدەك يالقۇن تاغ ئېتەكلىرىگە جايلاشقان. كۆلىمى ۋە سان جەھەتتە كۇسەن رايونىدىن كېيىنرەك تۇرسىمۇ، ياسىلىشىدىكى ئۆزگىچىلىك، كۆپ قاتلاملىق مەزمۇن، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى جەھەتتە ئالاھىدىرەك. قېزىلىپ ئىشلەنگەن بۇيۇملار ياكى مىڭئۆي تام سۈرەتلەردە ئۇيغۇر بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە شەرق، غەرب بىرلەشكەن سىزما ئۇسلۇب ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، بۇ رايوندا كۆپلىگەن بۇددا غارلىرىدىن باشقا يەنە مانى دىنى غارلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ جاھاندا ئاللىبۇرۇن يوقالغان مانى دىنىنىڭ يۇرتىمىزدا ساقلانغان دۇنيادىكى بىردىنبىر مىراسلىرىدۇر. بۇ غارلارنى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچۈپ تۇرپاندا جەم بولۇشقان ئۇيغۇرلار قازغان بولۇپ، بەزىلىرىنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاندانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا ئەسلىدىكى بۇددا غارلىرىنى ئۆزگەرتكەن ياكى يېڭىدىن قازغان. 1980 - يىلى بۇ جايدىن بايقالغان سوغدچە ۋەسىقە دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان يېزىق ماتېرىيالى بولۇپ، سوغدىلارنىڭ يىپەك يولىدىكى مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تەتقىقاتلار يىپەك يولىدىكى بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى يۈنىلىشىگە ۋە بۇ جايدىكى غارلارنىڭ ئىمارەت شەكلىگە ئاساسەن، كۆپلىگەن ئىدىقۇت غارلىرىنىڭ شەكلى كۇسەن ئۇسلۇبىدا (مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غارلار) قېزىلغان بولۇپ، بۇددا ئىمارەتچىلىكى تەرەققىي قىلىپ ئىدىقۇت رايونىغا كەلگەندە تېخىمۇ ئازادە، ئېگىز ياسالغان، شۇنداقلا غار بىلەن ساغرام بىرلەشتۈرۈپ ئىستىقامەت غارلىرى، ساغرام ۋە ئالدى ھويلىدىن ئىبارەت مۇكەممەل ئىستىقامەت سورۇنى شەكىللەنگەن، بۇ غارلار مىلادى 2 - ئەسىردىن 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياسالغان بولۇپ، 5 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە بۇددا دىنىنىڭ تەسىر كۈچى تېخىمۇ شەرققە سۈرۈلۈپ ئىدىقۇت دىيارى شەرق بۇددىزمىنىڭ ئىستىقامەت جايىغا ئايلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە بېزەكلىك مىڭئۆيى بىلەن تۇيۇق مىڭئۆيلىرى ئىدىقۇت بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئوچاقلىرىغا ئايلانغان. بۇ خىل ھالەت 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خىزىر خوجىنىڭ تۇرپان - قومۇل رايونلىرىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىسلاملاشتۇرۇشى بىلەن ئاياغلاشقان.

ئىدىقۇت بۇددىزم دەۋرىدە تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن خېشى كارىدورى ۋە شەرقىي ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسى كۆچەيگەن بولۇپ، تۇرپاندىن ئىبارەت يەنە بىر قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئۇۋىسى، تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان. بۇ ۋاقىتلاردا خەلقئارالىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قوش يۈنىلىشلىك ھالەتتە ئېلىپ بېرىلغان، تاڭ دەۋرىدىكى يۈكسەلگەن بۇددا مەدەنىيىتىمۇ قايتىدىن ئىدىقۇت رايونىغا تەسىر كۆرسەتكەن. سىڭگىم مىڭئۆيى، تۇيۇق مىڭئۆيى ۋە بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىپ سىزىلغان راۋاق، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىكى تۆت چاسا چېدىر ئۆيلەر ۋە ھەر خىل يېزىقلار بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بۇ يەردە بىز ئىدىقۇت بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە پەقەت بېزەكلىك مىڭئۆيى بىلەن تۇيۇق مىڭئۆيىنى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز.

بېزەكلىك مىڭئۆيى ئىدىقۇت دىيارىدىكى ئەڭ چوڭ بۇددا دىنى خارابىسى بولۇپ، ئۇ مورتۇق ئېقىنىغا جايلاشقان. غارلىرىنىڭ سانى 83 بولۇپ، ئىدىقۇت رايونىدا تەسىرى ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانا. تەتقىقاتچىلار بېزەكلىك غارىنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاندانلىقىنىڭ خانلىق ئىستىقامەتخانىسى دەپ بېكىتكەن، ئۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك مەھسۇلاتىدۇر، بۇ غارلار ئىچىدىكى تام سۈرەتلەرنىڭ مەز-

مۇنى كۇسەن ۋە ئۇدۇن رەسسامچىلىق ئۇسلۇبى ئاساسىدا بۇددا نومىلىرىغا ئاساسەن يارىتىلغاندىن باشقا، ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، خان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، چەت ئەل ئەلچىلىرى، كارۋان سودىگەرلەر، شۇ دەۋردىكى تۇرمۇش، بەدىئىي سەنئەتكە ئائىت مەزمۇنلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەملەرنىڭ قىياپەتلىرى، نەقىشلەر، گۈل - گىياھلارنىڭ رەسىملىرىمۇ ناھايىتى تەرتىپلىك، ئوبرازلىق سىزىلغان بولۇپ، بىر قاراپلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەيسەر روھى، ئات ئۈستىدىكى مەردانە قىياپىتى ۋە ئىدىقۇت خاندانلىقىدىكى گۈللەنگەن دۆلەت تەرەققىياتىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ مىڭئۆيدىكى گۈمبەز تورۇسلۇق غارلارمۇ ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخىدىكى مۆجىزە بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىمارەتچىلىك تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. دېمەك، ئىدىقۇت مىڭئۆيلىرىدىكى مەدەنىيەت قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بىۋاستە، گەۋدىلىك چۈشەنچە بىلەن تەمىن ئەتكەن بولۇپ، خۇددى ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بىر تارىخىي كىتابقا ئوخشاشتۇر.

تۇرپان رايوندىكى يەنە بىر مۆجىزە تۇيۇق مىڭئۆيىدۇر. بۇ مىڭئۆي تۇرپان - قومۇل ئويمانلىقىدا ياسالغان ئەڭ بۇرۇنقى غارلار بولۇپ، سۇ بېشىدىن باشلانغان 12 كىلومېتىر دائىرىدىكى بۇ «كارىز سىمان» جىلغا ئىچىگە مەدەنىيىتىمىزنىڭ نۇرغۇن ئىزنالىرى كۆمۈلگەن. بۇ جايدا بۇددىزم خارابىلىرى بار، بۇ جايدا يەنە مانى دىنى خارابىلىرى بار، بۇ جاي يەنە ئىسلام دىنىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى مۇقەددەس جايى. ئۆتكەن ئەسىردە گېرمانلار بۇ يەردىن 17 خىل يېزىق، 24 خىل تىلدا يېزىلغان ھەر خىل دىنىي ۋەسىقىلەرنى تاپقان. تۇيۇق غولى قەدىمكى دەۋردە، غەربىي دىيارنىڭ شەرقىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارىدىغان مۇھىم ئۆتەڭ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن ئەڭ بۇرۇن ئۇچراشقان جاي يالقۇن تاغقا يۆلەپ بەرپا ئېتىلگەن بۇددا مىڭئۆيلەرى، ساگراملار، مازار، قەدىمكى كونا كوچىلار بۇ جاينى كۆپ مەدەنىيەت بىرىككەن، تولىمۇ قەدىمىي، سىرلىق ھەم مەنزىرىلىك كۆرسىتىدۇ. يۇرتىمىز مەدەنىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسى بولغان بۇ ماكان خەلقىمىزگە «تۇيۇق غوجام مازىرى» نامى بىلەن تونۇلغان. نۇرغۇن ئۇيغۇرۇم پەقەت مازارنى تاۋاپ قىلۇدۇكى، غار ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنىڭ دۇردانىسى بولغان بۇددا دىنى ياكى مانى دىنىغا (تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا يەنە ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭمۇ بارلىقىنى تەرىپلىمەكتە - ئا) ئائىت تام سۈرەتلىرىمىز بارلىقىنى بىلمەيدۇ ياكى بىلسىمۇ قىزىقمايدۇ. بۇ جايدىكى دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك كەنتىمىزنىڭ كوچىلىرى خۇددى قەشقەر رەستىلىرىدەك قەدىمىي كۆرۈنسىمۇ بىر ئايلىنىپ چىقىشنى ئويلىمايدۇ. تاغ گۈمۈرۈلۈش، يەر تەۋرەش (1926 - يىلى بىر قېتىم ئالتە بال يەر تەۋرىگەن - ئا) باشقۇرۇشتىكى بوشاڭلىق ۋە باشقا تەبىئىي ئاپەتلەر بۇ تارىخىمىزنى توپا ئاستىغا كۆمۈۋەتكەن بولۇپ، 2011 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات ئورنى بۇ جاينى قازغاندا نۇرغۇن ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر، گۈزەل تام سۈرەتلىرى بايقالغان. شۇڭلاشقىمۇ بۇ جاي خۇددى يوغان غۇلاچ كېرىپ، تارىخنى قۇچاقلاپ ياتقان «ئۇيغۇر بوۋايغا» ئوخشايدۇ، چۈنكى، بۇ غول ئىچىگە خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى تارىخىي مەدەنىيىتى يوشۇرۇنغان، خەلقىمىز ئىشەنگەن ئىككى چوڭ دىنمۇ مۇشۇ جايدا بىۋاستە ئۇچراشقان، بۇ جايغا يەنە ئاتەشپەرەسلىكتىن ئىبارەت قەدىمكى ئۆتمۈشنىڭ مەنىۋى ئىزنالىرى يوشۇرۇنغان.

تۇيۇق مىڭئۆيى 94 بۇددا غارىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ياسالغان دەۋرى بېزەكلىك غاردىن خېلىلا بۇرۇن، كۇسەن غارلىرىدەك غار ۋە ساگراملار ئايرىم - ئايرىم ياسالماستىن غار تاغنى يېرىپ قېزىلغان بولسا، ئالدىغا خام كېسەكتىن ساگرام ئۆيلەرنى قوپۇرۇپ، مۇكەممەل بولغان ھويلىلىق يۇرۇشلەشكەن ئىستىقامەت سورۇنى بەرپا قىلغان. تەتقىقاتچىلار بۇ خىل ھالەتنى ئۇيغۇر بۇددىزم بىناكارلىقى تارىخىدىكى چوڭ تەرەققىيات دەپ قارايدۇ. تام سۈرەت مەزمۇنلىرىمۇ ئاساسەن 4 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگە تەۋە بولۇپ، مەزمۇنى بۇددانىڭ يارالمىش قىسسەلىرى، قەدىمكى يېزىقلار، ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يالقۇن تاغ (يەرلىكلەر قىزىلتاغ دەپ ئاتايدۇ) تەبىئىي ساقلانغان، تولىمۇ يارىشىملىق گېئولوگىيە مەنزىرىسى. تاغ باغرىدىكى تۇيۇق جىلغىسىغا قېزىلغان (ياسالغان) مىڭئۆيلەر، بۇددا مۇنارى، بۇددا ساگراملىرى، ئىسلام مەسچىت - مازارلىرى، ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەدەنىيەت بۇرۇلۇشىنىڭ ئىسپاتلىرى بولۇپ، ئىسلام دىنى مازارلىرى مىڭئۆينىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىپ ياسالغان. ھازىرقى زامان قەبرىلەر يىراق زامان ساگراملارنىڭ ئۈستىگە ياسالغان. مەيلى نەچچە 100 يىللىق ئولتۇراق ئۆيلەر بولسۇن ياكى مازار ئىچىدىكى تام نەقىشلەر بولسۇن جىلغا يۇقىرىسىدىكى مىڭئۆي تام سۈرەتلىرىدىن، تام نەقىشلىرىدىن، ئىمارەت ياساش تېخنىكىسىدىن ئېلىنغان

بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى «ئېتىقاد ئۆزگەرسىمۇ مەدەنىيەت ئۈزۈلمىگەن»لىكتىن ئىبارەت مۇھىم پاكىتنى چۈشەندۈرۈپ تۇرىدۇ. تۇيۇق مىڭئۆيى بىلەن تۇيۇق مازار-مەسچىتلەر بۇددا ۋە ئىسلامدىن ئىبارەت ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخىنىڭ تىپىك مەھسۇلى بولۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ بىۋاستە پاكىتتۇر. ئەجدادلىرىمىز نېمە ئۈچۈن بۇ جاينى تاللاپ، بۇددا ۋە ئىسلامدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دىنىنىڭ ئىستىقامەت جايى قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دەۋرىدىكى ئوت-قۇياشقا چوقۇنۇش ئېتىقادىدىن ھاسىل بولغان قىزىل رەڭنى ئۇلۇغلايدىغان ئادىتىنىڭ ئىزچىل داۋاملاشقانلىقىدىن بىلىش مۇمكىن. چۈنكى، يالقۇن تاغنىڭ رەڭگى قىزىل بولغاچقا، قىزىل رەڭلىك جايلاردا ئىستىقامەت قىلسا خاسىيەتلىك بولىدۇ، دەيدىغان كۆز قاراش بويىچە بۇ قىزىل (يالقۇن تاغ) ئېتىكىنى تاللىغانىكەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئىدىقۇت دىيارىدا بېزەكلىك ۋە تۇيۇق مىڭئۆيىدىن باشقا يەنە تېرەك بۇلاق مىڭئۆيى ۋە سېپسىق بۇلاق مىڭئۆيى (سانى 15)، بەش غار مىڭئۆيى (سانى ئون)، چىغان كۆل مىڭئۆيى (سانى ئون)، سىڭگىم مىڭئۆيى (سانى ئالتە)، يارغول مىڭئۆيى (سانى يەتتە) قاتارلىقلار بار بولۇپ، يارغول مىڭئۆيىدىن باشقىلىرى يالقۇنتاغنى بويلاپ سىڭگىم ۋە تۇيۇق غوللىرىغا يۇلتۇزدەك تارالغان.

## 4. خاتىمە

يىپەك يولىنىڭ خاسىيىتىدىن پەيدا بولغان ئۇيغۇر مىڭئۆيلىرى ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا چاقنىغان مەرۋايىت، كۈسەن ۋە ئىدىقۇت دىيارى بۇ يارقىن مەدەنىيىتىمىزنىڭ بۆشۈكى، يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى قومۇل (ئاراتام مىڭئۆيلىرى، تايزاڭ مىڭئۆي غارلىرى-م)، قەشقەر، قاراشەھەر، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىمۇ قىسمەن غارلار قېزىلغان. تەتقىقاتچىلار پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىدىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىچە بولغان بۇددىزم رايونلىرىنى ئالتە چەمبىرەككە ئايرىپ، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي يۇرت بۇددىزم چەمبىرىكى كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، تاش كېمىر تارىخىنىڭ قەدىمىيلىكى، ئۆيلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە نەپىس تام سۈرەتلىرى جەھەتتە باشقىلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى دۇنياغا مەشھۇر بىباھا گۆھەر، يىراق ئۆتمۈشىمىزنىڭ شاھىتى. ھەممىسى دېگۈدەك تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە جايلاشقان. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ ھەقتە توختىلىپ:

«قەدىمكى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە كۆپلىگەن مىللىي گۇرۇھلار بىر مەزگىل تۇرمۇش كەچۈرگەن ياكى بۇ دىيارنى كېزىپ ئۆتكەن. ئەمما، پەقەت ئۇيغۇر خەلقىلا بۇ زېمىندا غوللۇق مەدەنىيەت يارىتىپ، ھەرقايسى قەلئە-قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن گۈللەنگەن پارلاق يىپەك يولى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ياپونلۇق خانىدا تورو، خانىدا ئاكىرو قاتارلىق غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى مۇتەخەسسىسلىرى يەكۈنلىگەن ئىلمىي ھۆكۈم،[14] دەيدۇ. 2013-يىلى 3-ئايدا تۈركىيە زىيارىتىمدە، تۈركىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ (TRT) باش نازارەتچىسى ئادنان ئەپەندى بىلەن ئەنقەرەدىن ئەسكى شەھەرگىچە ئارىلىقتا ماشىنىدا بولغان سۆھبەت ھېلىمۇ ئېسىمدە، «ئۇيغۇرلاردا بۇددىزم» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى بىلەن دوكتورلۇقنى تاماملىغان بۇ ئالىم: «مەن دوكتورلۇق ئوقۇشتا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندىم. ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تۇنجى مەدەنىي خەلق، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇرلار بىلەن تۇۋالارلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بىز سىلەردىن نۇرغۇن مەدەنىيەت قوبۇل قىلغان» دېگەنىدى. بۇ سۆزلەرنى مەن ئۆزىمىزنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا ئوقۇغان، ئەمما، بىر ئوقۇمۇشلۇق تۈركىيەلىكنىڭ تۈركىيە زېمىنىدا ئۆز ئاغزىدىن تۇنجى ئاڭلىشىم ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ مىلادى 3-ئەسىردە بۇددا دىنى دۇنيا تەۋەسىدە زور كۆلەملىك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولۇپ، ئەينى دەۋردە يۈكسەك مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولغان. بۇ دۇنياۋى مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە تارىم ئۇيغۇرلىرى زور تۆھپە قوشقان بولۇپ، بۇ پەقەت بىزدىن تارقىلىش ھەرىكىتىلا بولماستىن، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ تۈرتكىسىدە يۇقتۇرۇلغان قەدىمىي گرېك مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى ۋە تارىمدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلەر بىرىككەن زور كۆلەملىك مەدەنىيەت يېڭىلىنىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. بۇ خىل يېڭىلىق مىلادى 3-ئەسىردىن 8-ئەسىرگىچە شەرققە سۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دۇجيا ئىدىيەسىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان ھەم شەرقىي ئاسىيالىقلارنى يېڭى مەدەنىيەتكە باشلاپ كىرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىمارەتچىلىكى، نەققاشچىلىقى، ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، يەل-يېمىشلىرى يىپەك يولىنى (ئىستىقامەت يولى) بويلاپ تۈركۈملەپ خۇاڭخې ۋادىلىرىغا سىڭىپ كىرگەن، نەتىجىدە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى بىلەن خۇاڭخې مەدەنىيىتى بىرلەش-

كەن يېڭى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى پەيدا بولغان. يۇقىرىقىلار مېنىڭ دوكتورلۇق ماقالە يېزىش جەريانىدىكى تەتقىقاتىمدىن كېيىنكى يەكۈنۈم بولۇپ، تۈركىيەلىك ئادنان ئەپەندى دېگەنلىرىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. «ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان ئەجدادلىرى، ئۇزاق ۋە ئالاھىدە مۇھىت ئىچىدە، مول رەڭگارەڭ، ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىناكارلىقى، تاش كېمىر سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىقى، رەسساملىق سەنئىتى، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى، تەرجىمىشۇناسلىقى، بولۇپمۇ مول ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات بايلىقى بىلەن يىپەك يولىدىكى بىباھا بايلىق بولۇپ، بۇ مەنىۋى بايلىق بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى خەزىنىسىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلاملىرىنى، شۇنداقلا غەرب ۋە شەرق تەرەققىيپەرۋەر ئەنئەنىۋى پىكىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى ئىزچىل ئىپادىسىنى يورۇتۇش مۇمكىن ئەمەس.» [15]

يۇقىرىقى يەكۈننىڭ مەزمۇنىنى ئۇيغۇر مىڭئۆيلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى بىلەن سېلىشتۇرساق، پەقەت ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتتىن باشقا (ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى نۇرغۇن غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغىمۇ بۇددىزم ھېكايەتلىرى سىڭىپ كەتكەن-ئا) بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىزناسىنى مىڭئۆي غارلىرىمىزدىن تېپىشىمىز مۇمكىن. شۇڭلاشقا، مىڭئۆيلىرىمىزنى چۈشەنمەي ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى ئۈچۈن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، دېسەك ئازراقمۇ مۇبالىغە بولمايدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر مىڭئۆيلىرىنىڭ قىممىتىنى ھەققىي چۈشەنگەن كىشى، دىيارىمىزدىكى مىڭئۆيلىرىمىزگە بارغان ۋاقتىدا ئەتراپ مۇھىتىنى، تام سۈرەتلەرنى ۋە تام سۈرەتلەردىكى ئەجدادىمىزنىڭ قىياپەتلىرىنى كۆرۈپ، ھازىرقىدىن 1700 يىل بۇرۇن قازانغان ئۇتۇقلىرىمىز، ياراتقان ۋە تارقاتقان مەدەنىيىتىمىز كۆز ئالدىغا كېلىدۇ-دە، ئۆزىمىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق يارقىن مەدەنىيەت ھەرقانداق خەلقتە بولۇۋەرمەيتتى، بىزنى دۇنياغا تونۇتقان بۇ بىباھا گۆھەرلىرىمىز نۇرغۇنلىغان دىشۋارچىلىققا يولۇققان [16]، ھەتتا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئاستا ياكى توختاپ قالغان زامانلاردىمۇ، ئاق كۆڭۈل خەلقىمىزنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەنىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ بۇ تەۋەررۈكلىرىمىزنى «يات دىنىنىڭ بىر نېمىسى دېمەي ئۈن-تىنسىز قوغداۋاتقان دېھقانلىرىمىزدىن تېخىمۇ سۆيۈنىمەن. چۈنكى، ئۇلار نەچچە 100 يىل مابەينىدە نەچچە ئەۋلاد كىشىلىرى بۇ گۆھەرلىرىمىزنى قوغداپ كەلگەنىدى. ئۇلار مىڭئۆي ئىچىدىكى مەزمۇننى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، دائىم كىرىپ تۇرغاچقىمىكىن، ئىچىدىكى رەسىملەردىن بىر نەرسىنى سەزگەندەك ھېس قىلىدۇ-يۇ، ئەمما، دەپ بېرەلمەيدۇ. ئاندا-ساندا كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ئۆزئارا دېيىشكەن سۆزلىرىدىن، قىسقىچە مەزمۇننى چۈشەنگەن بىلەن، كىيىنىشىدىن، گېپىدىن، سىياقىدىن بىزگە ئوخشىمايدىغان ساياھەتچىلەر ياكى يۇقىرىدىن ئاندا-ساندا خىزمەت تەكشۈرۈپ ۋە مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن باشلىقلارنىڭ «بۇلارغا ياخشى قاراڭ ھە، جاپا چەكتىڭىز» دەپ قويۇشلىرىدىن بۇ جاينىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ساياھەت يېتەكچىلىرىنىڭ ئۆزى چۈشىنىدىغان تىلدا «ئاكا بۇ مىڭئۆي بەكلا مۇھىم، چوقۇم ياخشى قاراڭ جۇمۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خۇش بولۇپ كېتىدۇ. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۇيۇق مىڭئۆيىگە قارىغۇچى دېھقان مۇھەممەدئاخۇن بىلەن پاراڭلاشقان سۆھبەت خاتىرىسىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىمەن: بىر ئۆمۈر تۇيۇق غارلىرىغا قارىغۇچى بۇ ساپ دىل دېھقان بىلەن 2011-يىلى 8-ئايدا ئۇچرىشىپ، بۇ جايغا بولغان ھېسسىياتىنى سورىغىنىمدا: «كەنتتىكىلەر (غوجام كەنتىنى دېمەكچى) ‹بۇ قالماقلارنىڭ جايى، قالماق بۇتلىرى› دەيدۇ، مەن «ئۇنداق دېمەڭلار، تارىخ ماتېرىيالىغا قارىسام بۇ جاينى ئاتا-بوۋىمىز ياساپتىكەن، 500 يىل بۇرۇن بىز مۇشۇ دىنغا ئىشىنىپتىكەنمىز، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ئىكەن، ئورتاق قوغدايلى» دېگىنىنى ھەمدە «قانچە يىللار ئالدىدا ئىچكىرىنىڭ بىر تېلېۋىزىيە مۇخبىرى مۇنداق دەيدۇ، ئۇ ئايال ‹سەن بىر ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئىكەنسەن، نېمە ئۈچۈن بۇ بۇددا غارلىرىنى شۇنچە ئەستايىدىل قوغدايسەن›، دېگەندە، ‹دۆلەتنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقى، خەلقىمنىڭ مۇھىم تەۋەررۈك مىراسى تۇرسا، چوقۇم ياخشى ئاسرايمەن-دە» دېگەنلىرىم ئېسىمدە، دەيدۇ. كۆسەن غارلىرىنىمۇ، ئۆتكەن ئەسىردە لېكوك، گىرۈندېۋېللار خاتىرىسىدىكى تۆمۈر ياۋشەخۇڭ ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسىدىكى نىياز قاتارلىق مۆمىن كىشىلىرىمىز قوغداپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار نەچچە ئەۋلادتىن بۇيان مىڭئۆينى قوغداۋاتقان دېھقانلىرىمىزدۇر، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىسلام مۇخلىسلىرى بولغىنىغا قارىماي، بۇ يىراق ئۆتمۈشىمىزدىكى بۇددىزم مىراسلىرىمىزنى ئۈن-تىنسىز قوغداپ كەلگەنىكەن. دېمەك، بۇ ساددا دېھقانلارنىڭ روھىدىن، خەلقىمىزنىڭ يىپەك يولىدا پەيدا بولغان، ئىزچىل داۋام ئەتكەن

مەدەنىيەتكە ھېرىسمەن روھنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. گەرچە بۇ بۇددىزم مەدەنىيىتىمىز دۇنيادا ئەڭ ئېغىر قىسمەتلەر، چوڭ كۆلەملىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسىمۇ نەپىس تام سۈرەتلەر، غار ئىمارەتلىرى، ئىپادىلىگەن مەزمۇن قاتارلىقلار ھېلى ھەم دۇنياۋى قىممىتىنى نامايان قىلماقتا ئىدى. مانا ئەمدى دۇنياۋى مىراس دەپ ئېلان قىلىندى، خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارىغا ئايلاندى، مانا بۇ ھەقىقىي دۇنياۋى شۆھرەتتۇر، ھەقىقىي دۇنياۋى قىممەتتۇر. ئۇ، دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى «تىبغى»نىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىققانلىقىنىڭ ئىسپاتى. بىر دۇنياۋى مىراس بىر دۇنياۋى تەشۋىقاتتۇر. بۇنىڭ تۆرتكىسىدە كەلگۈسىدە غەربىي يۇرت بۇددىزم تەتقىقاتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، يۇرتىمىز ساياھەتچىلىكى تېخىمۇ جانلىنىپ، دىيارىمىز يىپەك يولىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھالىتىگە ئوخشاش قايناق بازىرىغا ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە خەلقىمىزنىڭ مەڭگۈي مىراسلىرىغا بولغان تونۇشى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىپ، ئەجدادىدىن يەنە بىر قېتىم يۈكسەك دەرىجىدە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن تارىخنى قايتىدىن ۋاراقلايدۇ، ئەلۋەتتە.

**ئىزاھات**

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى، 125 - ۋە 279 - بەت.

[2] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى، 172 - بەت.

[3] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى، 169 - بەت.

[4] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى، 162 - بەت.

[5] كېلىم كىت (گېرمانىيە): «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 - يىلى، 166 - بەت، خەنزۇچە.

[6] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى، 134 -، 135 - بەتلەر.

[7] گاۋىن ھامبلى (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012 - يىلى، 70 - بەت.

[8] ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي دىيار يىپەك ئۈچمەك مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 - يىلى، خەنزۇچە 8 - بەت.

[9] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي دىيار ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى»، «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىدىن بىر قانچە پارچىلار»، ئابرال ئېلكىتاب بىلوگى ئېلېكترون نۇسخىسى، 2010 - يىلى 8 - ئاي، 22 - بەت.

[10] ماربوساغلى (ئىتالىيە): «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزم سەنئىتى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1992 - يىلى، 70 - بەت، خەنزۇچە.

[11] ماربوساغلى (ئىتالىيە): «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزم سەنئىتى» شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1992 - يىلى 72 - بەت خەنزۇچە.

[12] مارتىن يالدىز (گېرمانىيە): بېرلىن «ھىندىستان بەدىئىي سەنئەت موزېيىدا ساقلانغان تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كېلىش سەۋەبى»، «غەربىي دىيار تەتقىقاتى» 1998 - يىلى 1 - سان، مەنەۋەر ئابدۇكېرىم تەرجىمىسى، خەنزۇچە.

[13] ستەيىن (ئەنگلىيە): «مەركىزىي ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش (خەرىتىلىك) خاتىرىسى»، ۋۇشىن خۋا، چىن لىيەن، خې گۇفاڭ، ئەلىجانلار تەرجىمىسى، گۇاڭ شى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 - يىلى، 899 - بەت، خەنزۇچە.

[14] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى، 132 - بەت.

[15] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى، 125 - بەت.

[16] يۇرتىمىزدىكى بۇ يادىكارلىقلارنى ئۇزاق يىللار مابەينىدىن تاكى 1957 - يىلىغىچە شۇ ئەتراپتىكى دېھقانلىرىمىز قوغداپ كەلگەنىكەن. قىسمەن غارلارنى ھەتتا ھازىرمۇ شۇ ئەتراپتىكى دېھقانلار قوغدايدۇ — ئاپتوردىن.

---

ئاپتور: چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى بىناكارلىق پەنلىرى دوكتورى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدە.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب - ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100 - نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 - 0991



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

### ھېكمەت ئۇنچىلىرى

▲ قەيسەر ئىرادە، جەڭگىۋارلىق، تەۋەككۇل قىلىش روھى، تىرىشچانلىق، ئىزدىنىش ۋە ئالىي غايە مەۋج ئۇرۇپ تۇرغاندىلا مۇۋەپپەقىيەتتىن ئۇمىد كۈتۈش مۇمكىن.

▲ شجائەت ۋە جەڭگىۋارلىق، مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت ھەقىقىي ئەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم پەزىلەت.

▲ ھاياتلىق كارتىنىسىنى توغرا سىزىش شۇ ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

▲ ھەرقانداق ئىشنى ئىخلاس بىلەن قىلىڭ، چۈنكى، ئۇ بىر خىل كۈچ بولۇپ، قىلىشقا قۇربىڭىز يەتمەيدىغان ئىشلارنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى مۇمكىن.

▲ ئادەم گۈلبەرگىدەك خۇشپۇراق چاچمەن دەيدىكەن، ئۇنىڭدا چوقۇم گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت، ئادىمىيلىك مىزان، ئۆزلۈك ۋە كىملىك تونۇشى، كەمتەرلىك، خۇشخۇي مىجەز بولۇشى كېرەك.

**— ئادىلجان ئابدۇرېھىم**

ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تەپەككۇر دوقمۇشلىرىدا

▲ ئالىمنىڭ يۈرىكى يىغلىسا، زالىمنىڭ كۆزى يىغلايدۇ.

**تەپەككۇر دۇنياسى**

▲ ئۇزاق مۇددەت باشقىلارغا بېقىنىپ ياشاش جەريانى ئاخىرىدا مۇستەقىل ياشاش مۇھىتىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ.

▲ مەنىۋى دۇنياسى ئاجىز كىشىلەر ئاسانلا ماددىي دۇنيانىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ.

▲ شەكىللىۋازلىق ئەۋج ئالغان خىزمەتتە ئۈنۈم ھامان پالەچ ھالەتتە تۇرىدۇ.

▲ قىممەت يارىتالمىغان ئەمگەك - ئەمگەك ھېسابلانمايدۇ.

▲ ھەقىقەت يولىدا مۈشكۈلاتلار بەك جىق، ئىنسان شۇ مۈشكۈلاتلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلىگەندە ئاندىن دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى كۆرەلەيدۇ.

▲ سەن ئىلىمدىن بىر غېرىچ يىراقلاشساڭ، ئىلىم سەندىن مىڭ غېرىچ يىراقلىشىدۇ.

**— روزىمەمەت نىزام**

ئاپتور: خوتەن ناھىيە يېڭىئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپتە.

### تەپەككۇر تەرمىچىلىرىم

▲ سەن ئويلىغاننى ھەممە ئادەم ئويلىيالايدۇ، مۇھىمى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتسەڭ ھېساب.

▲ بىكارچى ئادەم — ئىستىرىلكىسىز سائەت.

▲ تەربىيە كۆرگەن ئەر - ئايال بىر - بىرسىگە ئەزىز مېھمان.

▲ قىزلار ئەسلىدە بىر بەدىئىي رەسىم، ئوغۇللار ئاشۇ رەسىمنىڭ رامكىسى.

▲ كەسپىنىلا سۆيۈپ، تۇرمۇشنى سۆيۈشنى بىلمىگەن ئادەم ھەقىقەتەن يالغۇز قالىدۇ.

▲ باشقىلار زىننەتلىگەن ئۆيىدىكى ئۆي جاھازىلىرىدىن ھۇزۇرلانسا، مەن كىتاب تەكچەمدىكى كىتاب - ژۇرناللىرىمنىڭ كۆپلىكىدىن ھۇزۇرلىنىمەن.

▲ پۇلىڭىزنى «قابىلىيەتلىك»كە خەجلىمەي، «قابىلىيەت»كە خەجلىگەن بولسىڭىز، سىزمۇ «قابىلىيەتلىك» بولاتتىڭىز ئەمەسمۇ؟!

▲ قىرغاقتىكى قورام تاشلار بولمىسا، ھەرقانچە كۈچلۈك قارا بورانمۇ دېڭىز دولقۇنىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتەلمەيدۇ.

▲ كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشتۇرغان بىر كۈنلۈك خىزمىتىڭ شۇ كۈنى يېگەن بىر ۋاق ئېسىل تاماقتەك.

▲ ئېگىلگەننى يەنە ئېگىمەن دېسەڭ سۇنۇپ كېتىشى مۇمكىن.

▲ گۈلنىڭ قۇرۇپ كېتىشى يالغۇز سۇغىلا ئەمەس، بەلكى، تۇپراق ۋە ھاۋاغىمۇ مۇناسىۋەتلىك.

▲ جەمئىيەتتىكى بەزى ھاماقەتلەرگە ئاددىيسى كۆن نۇرىمۇ زايە كېتىدۇ. ھەممە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈۋاتقاندا، ئۇلار تېخىچە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئۇخلاۋاتامدۇ.

▲ يۈتىمىزنىڭ ئۇچىغىلا قارىماي ئۇدۇلىمىزغا قاراپ قويايلى.

▲ «بىلىملىك» دەپ قارىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى مىللەت، ياش ۋە جىنس ئايرىماي «قىممەتلىك» ھېسابلايمەن.

▲ قاراپ تۇر! ھامان بىر كۈنى قىلغان ئىشلىرىم بىلەن سېنى تەسىرلەندۈرمەي قويمايمەن.

— مۇختەر مۇھەممەد

ئاپتور: باي ناھىيە قىزىل يېزا خەلق ھۆكۈمىتىدە

## قەلب چېقىنلىرى

▲ ئۇن غاپىل بار يەردە بىر ئاقىلغا يوك،
ئۇن ئاقىل بار يەردە بىر غاپىلچۇ؟ شۇك!
▲ ئاقىلغا نىسبەتەن كىتابسىز كۈنلەر،
بەرگىدىن ۋاقىتسىز توزىغان گۈللەر...

— ئابلىز ئوبۇلخەيرى (مەرىپەت)

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنتى 143 - قورۇدا

## ھېكمەت ئۈنچىلىرى

▲ ھاياتلىقتا ئۆزۈڭگە تېگىشلىك بولغان نېسىۋەڭگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىل، ئەگەر ھەممىگە تەڭ ئېرىشىمەن دېسەڭ، ھەممىدىن مەھرۇم قالىسەن.

▲ ھاياتلىقتا ساڭا كېلىدىغان ھەرقانداق ئار - نومۇس ۋە ھاقارەتلەر زىيادە ئاچكۆزلۈكتىن كېلىدۇ.

▲ ھاياتلىقتا ساڭا كېلىدىغان ھەرقانداق ھەسرەت - نادامەت ۋە پۇشايمانلار زىيادە ئاچچىقلىنىشتىن كېلىدۇ.

▲ ھاياتلىقتا ساڭا كېلىدىغان ھەرقانداق بەختسىزلىك زىيادە ھەسەتخورلۇقتىن كېلىدۇ.

▲ ھاياتلىقتا ساڭا كېلىدىغان ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىكلەر غەيۋەت قىلىشتىن كېلىدۇ.

▲ ھاياتلىقتا ساڭا كېلىدىغان ھەرقانداق خار - زەبۇنلۇق بىلىمسىزلىكتىن كېلىدۇ.

▲ ھاياتلىقتا ساڭا كېلىدىغان ھەرقانداق ئەسكى نام - ئاتاقلار ئەللە - مەھەللە، قولۇم - قوشنىلىرىڭ بىلەن ئەپ ئۆتمەسلىكىڭدىن كېلىدۇ.

▲ ھاياتلىقتا سېنىڭ ئەڭ يالغۇز، ھەم يېتىم قىلىشىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئاساسلىق ئامىل زىيادە تەكەببۇرلۇق قىلىش ۋە ئاداۋىتىڭنىڭ قاتتىق بولۇشىدىن كېلىدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن ھەسەن

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە شادلىق دوختۇرخانىسىدىن

## ئاچچىق - چۈچۈك پاراڭلار

▲ بىراۋدىن يېتىدىغان دۇنيالىق پايدا - مەنپەئەتنى دەپ دوست بولغان كىشى ئەڭ رەزىل ئادەمدۇر.

▲ كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئۆز - ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭ ئۆمۈر كۆرۈش ياكى ئۆزىنى ئىسراپ قىلىۋېتىش ئەمەس.

▲ ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئۆز ھېكمىتى ۋە قانۇنىيىتى بولىدۇ، شۇ ھېكمەت ۋە قانۇنىيەتتىن چەتنىگەن ئىشلار ئادەمنى ھالاكەتكە باشلايدۇ.

▲ ئەقىل — ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ كاتتا نېمەت، ئىنسان ئەقلى ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئارقىلىق يۈكسەك ئورۇن، كاتتا مەقاملارغا ئىگە بولالايدۇ.

▲ قەيەردە ئىلىم ئەھلىلىرى كۆپ بولسا، شۇ يەردە ئىلىم - پەننىڭ كاتتا نەتىجىلىرى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بىر قوۋم ئىچىدە ئىلىملىكلەر كۆپەيسە، شۇ قوۋمدا ئىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىدىغانلار كۆپ بولىدۇ. يۇقىرىقى قوۋمدا ئىلىم ئېلىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە مىللەتنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئىلىم ئەھلى ھۆرمەتلەنمىگەن، ئىلىمسىزلىك پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقان قوۋم بولسا ھەر ۋاقىت خار - زەبۇنلۇقتا ئۆتىدۇ.

▲ ۋاقىت قارىشى سۇس ئادەملەرنىڭ پۇشايمىنى كۆپ بولىدۇ.

▲ بىر تال كۆچەتنى ۋاقتى - ۋاقتىدا سۇغۇرۇپ، ئوغۇتلاپ ۋە ياۋا چاتاقلىرىنى پۇتاپ، پەرۋىش قىلغاندىلا باراقسان ئۆسىدۇ، مېۋە بېرەلەيدۇ. بىر بالا ئائىلە، جەمئىيەت ۋە مەكتەپنىڭ تەربىيەسى ئۆزئارا ماسلاشقاندا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

▲ ئادەم ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى يوقاتقاندا ھەممە نېمىسىنى يوقىتىدۇ.

▲ پاك دىل ئادەم مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، دىلىدا كىر بار ئادەم ھەسرەت - نادامەتتە ئۆتىدۇ.

▲ نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭ ئۈستىدە ئويلىنىش بىلەن بىللە، نېمىلەرنى قىلالمىغانلىقىڭ ئۈستىدىمۇ ئويلىنىپ قوي.

— مۇھەممەدجان تىلىۋالدى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتۇقاي كەنتىدە دېھقان

## سۈكۈت ئىچىدىكى خىياللار

▲ ياخشىنى بۇزۇپ - چېقىشنىڭ كۆپەيگىنى، چىرىكلىكنىڭ كۆكلىگىنى.

▲ ئەدەپ كەتسە چىرىكلىك، ئەلنى باسار غېرىبلىق.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىر - بىرىدىن پۇراقلىق بولۇپ، كىشىنىڭ روھىغا سىڭىپ كىرىپ ئوزۇقلاندۇرسا، بەزىدە تەپەككۇرىمىزنى غىدىقلاپ ئويغىتىدۇ، ئويلاندۇرىدۇ.

▲ نورمالسىز تور دۇنياسى ياشلارنى بىر بولسا قېرىتىدۇ، بىر بولسا چىرىتىدۇ.

▲ تۇرمۇش تىرىشچانلار ئۈچۈن جەڭگاھ، ھۇرۇنلار ئۈچۈن ئارامگاھ (ئۆلۈمگاھ).

▲ چۈمۈلىگە قاراپ ئىشچانلىقنى، ئاق قۇغا قاراپ تەرتىپنى ئۆگەن.

▲ پىلدەك كۈچۈڭ بولسىمۇ، ئەقلىڭ بولمىسا يەنىلا ئاجىزسەن.

▲ ئەقىل بىرلىكى بولمىغان ئەلدە، چېچىلاڭغۇلۇق ئەۋج ئالىدۇ.

▲ بىر نۆۋەت كېلىپ - كېتىدىغان، كۆيۈپ ئۆچۈدىغان ھاياتلىقنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەر بىر تىنىقمۇ بىر پۇرسەت.

▲ ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى ئۇتۇقلۇق بولمايدۇ ھەم روھىي تۇراقسىز بولىدۇ.

— ئابدۇجېلىل تۇرسۇن

ئاپتور: غولجا شەھىرى شىنخۇا غەربىي يولى 16 - كوچا 157 - قورۇ.

## ئۆمۈر ساۋاقلىرى

▲ تۇرمۇشتا بەزىدە بىر قاپ سەرەڭگە بىلەن ئوچاقتىكى تەييار ئوتتۇنغىمۇ ئوت تۇتاشتۇرالمايمىز. لېكىن، مۇنداقلا تاشلىۋەتكەن تاماكا قالدۇقىمۇ غايەت زور ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. مېنىڭچە ھايات يولىدىمۇ شۇنداق، بىزنىڭ مۇنداقلا قىلىپ قويغان ئىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى بىزنىڭ بىر ئۆمۈر بارلىق زېھنىمىزنى، ۋاقتىمىزنى ۋە بايلىقىمىزنى سەرپ قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسىدىنمۇ ياخشى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز قىلىشقا تېگىشلىك ھەرقانداق ئىشنى چوقۇم ئەستايىدىل قىلىشىمىز، بېسىشقا تېگىشلىك ھەر بىر قەدەمنى تولۇق بېسىشىمىز كېرەك.

▲ خانىم - قىزلارغا شۇنداق سوئال قويغۇم كېلىدۇ: ئاياللار ياراتقۇچى ئۆز قولى بىلەن سىزغان ئەڭ گۈزەل، ئەڭ رەڭدار، ئەڭ تەبىئىي بىر پارچە رەسىم، ئەمدى بىز ئۇنىڭغا ھەر خىل رەڭلەرنى بەرسەك، ئۇ رەسىم بۇزۇلامدۇ، تۈزۈلەمدۇ؟

▲ بىز ئانىدىن تۇغۇلۇپلا ئۆلۈمگە قاراپ ماڭغان بولىدىكەنمىز. ئىنسان شۇڭا يىغلاپ تۇغۇلسا كېرەك. بەزىلەر يىغلاپ تۇغۇلۇپ - يىغلاپ ياشاپ - يىغلاپ ئۆلىدىكەنمىز. بەزىلەر يىغلاپ تۇغۇلۇپ - يىغلاپ ياشاپ - كۈلۈپ ئۆلىدىكەنمىز. بەزىلەر يىغلاپ تۇغۇلۇپ - كۈلۈپ ياشاپ - يىغلاپ ئۆلىدىكەنمىز، بەزىلەر يىغلاپ تۇغۇلۇپ، كۈلۈپ ياشاپ، كۈلۈپ ئۆلىدىكەنمىز.

▲ مېنى ئويلاندۇرالمايدىغان كىتابنى ئوقۇمايمەن، شۇندىلا پىكىر قىلالايمەن.

— تاشمۇھەممەد مۇساجان

ئاپتور: غۇلجا شەھەر شىنخۇا شەرقىي يولى 24 - خاڭ 57 - قورۇ

## ئىپتىخارنىڭ يۈرەك تىۋىشلىرى

▲ شۇنداق كىتابلار باركى، كۆز يۈگۈرتۈپ قويسىلا بولىدىغان، يەنە بىر خىل كىتابلار باركى، مېغىزنى چېقىپ ھەزىم قىلىش كېرەك.

▲ توغرا سۆزلەپ تۇرۇپ خاتا ئىش قىلىشتىن ئۇيالماسلىق ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر.

▲ ھەققىي خورلۇق — مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەرنىڭ قولىغا قېلىش.

▲ خىشلارنىڭ خىسلىتىگە قاراڭ، ئۇلار بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇشۇپ ئېگىز تام ھاسىل قىلىدۇ.

▲ ئۆز ئىشىغا پۇختا ئادەم دۇنياغا گۈل تۇتسا، ئۆز ئىشىغا چولتا ئادەم تىكەن تۇتىدۇ.

▲ مەن دۇنيانى كۆرەلەيدىغان كۆزۈم بولغانلىقى ئۈچۈن

بەختلىكمەن.

— نۇربىيەم قۇدرەت (ئېپتىخار)

ئاپتور: پوسكام ناھىيە پوسكام يېزا داغچى كەنتى 3 - مەھەللىدە

▲ نادان دوستۇڭدىن ياردەم سورىغاندىن كۆرە دانا دۈشمىنىڭدىن مەسلىھەت سورا.

▲ ئەخلاق كىرىزىسى كۆرۈلگەن جايلاردا نادانىنىڭ خۇشاللىقى تولا، دانانىڭ خاپىلىقى تولا.

▲ كىشىنىڭ ئەنسىز چىلىك ئىچىدە ئۆتكەن كۈنى — مەنىسىزلىككە تولغان تۈنىدۇر.

▲ ئاچچىق بىلەن غەزەپنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتالىغان كىشىگە خارلىق، ئازاب، پۇشايمان يېقىن يولىمايدۇ.

▲ شەھۋانىي ھەۋەس سەۋداسىغا گىرىپتار بولغۇچى — بىر ئۆمۈرگە يەتكۈدەك ئاچچىق ئازاب ۋە پۇشايمانغا قالىدۇ.

▲ ھەقىقەتنىڭ ئورنىنى قاباھەت ئىگىلىۋالغىنىدا — ئىلىم ئەھلىنىڭ خىيانىتى باشلىنىدۇ، نادان قوۋمىنىڭ قىيامىتى باشلىنىدۇ.

— ماخمۇت ئەخمەت

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزىلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى.

## تەپەككۇر بىخلىرى

▲ ئېغىرلىق — سەۋرلىك، يەڭگىللىك — شاللاقلىق، شاللاقلىق — شەيتانلىق.

▲ كۆز تەبىئىي كۆز، تەپەككۇر كۆزى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ھايۋانلار ۋە نادانلاردا تەپەككۇر كۆزى بولمايدۇ. تەپەككۇر كۆزىدە تەبەسسۇم دۇنياسى جىمىرلايدۇ.

▲ گۇمانخور ئادەم ھەسەتخور كېلىدۇ، بۇ ساقايماس كېسەل خۇددى راكقا ئوخشاش.

▲ بىزدە «كېرەك»لەر كۆپ، «قىلىمەن»لەر ئاز.

— ئابدۇۋاھىد توختى (ۋاھىدى)

ئاپتور: قەشقەر شەھەرلىك 10 - ئوتتۇرا مەكتەپ پېنسىيونېرى.

## تەپەككۇردىن تەرمىلەر

▲ كىچىكىمدە، ئانام تولا گەپ سورىمسۇن دەپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالاتتىم، ھازىر بالام تولا گەپ سورىمسۇن دەپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالىدىغان بولدۇم.

▲ نەچچە 100 يۈەنلىك كىيىمدە ئىچىلمىغان كۆڭلۈم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نى ئوقۇپ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى.

— مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى ئاساسلىرى كافېدراسىدا.

## ئەقىل ھېسلىرى

▲ غايە نىشانغا تەشنا، نىشان پىلانغا تەشنا، پىلان ھەرىكەتكە تەشنا.

▲ قەلب ئىشكىكىڭىزنى ئېچىۋېتىڭ، بەختنىڭ كىرىشىنى توسىۋالماڭ.

▲ كىشى تۇرمۇشتا ئەر دەپلا ئەمەس، ئەركەك دەپمۇ ئاتىلىشى كېرەك.

▲ ئورنىڭدىن تۇر! چىقىپ ئەينەككە قارا! سەن ئۇنى چۈشىنىشكە توختىماي تىرىشقىن. چۈنكى، باشقىلار ساڭا ياردەم قىلالمىسا، ئۇ ساڭا چوقۇم ياردەم قىلىدۇ.

▲ باھانىنىڭ كېرىكى يوق، ئىرادە كېرەك.

▲ مال - بىساتنىڭ، ھوقۇق - ئىمتىيازنىڭ، كېلىشكەن قەددى - قامىتنىڭ ھامان كېتىدۇ. مەڭگۈ قالىدىغىنى ياخشى سۆز ۋە ياخشى ھەرىكەتتۇر.

▲ تىرىشچانلىق كۆپايە قىلمايدۇ، مۇھىمى تاللاشتۇر.

▲ ھەر كۈنلۈك مەشغۇلاتنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش تۇرلۇك بېسىمنى پەسەيتىدىغان ئۈنۈملۈك دورا.

— ھەزرىتى ئەلى مامۇت

ئاپتور: قەشقەر شەھەر قوغان يېزا 12 - كەنتتىن.

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ ئالغان بىلىمگە قانائەت قىلمىساڭ ئالىملىققا يېقىنلايسەن، تاپقان مال - دۇنيايىڭغا قانائەت قىلمىساڭ ئۆلۈمگە.

▲ ئەقىللىق پادىچىنىڭ قويلىرىغا - بۆرە چېقىلالمايدۇ.

▲ يۈز - كۆزىڭنى بويىغان شۇ پۇلغا — كىتاب ئېلىپ ئېڭىڭنى بويىساڭچۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشمەك مىڭ قەدەم، ئىشەنچىدىن چۈشمەك بولسا بىر قەدەم.

▲ نادان دوستۇڭدىن بىرى كۆپايە — پۇشايمىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ.

— ئابدۇرېھىمجان ئەمەت

ئاپتور: شىنجاڭ يىنىك سانائەت ئىنستىتۇتى 2011 - يىللىق سودا ئىنگلىز تىلى مىللىي سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر يۇلتۇزلىرى

▲ پاسىق ئادەمنىڭ قولى زۇلۇمنى تۇتۇپ تۇرغان بولىدۇ.

▲ خاسلىقنى يوقاتقان ئادەم ھېچكىمگە تەۋە ئەمەس.

▲ ھوشيارلىق ــ ئەقىل - پاراسەتنىڭ زىننىتى.

▲ تەبىئەت گويا مۆكۈلۈق بىر كۆي.

▲ ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشى ياخشى ئادەم بىلەن، ئادەمنىڭ ھايۋانغا ئۆزگىرىشى يامان ئادەم بىلەن.

ــ ئەكبەرجان ھۈسەيىن

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ 2012 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر چېقىنلىرى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ئارىمىزدىكى بىر قىسىم مەدەنىيەت قارىغۇلىرىغا ھەقىقىي شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان روھىي ئەينەكتۇر.

▲ ۋاقىتنى تېجەش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ــ ئۆمۈرنى ئۇزارتقانغا تەڭ بولغىنىدەك، ئىقتىسادنى تېجەپ سەرپلەشمۇ پۇل تاپقانغا باراۋەردۇر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دىكى تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى ھەرقېتىم ئوقۇغىنىمدا، گويا مىللىتىم ئىچىدىكى ئالىيجاناب كىشىلەر بىلەن بىر قېتىم ھال - مۇڭ بولۇشۇپ چىققاندەك روھىم يېنىكلەپ، دىل ئاسمىنىم يورۇپ قالىدۇ.

▲ چاق ئېغىر يۈك كۆتۈرگەچكە بىر لېنىيەنى بويلاپ تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، لېكىن، شار سەللا شامال چىقسا بىر ئىزدا تۇرالماي ھەممىلا جايغا چېپىپ باققۇسى كېلىپ سەكرەپ كېتىدۇ، گەرچە ھەر ئىككىسىنىڭ ئىچىگە قاچىلانغىنى ئوخشاشلا يەل بولسىمۇ.

▲ ئەقىللىقلار كۆپ ھاللاردا بەختسىز كېلىدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئازابلىنىشنى بىلىدۇ، شۇڭا كۆزلىرى دائىم نەمدىن قۇرۇمايدۇ.

▲ ئەركەكلىرىمىز نەپسىگە بېرىلىپ بەللىرىدىن كېتىپ «لىڭتاسما»لاشقانسېرى ئاياللىرىمىز قىلغىلى باشقا قىلىق تاپالمىغاندەك كۆكرەك، كاسىسلىرىنى تومپايتىپ «جاگۈزەل»لىشىۋاتىدۇ.

▲ مائارىپىمىزدا شەكىلۋازلىقنىڭ شىددەت بىلەن ئەۋج ئېلىۋېرىشى ھەممىگە قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىۋېرىدىغان بىر توپ جانباقتى ماڭقۇرتلارنى تەربىيەلەپ چىقىدۇكى، ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئىلىم ئاشىنالىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالمايدۇ.

▲ « XX گىرىم بۇيۇملىرىغا ھېچقانداق ھايۋانات مېيى ئارىلاشتۇرۇلمىغان ساپ، تەبىئىي مەھسۇلات» دېگەن پەلپەتىش جۈملىدىكى گىرامماتىكا خاتالىقىنى دېمىگەندىمۇ، تەبىئىيلىك بىلەن سۈنئىيلىكنىڭ پەرقىنى ئىلغىيالمايدىغان قاپاقباش ئېلانۋازلارنىڭ ئاۋام خەلقنى قانچىلىك زاڭلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس.

▲ جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ بەرپاچىسى ماۋ زېدۇڭ ئەينى يىللىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە چاقىرىق قىلىپ: «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن مەشھۇر ئۇتۇقنى سۆزلىگەن تۇرۇقلۇق، بۈگۈنكى كۈندە بەزى ئەمەلدارلار خاس ئۆزىنىلا خەلق دەپ چۈشىنىپ قالغاچقا، ھەر بىر ئىشنى بېجىرىشتىن ئىلگىرى، بۇنى قىلسام ئۆزۈمگە زادى قانچە پۇللۇق خىزمەت قىلغان بولىمەن، دېگەن سوئالنى قويىدىغان بولۇپ كېتىشتى.

▲ تەشۋىقاتلىرىمىزدا خاس ماددىي ئوزۇقلار ۋە تاشقى پەرداز بۇيۇملىرى ھەققىدىكى ئېلانلارنىڭ كۆندىن - كۆنگە ئاۋۇپ كېتىشى، كەلگۈسىمىزدە بىزدە ئىلىم ئادەملىرى ئەمەس، ئەكسىچە يەپ تويماس پوكانبايلار بىلەن ياسانچۇق غىتمەكلەرنىڭ ئاۋۇپ كېتىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىمىكىن دەيمەن.

▲ ئېتىقاد ــ ئىنسان قەلبىنى بىر - بىرىگە چاپلاپ تۇرىدىغان مەنىۋى يېلىمدۇر.

▲ دېمەيدىغان ھەم قىلمايدىغان ئادەم بەئەينى تىرىك مۇردىدۇر؛ دېمەي قىلىدىغان ئادەم پۇختا ئادەمدۇر؛ دەپ تۇرۇپ قىلىدىغان ئادەم مەرد ئادەمدۇر؛ دەيدىغان، لېكىن ئەمەلدە كۆرسەتمەيدىغان ئادەم تۇترۇقسىز ئادەمدۇر.

▲ نەپسىنى قاندۇرۇش ۋە نەسلىنى قالدۇرۇش ئۈچۈنلا قۇرۇلغان ئائىلە گويا قۇم ئۈستىگە قوپۇرۇلغان مۇنارغا ئوخشايدۇ، سەللا بوراننىڭ شەپىسى بولغان ھامان ئۆرۈلۈپ كۆكۈم - تالقان بولىدۇ.

▲ تىل ماددىي نېمەتنىڭ تەمىنى تېتىيالىغىنىغا ئوخشاش، دىلمۇ مەنىۋى ئوزۇقنىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دىكى يازمىلارنى ئوقۇپ بېقىڭ.

▲ «موللا مۇشۇكتەك ياۋاش بولۇش» دېگەن ئىدىيەنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىرى كۆپىيىپ بارغانسېرى ۋۇجۇدىدىكى تەبىئىي گاڭگۇلۇق بىلەن تۇغما جاسارەت دېگەنلەر بىراقلا ئۆلۈپ، خۇددى ئۆيى مۇشۇكىدەك مۇلايىملىشىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

▲ نۆۋەتتە بىزلەر ئائىلىمىزدىن، جەمئىيەتتىن ۋە مەكتەپتىن ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىلىم، تەربىيەنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دىن ئالالماقتىمىز.

▲ ھەرقانداق تاۋار تەرەققىي قىلغانسېرى ھەجمى كىچىكلەپ بارىدىغانلىقىدىن قارىغۇلارچە ئۆرنەك ئالغانمۇ قانداق، مۇشۇ كەملەردە يىگىت - قىزلىرىمىزنىڭ ئۇستىباشلىرىمۇ «تەرەققىي قىلىپ» بارغانسېرى ئىخچاملىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

ــ ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام

ئاپتور: نىيە ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە.



# مەنىۋىيەتنى نۇرلاندۇرىدىغان ئامىللار

تۇرسۇنمۇھەممەد توختى

مۇبادا ئادەمدە مەنىۋىيەت بولمىسا ئادەمىيلىك تەبىئەتمۇ بولمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم مەنىۋى مۇكەممەللىك ئۈچۈن تىرىشمىسا روھىي قۇللۇقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا، ھاياتنى قىممەتكە ئىگە قىلىشنى نىشانلاپ ياشاۋاتقان كىشىلەر بىر ئۆمۈر مەنىۋى مۇكەممەللىك قوغلىشىپ ياشايدۇ. مەنىۋىيەتنى روھىي تىرەك قىلىپ ياشايدىغان ئادەمگە نىسبەتەن، ئۇنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىش ھاجەتسىز بولسا كېرەك. بىز ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق، مەنىۋىيىتى نامرات بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇماي، ھاياتنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇرراق چۈشەنمەي، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تار دۇنياسىدا جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خالىي ھالدا، تولىمۇ ساددا تەبىئەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ ياشاۋاتقانلىقىنى، جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى؛ مەنىۋىيەتتىن ئىبارەت روھىي ئەنگۈشتەرگە تايىنىپ ھاياتتىن ھوسۇل ئېلىپ ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ تېخىمۇ ئۇرغۇپ، ئۆزلۈك قىممىتىنى ئاشۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. ئۇنداقتا مەنىۋىيەت قايسى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟ مەنىۋى نامراتلىقتىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك؟ مەن بۇ ماقالىدە مەنىۋىيەتنى تىرەپ تۇرىدىغان، مەنىۋىيەتنى بېيىتىدىغان بىر قانچە مۇھىم ئامىل ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەزىز ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچى.

## «ئۆزۈڭنى تونۇ!»

### ئۆزىنى تونۇش

مېنىڭچە، مەنىۋىيەت سەپىرى ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا موللىشىپ، مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. بىز تۇرمۇشتا كۆپ تىلغا ئالىدىغان «ئۆزۈڭنى بىل» دېگەن ئۇقۇمنى مەشھۇر سۆز سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئادىدىي مەنىدە چۈشىنىمىز. ئەپسۇسكى، بۇ دۇنيادا بىر ئۆمۈر ئۆزىنى تونۇماي ياشايدىغان ساددىدىل ئادەملەر ئاز بولمىسا كېرەك. بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئۆزىنى تونۇشتىن ئىبارەت مەنىۋى مۇساپىنىڭ باشلانغانلىقى — روھىي ئويغىنىشنىڭ، ھاياتقا نىسبەتەن ئەھمىيەتلىك سوئال قويالىغانلىقىنىڭ ۋە جاۋاب ئىزدەۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا ئادەتتىكى ئادەملىك سالاھىيىتىدىن ھالقىشنىڭ بېشارىتى. ئۆزىنى تونۇش — غەپلەتتىن ئويغىنىپ ھاياتنى ھەقىقىي چۈشىنىشنىڭ ھەم دانالىقنىڭ تۇنجى قەدىمى، شۇنداقلا ئادەمىيلىك قىممەتنى نامايان قىلىشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىنى بىلمەي ۋە

تونۇماي تۇرۇپ ھاياتنى مول مەنىلەر بىلەن بېيىتقىلى، ئەھمىيەتلىك ياشىغىلى بولمايدۇ. بۈيۈك پەيلاسوپ سوقرات بۇنىڭدىن 2400 يىل ئىلگىرىلا پەلسەپىنىڭ نېمىلىكىگە «ئۆزىنى بىلىش» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. يۇناننىڭ دايفىلى ئىبادەتخانىسىغىمۇ «ئۆزۈڭنى تونۇ!» دېگەن بۇ مەشھۇر ئىبارە يېزىلغانىكەن. مانا بۇ ئىبارىگە، ۋەزنى تاغدەك ئېغىر سىر ۋە ھېكمەتلەر يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. جالالىددىن رۇمى: «زامانىمىز ئالىملىرىمۇ قىلنى قىرىق يارىدۇ، ئۆزلىرىگە باغلىق بولمىغان مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەرنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئەمما ناھايىتى مۇھىم، ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ يېقىن بولغىنى، يەنى ئۆزلىرىنى، ئۆز ماھىيىتىنىڭ ھالال ياكى ھارام ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ» [1] دەپ ئېيتقىنىدەك، ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلغۇچى ئىپتىدائىي ئادەمدىن، تەبىئەتنى بويسۇندۇرماقچى بولغان ۋە تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتمەكچى بولۇۋاتقان زامانىۋى ئادەمگە ئايلانغۇچى بولغان ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، گەرچە ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ئاجايىپ ئىختىرا، يېڭىلىق، مۆجىزىلەرنى روياپقا چىقىرىش ئارقىلىق، بۈگۈنكىدەك زامانىۋى دۇنيانى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۆزلىرىنى تونۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ نازۇك، ئەڭ ماھىيەتلىك مەسىلىگە تولىمۇ كېچىكىپ نەزەرىنى ئاغدۇرۇشتى. بەلكى، بۇ بىز ئىنسانلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمىزنى باشقىلارغا، تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرىگە زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋېلىپ، ئەسلىي ماھىيەت ھېسابلىنىدىغان ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغانلىقىمىزدىن ياكى ۋۇجۇدىمىزغا يوشۇرۇنغان كۈچ - قۇدرەت ۋە سىر ھېكمەتلەرنى تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىمىزدىن بولسا كېرەك.

ئاقىللارنىڭ ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ۋە ئەشەددىي رەقىبى — ئۆزى؛ ئادەمنى ھەقىقىي نابۇت قىلىدىغىنى باشقىلار بولماستىن بەلكى ئۆزى؛ ئۆزىنى تونۇمىغان، ئۆزىنى يېڭەلمىگەن، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتالمىغان ئادەم مەۋجۇتلۇقىنى ئۇزاق داۋاملاشتۇرالمايدۇ، دېگەندەك مەزمۇندىكى كەسكىن ئاگاھلاندۇرۇشلىرى، ئۆزلۈك ھەققىدىكى بىلىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىگە نىسبەتەن تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىزنى كۈچەيتمەي قالمايدۇ. جون روسكىن ئېيتقاندەك: «ئاقىللارنىڭ بىرىنچى پرىنسىپى ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى بىلگەندىلا ئۆزگىنى بىلگىلى بولىدۇ». ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە ئېتىبارسىز قاراش بارلىق كۈلپەتلەرنىڭ يىلتىزى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىنى تونۇماسلىق ئادىمىيلىك قىممىتىنى نامايان قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. ئۆزىنى يېڭەلمىگەن ئادەم ھەرگىزمۇ باشقىلارنى يېڭەلمەيدۇ، ئۆزىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ باشقىلارغا تەسىر كۆرسەتكىلى، تەقدىردە بۇرۇلۇش ياسىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر «ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ھەقىقىي چۈشەنسەڭ، ئۆزۈڭنى بۈيۈكلۈككە زورلاش ئارقىلىق ئۆزۈڭگە تەئەللۇق بولغان ئۇلۇغ دەقىقىلەرنى قۇچاقلىيالايسەن... ئۆزۈڭنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىڭنى، نېمە قىلماقچى ۋە نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىشىڭ، ئۆزۈڭدىكى ئۆزگىچىلىك ۋە تالانتنى بايقاش، ئۇ پەقەت بىر باشلىنىشتىنلا ئىبارەت، خالاس. لېكىن، ئۇ باشلىنىشنىڭ قىممىتى، ئۇ يارىتىدىغان نەتىجىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى» [2] بولىدۇ.

ئادەتتە كىملىك گۇۋاھنامىسىدىكى ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، تۇغۇلغان ۋاقتى، تۇرۇشلۇق ئادرېسى، كىملىك نومۇرى، قايسى دۆلەتنىڭ گىراژدانى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى يۈزەكى ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. سىز ئائىلىدە ئاتا - ئانا ياكى پەرزەنت، جەمئىيەتتە پۇقرا، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ياكى ئوقۇغۇچى ھېسابلىنىسىز. دېھقان، ئىشچى، كادىر، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى... دېگەندەك ئاتالغۇلار پەقەت سىزنىڭ قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىڭىزدىن ئىبارەت كەسپىي سالاھىيىتىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سىزدە يەنە رايون كىملىكى، دىنىي كىملىك، مىللىي كىملىكتەك بىر قاتار سالاھىيەتلەر بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئۇچۇرلاردىن ئۆزلۈك ۋە كىملىك ھەققىدىكى يۈزەكى چۈشەنچىگىلا ئېرىشكىلى بولىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىنى تونۇغانلىق، بىلگەنلىك ھېسابلانمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**مەۋجۇتلۇق ماكانى نۇقتىسىدىن ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى تونۇش:** كۆلچەك ئىچىدىكى بېلىق دېڭىزنى، قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا ئاسماننى تەسەۋۋۇر قىلالمىغىنىدەك، ئۆزى ياشاۋاتقان يۇرتتىن چىقىپ باقمىغان ئادەم دۇنيانىڭ چوڭلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. دۇنيا ھەققىدە ئومۇمىي تونۇشقا ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ماكانىغا نىسبەتەن توغرا تونۇش ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. دۇنيانىڭ مەمۇرىي (سىياسىي) خەرىتىسىدىن دۆلەتلەر ۋە مەمۇرىي رايونلارنىڭ جايلىشىش ئورنى، تېررىتورىيەسى، ئۆزىنىڭ تۇرۇشلۇق جۇغراپىيەۋى ئورنى قاتارلىقلارنى؛ يەر شەكلى خەرىتىسىدىن ئېگىزلىك، ئويمانلىق، تۈزلەڭلىك، تاغلىق، ئېدىرلىق، قۇملۇق دېگەندەك جۇغراپىيەۋى شەيئىلەرنىڭ يەر شەكلى تۈزۈلۈشىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى بىلىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ما-

كانىنى جۇغراپىيەۋى ئاڭ نۇقتىسىدىن يەنى نوپۇسىنىڭ زىچلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى، مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى، دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، كلىماتى، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكى دېگەنگە ئوخشاش نۇقتىلاردىن كەڭرەك تونۇشقا ئىگە بولغاندا، كۆپ تەرەپلىمە سېلىشتۇرۇشلار ئارقىلىق مەۋجۇتلۇق ماكانى ھەققىدە بىر قەدەر توغرا قاراشقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

**مىللەت ۋە مەدەنىيەت تەۋەلىكى نۇقتىسىدىن ئۆزىنى تونۇش:** تىل-يېزىق، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇن، خاس مىللىي مەدەنىيەت، ئېتىقاد، قىممەت قاراش دېگەنگە ئوخشاش ئامىللار بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى تىرەپ تۇرىدىغان ماھىيەتلىك ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. ئورتاق مەدەنىيەت ۋە ئورتاق قىممەت قاراش بىر مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، شەخسنىڭ تەقدىرى ئۆزى تەۋە ئىجتىمائىي توپنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەگەر بوۋاق چېغىدىن تارتىپلا ئىنگلىز تەرىپىدىن بېقىۋېلىنغان، ھەم پۈتۈنلەي ئىنگلىزلارنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر نېگىر بوۋاقنىڭ مىللىي كىملىكى، ھەرگىز نېگىر بولماستىن ئىنگلىز ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، كىملىككە مىللەتنىڭ كۈچلۈك تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۆزىنى تونۇشتا ئۆزى تەۋە بولغان مىللەت ۋە شۇ مىللەت بەرپا قىلغان مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە (بىلىشكە) ئىگە بولماي تۇرۇپ، «مەن كىم؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپماي تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە قايسى ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىغا توغرا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. ئامېرىكىلىق تام. كىنگ، جون. كونتېرلار «شەخسنىڭ ئورنىنى ئۈستۈنلۈك، نىشان، پۇرسەت، مۇھىت، ھەرىكەتتىن ئىبارەت بەش ئامىل بەلگىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ قانداق ئورۇندا ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن ئادەم، ئاخىر ئۆزىنى رېئال يۆنىلىشتە ئەمەس، بەلكى ھالاكەتلىك مەنزىلگە باشلاپ، ئۆزىگە تەئەللۇق ئورۇننى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويىدۇ. ئۆزىنى توغرا تونۇمىغان ئادەم خۇددى ئايىغى چىقماس قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ قالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇنداق ئادەم ئۆزىدىكى ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۈستۈنلۈك بولسا سېنىڭ نېمە قىلىش ئىقتىدارىڭغا ئىگە ئىكەنلىكىڭ-دىن دېرەك بېرىدۇ» [3] دەپ قارىغان.

**يوشۇرۇن كۈچىنى تونۇش:** نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ۋۇجۇدىغا غايەت زور كۈچ-قۇدرەت يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئالىملارنىڭ مېڭە ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئەگەر ئىنسانلار مېڭىسىنى ئاكتىپ ۋە ئۈنۈملۈك غىدىقلاشلار ئارقىلىق تېخىمۇ قوزغىتىپ، ھازىرقىغا قارىغاندا بىر-ئىككى ھەسسە كۆپرەك يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىسە، دۇنيانىڭ قىياپىتى تەسەۋۋۇرىمىزدىن كۆپ ھالقىپ كېتىدىكەن. دەرۋەقە ئادەم ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش داۋامىدا، سەزگۈ ئەزالىرىغا تايىنىپ تاشقى دۇنيادىن كېلىۋاتقان تۈرلۈك تەسىرلەرنى سېزىدۇ، ئۇچۇرلارغا ئىنكاس قايتۇرىدۇ، رېئال دۇنيانى تونۇشقا باشلايدۇ، مېڭىدىن ئىبارەت ئالىي دەرىجىلىك فۇنكسىيەلىك ئورگانغا تايىنىپ تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ، ماھىيەتلەرنى بايقايدۇ، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يېڭى ئىختىرالارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. دېمەك، مېڭە بىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئاڭ ۋە ئىدىيەنى پەيدا قىلىشتىكى فۇنكسىيەلىك ئورگان بولۇپ، (ھازىر بىر قىسىم ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يۈرەكنىمۇ بىلىش پەيدا قىلىدىغان ئەزا دەپ قارالماقتا) ئۇنىڭغا غايەت زور بايلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئادەم بۇ خىل بايلىقنى بايقاشنى بىلمىسە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش خىيالىدا بولمايدۇ، ئاڭ ۋە تەپەككۇرى يۈزەكى ھادىسىلەر ۋە ئادەت كۈچلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇنجۇقۇشقا باشلايدۇ. ئاڭ ۋە ئىدىيەنىڭ ئۇيقۇ ھالەتتە داۋام ئېتىشى، يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرۇۋېرىشى مەنىۋى خامۇشلۇقنى پەيدا قىلىدۇ. ئاڭ ۋە ئىدراكىنىڭ يەنى روھىنىڭ ئويغانماسلىقى ئىنسان تەبىئىتىنى تولىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ قويىدۇ. كاللا ئىشلىمىسە پۇتقا ئارامچىلىق بولمايدۇ، ئىش قىلىشتا ئەقىل-پاراسەتكە مۇراجىئەت قىلمىغاندا، كۈندىلىك تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە پالاقشىپ يۈرگەن بىلەنمۇ قىلغان ئىشنىڭ يورۇقى چىقمايدۇ، تەن خارلىنىدۇ. دېمەك، ئادەمنىڭ قانداق ياشىشى مېڭىنى قانداق ئىشلىتىشكە باغلىق. جالالىددىن رۇمى: «مېڭىسى يوق كاللىنىڭ ھېچنېمىگە يارىمىغىنىدەك، پوستى يوق مېۋە ئۈنمەيدۇ» دېسە، رادىي فىش: «دۇنيادىكى زىندانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىكى، ئادەمنىڭ بېشىدىكى زىندان» [4] دېگەن.

ئۆزىنى تونۇش — ۋۇجۇدىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى بايقاش، چۈشىنىش، قېزىش، جارى قىلدۇرۇش

جەريانى ھېسابلىنىدۇ. رىقابەتتە جىسمانىي كۈچكە تايىنىد-
غان دەۋر ئاللىقاچان تارىخقا ئايلاندى. بىلىم ۋە ئەقىل رىقا-
بەتتى دەۋرىدە كىمكى ئۆز ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان ئەقلىي
بايلىقلاردىن قانچە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلسە، شۇ ئۈس-
تۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان دەۋر ئاللىقاچان باشلىنىپ بولدى.
ئەگەر سىز پۇتىڭىزغا پۇتلاشقان نەرسىنىڭ گۆھەر ئىكەنلىك-
نى پەرق ئەتمەي تاش دەپ قاراپ قالسىڭىز، ئۇنىڭغا ئېتى-
بارسىز قاراپ ئۆتۈپ كېتىسىز، گۆھەرلىكنى بايقاپ قالسىڭىز
بايلىقنىڭ غوجايىنىغا ئايلىنىسىز. ۋۇجۇدىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى-
نى بايقاش خۇددى ئاشۇ گۆھەرنى بايقىغانغا ئوخشايدۇ.
بايقاش ۋە بىلىش جەريانى مەزكۇر كىشىدىن بەلگىلىك ساپا
تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى تۆمۈر ئىشلىتىلمىسە داتلاشقىنىدەك،
مېڭىمۇ پىكىر، تەپەككۇر، تەسەۋۋۇرغا ئوخشاش ئاكتىپ غى-
دىقلىغۇچىلار ئارقىلىق زەرەتلىنىپ تۇرمىسا ئاسانلا «دات»-
لىشىدۇ. ئىشلەتمىگەن كاللىنىڭ بىر پارچە گۆشتىن نە پەرقى
بولسۇن؟ يوشۇرۇن ئىقتىدارنى نامايان قىلىشنى بىلمەسلىك
زور دەرىجىدىكى ئەقىل ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرى-
دۇ. شۇڭا ئادەم ئۆزىنىڭ تېنى ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق
تونۇشقا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆزىدە جارى قىلدۇرۇلۇش-
قا بولىدىغان قانداق يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى
بىلىشكە ئېتىبار بىلەن قارىشى لازىم.

**روھىي كۈچنى پەيدا قىلغۇچى پىسخىك ئامىللارنى
تونۇش:** روھ بولمىسا تەن قىممىتىنى يوقىتىدۇ. روھ بولمىسا
ئادەم ئىنتىلىش كۈچىدىن مەھرۇم قېلىپ مەۋجۇتلۇقىنى
ساقلاپ قالالمايدۇ. جياڭ زېمىن: «بىر مىللەتتە ئۇرغۇپ
تۇرغان مىللىي روھ بولمىسا، ئالىيجاناب مىللىي خىسلەت بول-
مىسا، قەتئىي مىللىي ئىرادە بولمىسا، دۇنيادىكى ئىلغار
كەتكەن مىللەتلەر قاتارىدا تۇرالمايدۇ» دەيدۇ. بىر ئادەم-
نىڭ ھاياتلىق ئىقتىدارىنىڭ قانداق بولۇشى روھىي كۈچنىڭ
قانداقلىقىغا باغلىق. «روھىي كۈچنى پەيدا قىلىدىغان ئامىل-
لار» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 2011 ـ يىلى 1 ـ سان)
ناملىق ماقالىمدە روھىي كۈچنى: روھىي ساپا، ئېتىقاد،
ئىشەنچ ۋە ئۈمىد، ۋىجداننىڭ ئويغىنىشى، باشقىلارنىڭ مەس-
خىرىسى، كەمستىشى، كۆزگە ئىلماسلىقى، تەڭسىزلىك ۋە نا-
ھەقچىلىك، ئائىلە تەربىيەسى ۋە مائارىپ، ساغلام تەن قاتار-
لىق ئامىللار پەيدا قىلىدۇ دەپ قاراپ، ھەر بىر نۇقتا ئۈستى-
دە بىر قەدەر ئەتراپلىق مۇلاھىزە ئېلىپ بارغانىدىم. يۇقىرى-
قى ئامىللاردىن باشقا بىلىم ساپاسى، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر
قۇۋۋىتىنىڭ دەرىجىسى، قانداق غايە ۋە نىشانىنىڭ ئىنتىلدۇ-
رۈش كۈچى بىلەن ياشاۋاتقانلىقى، ئۆزىگە نىسبەتەن ئۈمىد-
ئىشەنچىسىنىڭ قانداقلىقى، قىزىقىش ھەۋەسىنىڭ نېمە ئىكەن-
لىكى، ئىرادە پەزىلىتىنىڭ قانداقلىقى قاتارلىق ئامىللارمۇ
روھىي قۇۋۋەتنىڭ قانداقلىقىنى بەلگىلەيدۇ، ئەگەر لوگىك-
لىق تەپەككۇرىڭىز جانلىق بولسا ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي
خۇلاسىنىڭ ياردىمىدە رېئاللىق ھەققىدە ئەتراپلىق بىلىشكە
ئىگە بولالايسىز. تەسەۋۋۇرغا باي بولسىڭىز گەرچە كۆپ
جايلارغا بارمىغان بولسىڭىزمۇ، ئىلگىرىكى تەسىراتلىرىڭىز
ئاساسىدا مەۋجۇتلۇق ماكانىڭىزدىن ھالقىپ، تېخىمۇ كەڭ
دۇنيانى ياكى كەلگۈسىنى پەرەز قىلالايسىز. ئىرادىڭىز ئاجىز
بولسا ئاسانلا مەغلۇپ بولىسىز. شۇڭا روھىي ئامىللارنىڭ
رولىنى ئىلمىي نۇقتىدىن تونۇش، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى
قانداق قېزىۋاتقانلىقىنى، مەۋجۇدىيەتنىڭ قۇدرىتىنى قانداق
نامايان قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش ئۆزلۈكنى قۇدرەت تاپقۇ-
زۇشنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۆزىدىكى يادرولۇق كۈچنى تونۇش:** ئۆمرىدە مال
سويۇپ باقمىغان ئادەم توخۇنىمۇ قاملاشتۇرۇپ سويالماي-
دۇ. شۇڭا بىزدە «قوشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن»
دېگەن تەمسىل بار. بۇ يەردىكى قاسساپنى ئۈستۈنلۈككە
ئىگە قىلىپ تۇرۇۋاتقان يادرولۇق كۈچ ئۇنىڭ مال سويۇشقا
ماھىرلىقىدا، يادرولۇق كۈچ بولسا ئادەمنى ئەڭ ئۈستۈنلۈك-
كە ئىگە قىلىدىغان كۈچنى كۆرسىتىدۇ. بىلىم، ئەقىل ـ پارا-
سەت، ئىقتىدار، ماھارەت، تالانت قاتارلىقلار ئادەمنى ئۈس-
تۈنلۈككە ئىگە قىلىدىغان مۇھىم كۈچلەر ھېسابلىنىدۇ. بىراق
بىر ئادەم ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە نۇقسانلىرىنى؛
كۈچلۈك ئاجىز تەرەپلىرىنى، ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىقىنى، يو-
شۇرۇن ئىقتىدارىنى يەنى ئۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىد-
غان ئاساسىي كۈچنى توغرا بايقاپ ئالاھىدىلىكنى ئەڭ
ياخشى سەۋىيەدە جارى قىلدۇرغاندىلا، ئۆزىدىكى يادرو-
لۇق كۈچنى توغرا بايقىغان ھەم مەلىكىلىك ئىش بىلەن شۇ-
غۇللانغان بولىدۇ. يادرولۇق كۈچنىڭ رولى قانچە ياخشى
جارى قىلدۇرۇلسا مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلگە شۇنچە ئاسان
يېقىنلاشقىلى بولىدۇ.

**تارىخىي ئاڭ نۇقتىسىدىن ئۆزىنى تونۇش:** ئادەمنىڭ
ھاياتى تولىمۇ چەكلىك بولغاچقا پەقەت مەلۇم بىر تارىخىي
دەۋرنىڭ كەسمە يۈزىدە ياشايدۇ. تارىخىي بىلىملەرگە قارىتا
مەلۇمات قانچە مول بولسا، ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىگە بولغان
چۈشەنچە شۇنچە روشەنلىشىدۇ، تارىخ ھىيلە ـ مىكىر، رەڭ-
ۋازلىققا تولغان دۇنيانىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى ئېچىپ بې-

رىدۇ، قان ياشلىق قىسمەتلەرنىڭ ئىبرىتىنى، قىممەتلىك تەجرىبە- ساۋاقلارنى قۇلىقىمىزغا شىۋىرلايدۇ، ئۇتتۇق ۋە مەغلۇبىيەتلەرنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئەقىل- پاراسەت ئۆگىتىدۇ، بۇلارغا ئاساسەن بىز ھازىرىمىزنى چۈشىنەلەيمىز. كەلگۈسىمىزنىمۇ بىر قەدەر توغرا مۆلچەرلىيەلەيمىز. تارىخ ئالدىمىزغا «ئەمدى قانداق قىلىشىڭ كېرەك؟» دېگەن ۋەزنى ئېغىر بىر سوئالنى تاشلايدۇ. نېمە قىلىش ھەققىدە ئويلاندۇرىدۇ، تارىخنى بىلىشتە پەلسەپىنىڭ يېتەكلىشىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئەجدادلار ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلارنى، ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە قىممەتلىك تەجرىبە- ساۋاقلارنى تونۇش، چۈشىنىش ئاساسىدا، مۇھىمى ئۇنى بۈگۈن ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى بىلىش كېرەك. ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئازتولا بىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالغان ئادەم مەڭگۈ ئۆزىنى بىلىش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە سىياسىي، ئىقتىساد، مائارىپ، ئىجتىمائىيەت، جەمئىيەتشۇناسلىق، دىنىي ئېتىقاد، ئەخلاق... نۇقتىلىرىدىن نەزەرىيەۋى تەپەككۇر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئۆزىگە نەزەر تاشلاشتەك مەنىۋى مۇكەممەللىككە يۈزلەنگەندىلا، ئۆزىنى ئەتراپلىق تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئادەم ئۆز كەچۈرمىشلىرى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، ئاڭلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا ئېلىپ بارغان بىلىش پائالىيەتلىرى ئاساسىدا دۇنيا قارىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارىدۇ. ئاڭلىق، قاراتمىلىق ھالدا ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەربىيەلىنىش، ئەقىل- پاراستىنى ئېچىش يوللىرى ئارقىلىق ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان دۇنيانى ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان سىر ماھىيەتلەرنى چۈشىنىدۇ، ئوي- پىكىرلىرىنى ئاۋۇتۇپ بارىدۇ، ھادىسىلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان ماھىيەتلەرنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆزگە ئىگە بولالايدۇ. باشقىلارنى قانچە ئەتراپلىق چۈشەنسەك، ۋەزىيەت، جەمئىيەت، دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر قانچە موللاشسا، روھىيەت ۋە پەلسەپىنىڭ ماھىيىتىگە قانچە يېقىنلىشىپ ئالىمىمىزگە بۆسۈپ كىرەلىسەك، قىسقىسى، بىلىش قانچە ئەتراپلىق، پىكىر ۋە تەپەككۇر قانچە چوڭقۇر بولسا، ئىدىيەمۇ شۇنچە كۈچىيىپ ئۇلۇغۋارلىشىپ بارىدۇ، ئەگەر ئۆزىمىزنى پاسسىپ كۈچلەر مۇھىتىدا پاسسىپ ئوبيېكتلار بىلەن سېلىشتۇرۇۋالساق، ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە تۈرتكە بولىدىغان يېتەكچى كۈچتىن ئايرىلىپ قالىمىز.

## ئۆزىنى ئۆزگەرتىش

ئۆزىنى تونۇش ـــ روھىي جەھەتتىن ئويغىنىش، مەنىۋى غەپلەتلەرگە جەڭ ئېلان قىلىش جەريانىدۇر. ئەلۋەتتە ھەرىكەتكە ئايلانمىغان تونۇشنىڭ ئەمەلىي قىممىتى بولمايدۇ، بىراق ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇغان ئادەم ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە ئاتلانماي قالمايدۇ. دەرۋەقە ھەر قانداق ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ تەقدىرىدە بۇرۇلۇش ياسىيالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۆزىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىلا مەنىۋىيىتىدە ھەقىقىي يۈكسىلىش، چاقناش پەيدا قىلالايدۇ. ۋېستمىنستېر چېركاۋىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدىكى ئېپىسكوپۇل باش روھانىينىڭ قەبرە تېشىغا مۇنداق بىر ئابزاس ئىبرەتلىك بايان يېزىلغانىكەن: «يۈگەنسىز ياشلىق مەزگىلىمدە، توسالغۇسىز تەپەككۇرۇم ئارقىلىق بۇ دۇنيانى ئۆزگەرتمەكچى بولغانىدىم. ئاستا- ئاستا پىشىپ يېتىلىپ ئەقلىم تولغاندا، بۇ دۇنيانى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقىدىم- دە، نەزەرىمنى يېقىنغا، يەنى ئۆز دۆلىتىمگە ئاغدۇرۇپ، دۆلىتىمنى ئۆزگەرتمەكچى بولدۇم. ئەمما ئۆزگەرتىشكە قۇربۇم يەتمىدى. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىم بىلەن ئائىلەمنى ۋە يېقىنلىرىمنى ئۆزگەرتمەكچى بولدۇم. تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇلار ئۆزگىرىشنى خالىمىدى. مانا ھازىر ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە تۇيۇقسىز شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، ئەگەر دەسلەپتىلا ئۆزۈمنى ئۆزگەرتكەن بولسام، ئائىلەمدىكىلەرنىمۇ ئۆزگەرتەلىگەن بولاتتىم. ئاندىن ئۇلارنىڭ قوللىشى ۋە مەدىتى بىلەن دۆلىتىمنىمۇ ئۆزگەرتەلىشىم مۇمكىن ئىدى. كىم بىلىدۇ، دۇنيانىمۇ ئۆزگەرتىپ قالاتتىممۇ تېخى!» [5] دېمەك، ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، باشقىلارنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس.

بەزى ئادەملەر ئۆمرىنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، گېپىلانغان ئادەمدەك تۈيغىدا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندا ھاياتى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولىدۇ. زىنھار ئۆزىنى تونۇش خىيالىدا بولۇپ باقمىغان، ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرمىگەن ئادەم ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتلىقنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن، تۈرلۈك چۈشەكلەرنىڭ ئاسارىتى ۋە دىلخەستىلىكلەردىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ، ئاجىزلار تويى ئىچىدە بىر ئۆمۈر جان تالىشىپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. روھىنى بولسا نادانلىق ۋە جاھالەت چىرماپ ئالغاچقا، بېشىغا كېلىۋاتقان تۈرلۈك قىسمەت ۋە كۈلپەتلەرنىڭ تۈپ سەۋەبىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. نەتى-

جىدە «كاج تەقدىر»نىڭ قىسمىتى بۇنداق روھىغا قۇلۇپ سېلىنىپ كەتكەن شور پېشانە ئادەملەرنى ھالاكەت گىرۋەكلىرىگە سۆرەپ بارىدۇ. خۇددى ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەن ئىنجان تەنگە كېسەل پەيدا قىلغۇچى ۋىرۇسلار ئاسان يېپىشقىنىدەك، رىقابەتسىز مۇھىتتىكى ئاجىز روھمۇ ئاكتىپ، ئىجابىي تەسىرلەرگە قارىغاندا پاسسىپ تەسىرلەرنى ئاسانلا قوبۇل قىلىۋالىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ ھالاكەت دۇمبىقىنى ئۆزى چېلىشتەك ئېچىنىشلىق قىسمەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، نەدە، قانداق ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقى، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەسلىك يەنى ئۆزلۈك روھىنىڭ يوقىلىشى بارلىق بەختسىزلىكلەرنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. جۇ گوپىڭ ئەپەندى ئۆزلۈك روھى ھەققىدە توختىلىپ: «ھالقىش بولغاندىلا ئۆزلۈك روھى بولىدۇ. ئۆزلۈك روھى دېگىنىمىز ــ چەكلىك ھاياتنى خامۇشلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتمەي، ئەكسىچە كىشىلىك ھايات مەسىلىلىرىگە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ، نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق ياشىغۇلۇق دېگەن مەسىلىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى تىرىكچىلىك پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ» دەپ قارىغان.

بىر كەمچىلىك تۈزىتىلسە بىر ئارتۇقچىلىق كۆپىيىدۇ. بىرسى ئىشىك ئالدىنى دائىم سۈپۈرۈپ تازىلىسا، باشقىلارمۇ ئۇنى دورايدىغان بولىدۇ. ئەگەر سىز كەيپ - ساپادىن قول ئۈزۈپ دىققىتىڭىزنى سودا - تىجارەتكە قارىتىپ تۇرمۇشتا ئىلگىرىلىسىڭىز، بۇ ئارقىلىق دوست - بۇرادەرلىرىڭىز ھەم ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭمۇ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولىسىز. بىر ئادەم ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى توغرا تونۇش ئاساسىدا ھاياتقا نىسبەتەن ئاكتىپ پوزىتسىيە شەكىللەندۈرۈشى، مىجەز خاراكتېرىدىكى نۇقسانلارنى، ناچار ئادەت قاراشلىرىنى، ياشاش شەكلىنى، پۇت - قولنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقان كونا ئاڭ رامكىلىرىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك.

گەرچە نادان ئادەملەرنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش خۇددى تاغنى يۆتكەشتەك تەس ئىش بولسىمۇ، بىراق ئۆزىڭىزدىكى نادانلىق ئىللەتلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىش تامامەن قولىڭىزدىن كېلىدۇ. بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئىدىيەمىزگە باقمايدۇ، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، دەھشەتلىك كەلكۈننىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ يېنىدىكى قولۋاقتىن پايدىلىنىشنى بىلمەي، ئېقىنغا قارشى يۈگۈرگەن ئادەم دولقۇنلارغا يەم بولىدۇ. شۇڭا قانۇنىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق پاسسىپ ئامىللارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشىمىز لازىم.

مارى كىرولېي: «پەرۋەردىگار سېنى ياراتتى ۋە ساڭا قابىلىيەت ئاتا قىلدى. شۇڭا ئۇنى ۋۇجۇدۇڭغا دۈملەپ قويۇپ بۇرۇقتۇرما قىلىۋەتمەي، ئاشكارا ئىشقا سال» دېگەنىكەن. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ نۇقسانلىرىنىڭ بىرى دەل ئۆزىنى تونۇشتىن ئىبارەت روھ قەسرىنىڭ ئىشىكى سىرتىدا تېڭىرقاپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز قىممىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدا. ئۆزىنى قانداق ئۆزگەرتىش، قايتا قۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلانمىغانلىقىدا.

## قىممەت قاراش

ماسسا بىلەن ئېغىرلىق ئوخشىمىغىنىدەك (فىزىكىدا جىسىم ئۆز ئىچىگە ئالغان ماددىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ماسسا دەپ قارىلىدۇ. ماددىنىڭ ماسسىسى ئۆزگەرمەيدۇ. ئېغىرلىق بولسا شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، سىزنىڭ ئېكۋاتوردىكى، شىمالىي قۇتۇپتىكى، ئاي شارىدىكى ئېغىرلىقىڭىز ئوخشىمايدۇ، لېكىن ماسسىڭىزدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ). باھا بىلەن قىممەتمۇ ئوخشىمايدۇ. 100 يۈەن پۇل مەيلى يېڭى ياكى كىرلىشىپ كەتكەن، يىرتىلغان ياكى يۇندىغا چۈشۈپ كەتكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خۇددى ماسسىغا ئوخشاش ئۇنىڭ قىممىتى ئۆزگەرمەيدۇ. ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ مۇقىم قىممىتى بولىدۇ، باھا بولسا شارائىت ۋە ئېھتىياج تۈپەيلى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. قىممەتنى ماسسىغا، باھانى ئېغىرلىققا تەقلىد قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، سۇ بىر خىل قىممەتلىك تەبىئىي بايلىق. ئەگەر سىز بۇلاق تۆۋىدە تۇرغىنىڭىزدا ئۇنى بىكارغا ئىچىسىز. سەپەر ئۈستىدە بىر بوتۇلكا سۇنى بىر نەچچە يۈەنگە سېتىۋالىسىز، تۇرۇبىدا سۇ توختاپ سۇ قىسچىلىقى كېلىپ چىققاندا بىر بوتۇلكا سۇنى بىر نەچچە ھەسسە قىممەت باھادا سېتىۋالماي ئامالىڭىز يوق. ئەگەر قۇملۇقتا چاڭقاپ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قالغاندا پۈتۈن بىساتىڭىزنى جۈملىدىن ئالتۇن - كۈمۈشلىرىڭىزنى بىر بوتۇلكا سۇغا ئالماشتۇرۇشقا رازى بولىسىز. قۇياش نۇرى ۋە ھاۋاسىز جانلىقلار ھايات كەچۈرەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ قىممىتى بىباھا، لېكىن بىز ئۇنى پۇلغا سېتىۋالمايمىز. دېمەك، قىممەت قاراش شەخسنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ قىممىتىگە قارىتا

شەكىللەندۈرگەن قارىشىدۇر.

ھېكايەت قىلىنىشچە، بىر قېتىملىق دەھشەتلىك كەلكۈندە پۈتۈن كەنت سۇغا غەرق بولۇپ، بىر باي ئىككى چوكا ئالتۇننى، يەنە بىر نامرات ئىككى تال تاتلىقياڭيۇنى ئېلىپ دەرەخكە چىقىۋاپتۇ. باي كۆڭلىدە نامراتنىڭ «ئەقىلسىزلىقى»نى مەسخىرە قىلىپتۇ. ئىككى كۈن ئۆتكەندە باينىڭ قورسىقى ئېچىپ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ھالسىزلىنىشقا باشلاپتۇ، نامرات بولسا قولىدىكى تاتلىقياڭيۇنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ. باي بىر تال چوكا ئالتۇنغا بىر تال تاتلىقياڭيۇنى تېگىشمەكچى بولۇپ نامرات ئادەمگە يېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ: «ئەپسۇس، سېنىڭ ئالتۇنۇڭ مېنىڭ ھاياتىمنى ساقلاپ قالالمايدۇ، مەن ئۈچۈن تاتلىقياڭيۇ ئەڭ قىممەتلىك» دەپ ئۇنىماپتۇ. يەنە ئۈچ كۈن ئۆتكەندە كەلكۈنمۇ ئاستا ـ ئاستا توختاپتۇ. تاتلىقياڭيۇ ئېلىۋالغىنى ئاپەتتىن ئامان قېلىپ، باي ئىككى تال ئالتۇننى چىڭ تۇتقىنىچە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپتۇ. دېمەك، ئالاھىدە شارائىتتا ياڭيۇنىڭ باھاسى ئالتۇننىڭ باھاسىدىن ھەسسىلەپ ئۆرلەپ ياڭيۇنىڭ ئالدىدا ئالتۇن قىممىتىنى يوقاتقان. ھەرقانداق بىر ئادەم ئەسلىدە تەڭداشسىز قىممەتكە ئىگە مۆجىزە، لېكىن كىشىلەرنىڭ شۇ خىل قىممەتنى قايسى دەرىجىدە نامايان قىلىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغاچقا جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر بەكمۇ ئەزىز، بەزىلەر ئادەتتىكىچە، يەنە بەزىلەر تولىمۇ خار. بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمى ھەتتا بىر قىسىم ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈمچىلىك تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىگە جاھان تەۋرەيدۇ، شۇڭا ئادەم ئۆز ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يوللىرى ھەققىدە ئويلىنىشى كېرەك.

قىممەت قاراش ھاياتقا نىسبەتەن پوزىتسىيەرىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. قىممەت قارىشىڭىز قانداق بولسا قىممىتىڭىزمۇ شۇ دائىرىدە بولىدۇ. تونۇش، بىلىش، قاراش شۇنداقلا سىزنى يارىتىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت ئادەمنىڭ قىممەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. بىز ياشاش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن قىممەت ئۆلچىمىمىزگە ئاساسەن تىرىشچانلىق ۋە جاسارىتىمىزنى نامايان قىلىمىز؛ توغرا ـ خاتا، ھەق ـ ناھەق، ياخشى ـ يامانىنى ئايرىيمىز، شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ قىممىتىنى دىتلايمىز. ئادىمىيلىك قىممەتكە باھا بېرىمىز. بولۇپمۇ يادرولۇق قىممەت قاراش بىر خىل ئىدىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەمنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىباھا بىلگەچكە ئۇنىڭغا جىددىي مۇئامىلىدە بولسا، بەزىلەر ۋاقىتقا تولىمۇ ئېتىبارسىز قارايدۇ. بەزىلەر بالىلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مول نېمەتلەر بىلەن ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزسە، بەزىلەر بۇنداق قىلىش خاتا، دەپ قارايدۇ. بىرلىرى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، بىرلىرى «ھايات دېگەن بەك قىسقا، ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا ئويناپ كۈلۈۋالغانغا يەتمەيدۇ» دەپ قاراپ كۈنلىرىنى تاماشا بىلەن ئۆتكۈزۈشىدۇ. بىرلىرى ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن جىنسىيەت تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش زۆرۈر دەپ قارىسا، بىرلىرى جىنسىيەتنى ئۇلارغا ئالدىراپ ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بىرلىرى ھاياتىغا ئىككى سالىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىرلىرى ھاياتنى نۇرلاندۇرىدىغان ئىشلارنىڭ كويىدا بولىدۇ. دېمەك، بىر ئىشقا قانداق پوزىتسىيەدە بولۇش قىممەت قاراشنىڭ سۈپىتىگە باغلىق بولىدۇ، قىممەت قاراش ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىگە ماھىيەتلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئادەم ئۆزىنىڭ قانداق قىممەت قاراشنىڭ يېتەكلىشىدە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىشمۇ ئۆزىنى تونۇشتىكى مۇھىم بىر تەرەپ، شۇنداقلا ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرۇشتىكى مەنىۋى ئاساس ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ قىممەت قارىشى چاكىنىلاشسا، خاسلىقىنى يوقاتسا پالاكەت بۇ دۇشقاقتەك يېيىشىدۇ. گېرمانىيەلىك مۇتەپەككۇر نېتشى: «قىممەت ئۆلچىمى يوق ھالدا ياشىيالايدىغان بىرمۇ مىللەت يوق. بىر مىللەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولماقچى بولىدىكەن، ئۇ باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان قىممەت ئۆلچىمىگە ئىگە بولۇشى كېرەك» دېگەن.

فىرانسىيەلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئېمىل دۇركايىمنىڭ: «دىنىي ئېتىقاد جەمئىيەت ئەزالىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىدىغان، ئۇيۇشتۇرىدىغان ئىجتىمائىي يېلىمدۇر» [6] دېگىنىدەك، ئورتاق قىممەت قاراشسىز مەلۇم ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى شەكىللەنمەيدۇ. ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىزلاشقانسېرى ھاياتىي كۈچمۇ خارابلىششقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. «بىر جەمئىيەت كىشىلىرى ئورتاق قىممەت قاراش يارىتالماي تۇرۇپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالمايدۇ ياكى قايتىدىن بەرپا قىلالمايدۇ... ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرى ئىچىدە ئورتاق ھېس ـ تۇيغۇ، ئورتاق ئىدىيە ئارقىلىق ئۇيۇشۇشچانلىق، ئىناقلىق ۋە خاسلىق پەيدا قىلالمىغان جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.» (ئېمىل دۇركايىم) [ 7]. ئەسكەرتىش ھاجەتكى، قىممەت قاراش ھەرقانچە ئىلغار بولغان تەقدىردىمۇ ھەرىكەتتە ئىپادە قىلىنمىسا مەنىسى يوقىلىدۇ. بۇ دۇنيادا ئەمگەك، ئەجىر ـ مېھنەت قىلماي تۇرۇپ تېگىشلىك

نىسبۇنگە ئېرىشىش مۇمكىنمۇ؟ ئادىمىيلىك قىممەتنىڭ
قانداق بولۇشى يارىتقان تۆھپىگە قارىتا بولىدۇ. مۇۋەپپەق-
يەت قانچە كۆپ بولسا تۆھپىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ، ئۆزلۈك-
نىڭ قىممىتىمۇ شۇنچە جۇلالىنىشقا باشلايدۇ. شۇغىنىسى مۇ-
ۋەپپەقىيەت مېۋىسىگە قول يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەسسىلەپ
تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە، بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ.
خۇددى دالې كارنېگ ئېيتقاندەك: «‹مۇۋەپپەقىيەت›نى پە-
شۇرۇشنىڭ مەخپىي رېتسېپى ‹غايە›نى ‹تىرىشچانلىق› قازنى-
غا سېلىپ، ‹قەيسەرلىك›نىڭ سۇس ئوتىدا دۇملەپ، ‹ھۆكۈم›
تېتىتقۇسىنى قوشۇشتىن ئىبارەت».

**مەنىۋىيەتنى نۇرلاندۇرىدىغان مۇھىم ئامىللار**

**ئېتىقاد:** ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر توپ كىشىلەرنىڭ پەر-
ۋەردىگارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماي، بىر تۈپ دەرەخكە
چوقۇنىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بىر ئىخلاسمەن زاھىت،
ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇ دەرەخنى كېسىۋەتمەكچى بولۇپتۇ.
بىراق ئالۋاستى بۇنىڭغا يول قويمىغاچقا، زاھىت ئالۋاستى
بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ ئۇنى تەسلىم قىلىپتۇ. ئەتىسى زاھىت
دەرەخ كېسىشكە ماڭغاندا ئالۋاستى پەيدا بولۇپ ئېلىشىش
يەنە باشلىنىپتۇ، بۇ قېتىممۇ زاھىت ئالۋاستىنى يېڭىپتۇ. قاتتىق
چارچىغان زاھىت تۇرالغۇسىغا قايتىپ بىر كېچە ئوبدان ئارام
ئالغاندىن كېيىن، تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن يەنە دەرەخنى كەس-
كىلى مېڭىپتۇ. ئالۋاستى يەنە ئۇنىڭ يولىنى توسۇپتۇ. بىراق
بۇ قېتىم ئالۋاستى زاھىتقا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ،
«ھېچكىممۇ ئېتىقاد ۋە غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئا-
دەمدەك كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك بولمايدۇ، شۇڭا ھىيلە ئىش-
لىتىش كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئەگەر زاھىت دەرەخنى كەس-
مىسە ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئىككى دىنار بېرىدىغان بولۇپ
زاھىت بىلەن كېلىشىپتۇ. بىر ئايدىن كېيىن ئالۋاستى ۋەدىسى-
دىن يېنىۋېلىپ ئىككى دىنار بېرىشنى توختىتىپتۇ. بۇنىڭدىن
دەرغەزەپكە كەلگەن زاھىت پالتىسىنى كۆتۈرۈپ يەنە دە-
رەخنى كېسىشكە ئاتلىنىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئالۋاستى بىلەن ئېلە-
شا- ئېلىشمايلا يېڭىلىپ قاپتۇ. زاھىت ئالۋاستىنىڭ قانداق
قىلىپ يېڭىۋالغانلىقىنى سورىغىنىدا ئالۋاستى: «سەن ئېتىقا-
دىڭنى دەپ دەرغەزەپكە كەلگەن چېغىڭدا، سەن مېنى يېڭە-
ۋالسەن؛ ئۆز مەنپەئىتىڭ ئۈچۈن ئاچچىققا پايلىماي قالغان
چېغىڭدا، مەن سېنى يېڭىۋالىمەن. سەن ئېتىقاد ئۈچۈن
كۈرەش قىلغىنىڭدا، مېنى يېڭىۋالىسەن؛ شەخسىي پايدا- مەن-
پەئىتىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلغىنىڭدا، مەن سېنى يېڭىۋالى-
مەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.[8]

بۇ ھېكايەتتىن ئىنسان ئۈچۈن ئېتىقادنىڭ نەقەدەر مۇ-
ھىملىقىنى ۋە ئۇنىڭ روھىي قۇدرىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
بەزىلەر ئېتىقادنى ئىجتىمائىي قانۇنىيەت، ئىلمىي قانۇنىيەت
ۋە بىرەر ئوبيېكتىپ شەيئىگە نىسبەتەن ئىشىنىش، شۇنداقلا
بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشقا بولغان ئىشەنچىدىن ئىبا-
رەت دەپ قارىسا؛ يەنە بەزىلەر ئېتىقادنى كىشىلىك ھاياتنىڭ
ئەڭ ئالىي قىممەت ئۆلچىمى ۋە ئىجتىمائىي ئالىي غايىنىڭ
ئىنكاسى، ئۇ روھىي دۇنيادىكى ئالاھىدە بىر خىل ئىقتىدار
بولۇپ، خۇددى ئادەمنىڭ روھىغا ئوخشاش ئادەمگە ئەبە-
دىل ھەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر
بولسا ئېتىقادنى دىنىي نۇقتىدىن چۈشىنىدۇ ۋە شەرھلەيدۇ.
مەسىلەن، ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان تەسەۋۋۇپ مۇتەپەك-
كۇرلىرىنىڭ «ئىلاھىي ئىشق» قارىشى دەل ئۇلارنىڭ ئېتە-
قادىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، «ۋۇجۇدى ئىلاھىي
ئىشق بىلەن تولغان ئاشىق، مانا شۇ ئىشق قايىنىمىدا ئۆزلۈك-
نى پۈتۈنلەي يوقىتىپ مەشۇقى (ھەق) بىلەن بىرلىشىپ كېتە-
دۇ» دەپ قاراپ، بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن كېچىپ ئال-
لاغا ئىبادەت قىلىش، ئاللاغا يېقىنلىشىشنى ئېتىقادنىڭ مەنبە-
سىگە ئايلاندۇرغان ھەم ئاللانى تونۇش ئەقلىنىڭ ياردىمى
بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىشقنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ،
دېگەن قاراشتا بولغان. ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ ۋە يازغۇچى
مورتىمىر ئادلېر: «ئىلاھىيەتشۇناسلارغا نىسبەتەن بىز خۇدا-
نىڭ بېشارەتلىرىگە ئىشەنگەن ۋاقتىمىزدا، خۇدا ئېتىقادىمىز-
نىڭ تۈپ مەنبەسى بولىدۇ» دېگەن. «بىلىش ئۈچۈن ئېتە-
قاد» — پەيلاسوپ ئاۋگۇستىننىڭ مەشھۇر سۆزى بولۇپ، ئۇ
ئەقىل بىلەن ئېتىقادنىڭ بىر- بىرىنى چەتكە قاقمايدىغانلىقى-
نى، ئەكسىچە بىر- بىرىنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.
ئۇ: «ئېتىقاد روھنى ئويغىتىدۇ. ئەقىلنى رېئال دۇنيانىڭ
تۈپ ھەقىقىتىنى بىلىدىغان قىلىدۇ» دېسە؛ خرىستىيان مۇتە-
پەككۇرى ئاكۋىنا: «ئەقىل خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ۋە ماھ-
يىتىگە دائىر ھەقىقەتلەرنى تاپالايدۇ. ئېتىقاد بولسا كىشىلەر-
نىڭ ھەقىقەتكە ئېرىشىشنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ ۋە تېزلەش-
تۈرىدۇ» دەپ قارىغان. «ئېتىقادنىڭ سېھرىي كۈچى»
ناملىق كىتابتا: «ئېتىقاد باش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ئۇ
سىېنى مۇۋەپپەقىيەتكە باشلايدىغان تۈگمەس- پۈتمەس
كۈچ- قۇۋۋەت ھاسىل قىلالايدۇ، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولماي-
دىغان مۆجىزىلەرنى يارىتىشقا تۈرتكە بولىدۇ» دېيىلگەن.
«گارسىياغا ئەۋەتىلگەن خەت»نىڭ ئاپتورى ئېلبېرت
خۇببارت ئېتىقاد ھەققىدە بىر قەدەر كونكرېتنى پىكىر قىلىپ:

«ئېتىقاد ئىنسانلارنى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم بىر نۇقتا، ئىنسانلار ئېتىقادى ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىدۇ. ئېتىقاد ئادەمنى كائىناتنىكى بارلىق مەۋجۇداتتىن يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىدۇ. ئادەمگە ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ. ئېتىقاد ئىچكى دۇنيانى يورۇتقۇچى نۇر بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ھايات يولىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئېتىقادى بولمىغان ئادەم زۇلمەت كېچىدە كېتىۋاتقان ئادەمگە ئوخشايدۇ. قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، نىشانى يوق، قارىغۇلارچە ئىلگىرىلەيدۇ. ئېتىقاد دېگىنىمىز — ئۇ ئادەم يۈكسەك ئىنتىلىشكە، ئۆرپ ـ ئادەتلەردىن خالىي غايىلىك نىشانغا ئىگە بولۇشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. تەتۈر پەلەك ئېتىقادنى غۇلىتىۋېتەلمىسىلا، ئۈمىد نۇرى ئۈمىدسىزلىك بۇلۇتلىرىنى چوقۇم تارقىتىۋېتەلەيدۇ» دەيدۇ.

يۇقىرىقى قاراشلاردىن، گەرچە كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قارىشىدا مۇئەييەن پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئېتىقادنىڭ ئادەمنىڭ مەنىۋى ئەڭگۈشتەرى ئىكەنلىكىنى، ئادەمدە ئېتىقاد بولمىسا روھى زەئىپلىشىپ ئالغا ئىنتىلىش، ئىلگىرىلەش روھىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى، ئادىمىلىك قىممىتىمۇ يەر بىلەن يەكسان بولۇپ، ھايۋان كەبى ياشاشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دېمەك، ئېتىقاد ئاڭ ۋە ئىدىيەنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا روھىيەتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ ھاياتقا نىسبەتەن پوزىتسىيەسىنى، ياشاشتىكى مۇددىئاسىنى شەكىللەندۈرىدىغان؛ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئىنتىلىشنى، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادە كۈچىنى پەيدا قىلىدىغان، ھەرىكەتكە تۈرتكە بولىدىغان روھىي كۈچنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ، بىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىمىز ئېتىقادتىن كېلىدۇ، ئۇ يوقالسا ھەممە يوقىلىدۇ. ھاياتنىڭ ياخشى ئۆتمەسلىكىمۇ قانداق ياشاشنى بىلمەسلىكتىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئەقىدە ئېتىقادنىڭ يوقلۇقىدىن بولىدۇ. ئەگەر سىزدە بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىڭىزغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئىشەنچ، ئېتىقاد بولمىسا شۇ ئىشتىن ھەرگىزمۇ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمەيسىز. مائارىپقا نىسبەتەن ئېتىقادى سۇسلاشقان خەلقنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ياشاش ئىقتىدارى بىردىنلا ئاجىزلىشىدۇ ـ دە، نادانلىق باش كۆتۈرۈپ قۇللۇققا، مەھكۇملۇققا يۈزلىنىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئېتىقادنى روھنىڭ جان تومۇرى، قېنى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئېتىقاد ئىشەنچنى پەيدا قىلىدىغان ئىچكى مەنبە بولۇپ، ئىشەنچ ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندە ۋۇجۇدنىڭ ئەڭگۈشتەرى ھېسابلىنىدىغان بۇ خىل روھىي ئامىل ئىدىيەدە تۇراقلىشىپ، ئاكتىپ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزنى پەيدا قىلىدىغان قوماندانغا، روھىي كۈچ پەيدا قىلىدىغان مەنبەگە ئايلىنىدۇ. ئېتىقاد قانچە كۈچلۈك بولسا ۋۇجۇد شۇنچە تەشەببۇسكار ھالەتكە ئۆتىدۇ. ئۇ ئادەمنى بىخۇدلۇقتىن سەگەكلەشتۈرىدىغان، ھۇرۇنلۇققا، سۆرەلمىلىككە ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىپ تۇرىدىغان، ۋىجدان ۋە غۇرۇرنى سەگەكلەشتۈرىدىغان، ئەقىل بىلەن ياشاشقا دالالەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئادەمنى يۈكسەكلىككە ئىنتىلدۈرىدىغان ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

ئېتىقادقا ئىگە كىشىلەردە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ: بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشقا نىسبەتەن ئىشەنچىسى كۈچلۈك، ئىرادىسى مۇستەھكەم بولۇپ، تۈرلۈك توسالغۇ، قىيىنچىلىق، پىسخىك كاشىلىلار ۋە كۈلپەتلەر ئالدىدا ئالدىراپ بەل قويۇۋەتمەيدۇ. ئۈمىدۋار بولۇپ ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقسا بىردىنلا چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيدۇ. چاكىنا ئادەملەرنىڭ تەسىرىنى ئالدىراپ ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالمايدۇ. نىشان ئېنىق كۈچلۈك، غايىسى يۈكسەك، ئالغا ئىنتىلىش روھىغا ئىگە بولۇپ، بۇ جەھەتتە مەقسەتسىز ياشاۋاتقان ئادەتتىكى كىشىلەردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئېتىقاد پەيدا قىلغان روھىي كۈچ ئۇلارنىڭ ئورگانىزمغا پايدىلىق تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، تاشقى دۇنياغا قارىتا ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇشتەك تەشەببۇسكارلىق روھنى پەيدا قىلغاچقا، ئېتىقادلىق ئادەملەر ۋاقىتنى ھايات دەپ بىلىدۇ. ھاياتنى ھەقىقىي مەنىگە ئېرىشتۈرۈش يولىدا خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك توختىماي ھەرىكەت قىلىدۇ، ئىزدىنىدۇ، ئىجاد مېھنەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنگەچكە غۇرۇر تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. كۈچلۈك ئېتىقادقا ئىگە كىشىلەر يۇقىرىقىدەك خىسلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەردىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئېتىقادى بولمىغان ئادەم روھى ئاللىقاچان ئۆلگەن ئادەم ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا مەدەنىيەتتىن ياتلىشىپ ياۋايىلارچە ياشاۋاتقان، قۇللۇققا مەھكۇم بولغان كىشىلەرنىڭ كۆلپىتىنى ئېتىقادسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىدۇ.

ئېتىقاد ئادەمنىڭ ساپا سەۋىيەسىگە ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمدە ئۆز كەسپىگە نىسبەتەن ئېتىقادلا شەكىللىنىدىغان بولسا، ئۇنىڭدا كەسپىنى قەدىرلەيدىغان، كەسىپ ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايدىغان

ئىسل پەزىلەتنىڭ شەكىللىنىدىغانلىقىغا، ھەم كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا نىسبەتەن كۈچلۈك ئېتىقادقا ئىگە كىشىلەر ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئەقلىي ئەمگەك قايىنىمىغا شۇڭغۇپ، بەزىدە قورساقنىڭ ئاچقىنىنى، ھەتتا تاڭنىڭ ئاتقىنىنى تۇيماي قالىدۇ. يەر تەۋرەشتە خارابىلىك ئاستىدا بىر ھەپتەدىن ئارتۇق تۇرۇپمۇ ھايات قالىدىغان، ھاياتى قىل ئۈستىدە قالغان تەقدىردىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىدىغان مۆجىزىلىك ئەھۋاللارنى دائىم دېگۈدەك كۆزىمىز كۆرۈپ، قۇلىقىمىز ئاڭلاپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولۇشنى ھاياتقا نىسبەتەن كۈچلۈك ئېتىقادتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ھۇرۇن، بىخۇد ۋە بىپەرۋالىقى؛ ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ كەمچىل بولۇشى؛ ئاكتىپ روھىي ھالەتكە يۈزلىنەلمەسلىكى ۋە ئۈمىد ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويۇشى، غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىپ ئۆز روھىغا ساتقىنلىق قىلىشى، كۆلپەت ۋە قىسمەتلەردىن قۇتۇلالماسلىقىدىكى تۈپ سەۋەب، دەل ئۇلاردىكى ئېتىقادسىزلىقتىندۇر. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۆز ئېتىقادىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. ئېتىقاد ھەققىدىكى يۇقىرىقى قاراشلاردىن شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىشكە بولىدۇ: بىر ئادەمدە ئېتىقادتىن ئىبارەت روھىي ئەڭگۈشتەر بولمىسا، ئىچكى قوزغاتقۇچ كۈچتىن مەھرۇم قالىدۇ ـ دە، ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆزىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

**بىلىش:** ھاياتلىق سەپىرى يېڭى بىلىشلەرگە ئېرىشىش جەريانىدۇر. بىز يېڭى بىلىشلەر ئارقىلىق مەنىۋى دۇنيامىزنى، ھاياتىمىزنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ياشاش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىپ بارىمىز. بىز ئادەتتە تىلغا ئالىدىغان بىلىم بولسا بىلىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. بەزىلەر ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان بولغاچقا، نەزەر دائىرىسى كەڭ، بىلىدىغانلىرى كۆپ، ساپاسى يۇقىرى بولىدۇ. يەنە بەزىلەر بىلىشكە ئېتىبارسىز قارىغاچقا، يەنە كېلىپ تەربىيەلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغاچقا ياكى ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلىنىشكە ئېتىبارسىز قارىغاچقا بىلىدىغانلىرى تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالىدۇ. بىلىش يېڭىچە ئوي-پىكىر ۋە تەپەككۇرنى پەيدا قىلىدىغان، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى بەلگىلەيدىغان، ئىچكى ساپانى كۈچەيتىدىغان، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئاتا قىلىدىغان ماھىيەتلىك ئامىل بولۇپ، ئادەمنىڭ بىلىش دائىرىسى قانچە كەڭ بولغانسېرى ئىچكى تەسەراتلىرى شۇنچە موللىشىدۇ، ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى بايقاش، يىراقنى كۆرۈش ئىقتىدارى شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز قانداق بىلىشكە ئىگە بولساق شۇنداق رېئاللىققا ئېرىشىمىز. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، قىممىتى بار بىلىشلەر ئارقىلىق ئاڭ ۋە ئىدىيەنى كۈچەيتىپ بېرىش مەنىۋى مۇكەممەللىككە يۈكسىلىشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ.

ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەن بىلىش پائالىيىتى باشلانغان بولىدۇ. شەيئى ـ ھادىسىلەرنى، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى بىۋاسىتە كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشلىرى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش، ئائىلە ۋە مەكتەپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىش، تەربىيەلىنىش، تۈرلۈك ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىش، مەدىنىيەتلەردىن ئۇچۇر قوبۇل قىلىش، توردىن پايدىلىنىش... ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يېڭى بىلىشلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. سىستېمىلىق تەربىيەلىنىش، يۇقىرىلاپ ئوقۇش، ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش يېڭى بىلىشكە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. تەلىم ـ تەربىيە ئورۇنلىرى، كىتابلارغا پۈتۈلگەن تەييار ھەقىقەتلەر بىزنىڭ بىلىش يوللىرىمىزنى زور دەرىجىدە قىسقارتىدۇ. نادانلىق ۋە جاھالەتنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئىلىم ـ ئېرپان مەشئىلى ئارقىلىق قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئۈمىد:** بىرەر ئىشقا نىسبەتەن ئۈمىدۋار پوزىتسىيەدە بولغىنىمىزدا شجائىتىمىزنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى؛ بىر ئىشتىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە چۈشكۈنلەشكەن ۋاقىتلىرىمىزدا روھىمىزنىڭ بىردىنلا بوشىشىپ، ئىرادىمىز ئاجىزلاپ شۇ ئىشنى قىلىشتىن رايىمىزنىڭ قايتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۈمىدمۇ ئادەمدە ئىرادە ۋە ئىنتىلىش كۈچى پەيدا قىلىدىغان، مەنىۋىيەتنى تىرەپ تۇرىدىغان ئەڭگۈشتەر ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قىزغىنلىق تۆۋەن، ئىرادە بوش بولسا ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ ئاجىز بولىدۇ. ۋۇجۇدىنىڭ ئۈمىد چىرىغى ئۆچكەندە ھايات زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە قالىدۇ. ئۆگىنىشتىن ئۈمىدسىزلەنگەن ئادەم ئىلىم ـ ئېرپان بەيگىسىدە ئات چاپتۇرالمايدۇ. تۇرمۇشتىن ئۈمىدسىزلەنگەن ئادەم چۈشكۈنلۈك، مەنىسىزلىك ئىچىدە تىركىشىشكە باشلايدۇ، ھاياتتىن ئۈمىدسىزلەنگەن ئادەم ئۇزاق ياشىيالمايدۇ، بىرەر ئىشنى ئۈمىد بىلەن باشلىمىغان ئادەم ئاخىرىغا چىقىرالمايدۇ. دېمەك، ئۈمىدسىزلىك ئادەمنى ئاسانلا ۋەيران قىلىدۇ. «ئادەم ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ» دېگەن گەپ بىكار ئېيى

تىلمىغان.

مەلۇم بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سەھرايى كەبىرنىڭ بىپايان قۇملۇقىدا كېتىۋېتىپ، سۇيى تۈگەپ كەتكەنلىكتىن ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن بولالماي قالىدۇ، ئۇلار ئۆلۈمدىن ئىبارەت ھالاكەتلىك قىسمەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە جان تالىشىشقا باشلايدۇ، دەل شۇ چاغدا ئەترەت باشلىقى بىر سۇدانىنى چىقىرىپلا «مۇشۇ بىر سۇدان سۇ قالدى، لېكىن بۇنى قۇملۇقتىن چىقىشتىن بۇرۇن ئىچىشكە بولمايدۇ» دەيدۇ. نەتىجىدە بۇ بىر سۇدان «سۇ» ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈۋېلىشقا باشلىغان بۇ بىر توپ كىشىلەرگە يېڭىچە ئۈمىد ئاتا قىلىپ، تېنىگە قايتىدىن ماغدۇر كىرگەندەك بولۇپ روھلىنىشقا باشلايدۇ. قۇملۇقتىن ئۆتۈش ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ. ئاخىر ئۇلار مىڭبىر جاپادا قۇملۇقتىن چىقىپ ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلىدۇ، خۇشاللىقتىن ھاياجان ياشلىرىنى تۆكۈشىدۇ. ئۆزلىرىگە روھىي كۈچ ئاتا قىلىپ ھاياتلىقنىڭ ئۈمىد چىرىغىنى قايتا ياندۇرغان ئاشۇ سۇدانىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ ھەيران قېلىشىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭغا قاچىلانغىنى قۇم بولۇپ چىقىدۇ.

ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ ئۈمىد كىشىلەر ھەرىكىتىگە ۋە ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۈمىدۋار كىشىلەرنىڭ يارىتىدىغان قىممىتى ۋە ئېرىشىدىغان نېپى بىلەن، ئۈمىدسىز كىشىلەرنىڭ ئالىدىغان ھوسۇلىدا زور پەرق بولىدۇ. ئۈمىدسىزلىك بوشاڭ كەيپىياتنى پەيدا قىلىدۇ، قىزغىنلىقنى سۇسلاشتۇرىدۇ، روھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، رىقابەت ئېڭىنى بوغۇپ قويىدۇ، ئەقلنى تورمۇزلايدۇ، ئاخىر بېرىپ ئالغا ئىنتىلىش ئېڭىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ ـ دە، تەقدىرگە تەن بېرىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭا ئاقىللار «ئۈمىدسىزلىك بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەم» دەپ قارىغان.

**ئىشەنچ**: «ھارۋا ئىتتىرىش» دېگەن ھېكايەتتە مۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك ۋەقە بايان قىلىنغان: دۆڭنىڭ قاپتىلىدا ئوتتۇن بېسىلغان ھارۋىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر يىگىت، يولدا كېتىۋاتقان يەنە بىر يىگىتتىن ھارۋىسىنى دۆڭگە چىقىرىپ بېرىشكە ياردەم سورايدۇ. يولۇچى يىگىت ماقۇل بولۇپ، خۇددى ھەمكارلىشىۋاتقان قىياپەتتە كىرىشىپ، ھارۋىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ «ھە ـ ھۇ» دەپلا ۋارقىراپ بېرىدۇ. ھارۋا دۆڭگە چىققاندا ياردەم سورىغان يىگىت «ياردەم» بەرگەن يىگىتكە كۆپتىن كۆپ ـ رەھمەت ئېيتىدۇ. يولۇچى يىگىت جاۋابەن: «ئەرزىمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ھارۋىنى ئۆزىڭىز تارتىپ چىقاردىڭىز» دەيدۇ. ياردەم سورىغۇچى «بۇنچە ئېگىز دۆڭگە ئۆزۈم تارتىپ چىقىرالايمەنمۇ؟» دېگەندە، يولۇچى يىگىت «ئادەم ئۆزىگە ئىشىنىشى كېرەك» دەپ يولغا راۋان بولىدۇ.» ئادەتتىكى ئادەملەر ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى تونۇپ يەتمىگەچكە، ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچسى ئاجىز بولىدۇ، تامامەن قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىشلارنىمۇ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئىشەنچكە ئىگە بولماسلىق ئادەمنى نۇرغۇن قىممەتلىك پۇرسەتلەردىن، ئېرىشىشكە تېگىشلىك نېسۋىلەردىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ.

ئىشەنچ بىرەر ئىشنىڭ جەزمەن رېئاللىققا ئايلىنىشىنى كۆڭۈلدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشتۇر. ئىشەنچ بولمىغان ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ نەتىجىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. شۇڭا بەزىلەر ئىشەنچكە ئىگە بولۇشنى ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشتىنمۇ مۇھىم دەپ قارايدۇ. رومان . W . پېيىر: «سەندە پەقەت قىزىلمۇچنىڭ ئۇرۇقچىلىك ئىشەنچ بولىدىكەن، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش بولمايدۇ» دېسە، ناپالېئون خېئول: «سىز مەلۇم بىر ئىشنى قىلالمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنگەندە، مېڭىڭىز سىزگە قىلالماسلىقنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرىنى تېپىپ بېرىدۇ. بىراق سىز مەلۇم بىر ئىشنى قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنگەندە، مېڭىڭىز سىزگە تۈرلۈك ئۇسۇللارنى تېپىپ بېرىدۇ. ئىشىنىش ئىجادىي ھەل قىلىش يولى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىشەنچ بىلەن تەپەككۇر بىرلەشسە، كىشىدە غايىۋانە ئاڭ پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ چەكسىز ئەقىل ئىدراك كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. ھەر بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ ۋە غايەت زور بايلىقنىڭ كەينىدە غايەت زور بىر خىل كۈچ، ئىشەنچ بولىدۇ. ئىشەنچ ئۆزىگە ئىشىنىش، ئارزۇ ـ ئارمان ۋە ئىرادە قەتئىيلىكىنىڭ نامايەندىسى» [9] دەپ قارىغان. دېمەك، ئىشەنچ ئاكتىپ پوزىتسىيەنى پەيدا قىلىدىغان ئۈمىدۋار روھىي ھالەت.

**ئىدىيە، پىكىر ۋە تەپەككۇر**: بىزنىڭ ياشاش، ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش، ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش، ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىمىز، ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىق ھەققىدىكى تەسىراتلىرىمىز، ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەربىيەلىنىش جەريانىدا ئېرىشكەن بىلىم ۋە ئىقتىدارىمىز جۇغلىنىپ ئاڭ ۋە ساپايىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل ئاڭ ۋە ساپا ئاخىرقى ھېسابتا ئىدىيەمىزنى پەيدا قىلىدۇ. جەمئىيەتشۇناس تالكوت پارسونى «كىشىلەرنىڭ ئىدىيەلىرى ئۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى، ئېزىلىشنىڭ مەنبەسى ئاڭ» دەپ قارىغان. ئىنسانغا نىسبەتەن ئىدىيە جان ھېسابلىنىدۇ. گېيۇتې

ئېيتقاندەك: ھەرقانداق بىر ئادەم ئىدىيەدىن ئايرىلسا بىر
دۆۋە گۆشتىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئىدىيە
بىزنىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەيمىزنى بەلگىلەيدۇ. ئىدد-
يە باش قوماندان، ئۇ ئادەمنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قوماندان-
لىق قىلىدۇ. ئىدىيە بىزگە قانداق ئىشنى قىلىش، قانداق
ئىشنى قىلماسلىقنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئىدىيەدىن
ئۆتكەن ئىشقا مايىللىقىمىز ۋە قايىللىقىمىز قوزغالسا، ئىدد-
يەدىن ئۆتمىگەن ئىشلارغا رەت قىلىش، قارشىلىششتەك
پاسسىپ كەيپىيات، پاسسىپ پوزىتسىيەمىزنى ئىپادىلەيمىز.
ناپالېئون: «دۇنيادا ئىككى نەرسە ئەڭ قۇدرەتلىك،
ئۇلارنىڭ بىرى قىلىچ يەنە بىرى ئىدىيە. ھالبۇكى ئىدىيە
قىلىچتىنمۇ كۈچلۈك» دېسە، بالتاسار گراسىئەن: «دۇنيادا
ياخشى ئىدىيە (پىكىر قىلىش)دىن ئارتۇق قىممەتلىك نەرسە
يوق. ئەگەر ئادەم ھەر خىل رىيازەتنىڭ ئىدىيە (پىكىر
قىلىش) ئاتا قىلىدىغان قۇدرەت ئىكەنلىكىنى بىلمىسە،
ئۇنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بىچارە بولىدۇ. ئادەم ئۆز ئىدىيە-
سى ۋە باشقىلارنىڭ ئىدىيەسىگە تايىنىپ ياشايدۇ، ئۆز ئىد-
يەسىگە تايىنىپ قايسى دەرىجىدە، باشقىلارنىڭ كاللىسىغا
تايىنىپ قايسى دەرىجىدە ياشاش ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى
ئاساسلىق پەرقتۇر. ئۆز ئىدىيەسىنى باشقىلارنىڭ ئىدىيەسى-
گە بويسۇندۇرۇش — ئۆز جىسمىنى باشقىلارغا بويسۇندۇ-
رۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ بەك قۇللۇق بولىدۇ. شۇڭا باشقى-
لارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر مەسلىنى ئۆز كاللىڭىز
بىلەن ئويلاڭ» دەيدۇ.

ئىدىيە بىلەن پىكىر ۋە تەپەككۇر زىچ مۇناسىۋەتلىك
بولۇپ، ئىلغار ئىدىيە تەپەككۇرغا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلى-
دۇ. پىكىر ۋە تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇر ۋە جانلىق بولۇشىمۇ
ئۆز نۆۋىتىدە ئىدىيەنى مول روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىن
ئېتىدۇ. ناپالېئون خېئول تەپەككۇرنىڭ نېمىلىكى ۋە ئۇنىڭ
رولى ھەققىدە توختىلىپ: «تەپەككۇر بولسا چۈشەنمەيدى-
غان مەلۇم بىر ئىشتىن گۇمانلىنىش، ئاندىن سوئال قويۇش
ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپىدىغان جەرياندۇر. تە-
پەككۇر دېگەنلىك نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب بېرىش دې-
گەنلىكتۇر. مەسىلەن: مەن نېمە ئۈچۈن ياشايمەن؟ مەن
ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى نېمە؟ مېنى نېمە خۇشال
قىلالايدۇ؟ ياشاش دېگەن نېمە؟ تۇرمۇش بىلەن كىشىلىك
ھايات زادى نېمە؟ خىزمەت دېگەن نېمە؟ ھاياتلىقنىڭ ئەھ-
مىيىتى نېمە؟ ئىجادىيەت دېگەن نېمە؟ خاسلىق دېگەن
نېمە؟... دېگەنگە ئوخشاش. ئىجادىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى-
مۇ توختىماي سوئال سوراشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ھا-
ياتنىڭ ئەھمىيىتى گۇمانلىنىشتا ھەم ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش-
تە. ئىنسانلار ياراتقان جىمى نەرسىلەر تەپەككۇردىن ئىبا-
رەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى مەنبە قىلغان. ئاكتىپ تە-
پەككۇر ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ
كۈچى. ئىدىيەڭىز سىزنى ئىجادىي ئوي - پىكىرلەرنى ئىرد
شىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىزغا ئىلھاملاندۇرىدۇ. تەپەككۇر
قىلىدىغان دائىرە قانچە چوڭ بولغانسېرى، پەيدا بولىدىغان
ئوي - پىكىرمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازى-
نىش پۇرسىتىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئىجادىي تەپەككۇر
بولسا، شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئارقىلىق يېڭى ئوي - پىكىر-
گە ئېرىششتۇر» دەيدۇ.

دەرۋەقە، تەننىڭ كۈچى بىلەن ئەقىل - پاراسەتنىڭ
قۇدرىتىنى سېلىشتۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. مەسىلىلەرنى
قايسى دەرىجىدە ئويلاش، مۇلاھىزە قىلىش، ئېرىشىش
ياكى مەھرۇم قېلىش شۇ كىشىنىڭ پىكىر ۋە تەپەككۇر قۇۋ-
ۋىتىگە باغلىق. ئىلغار ئىدىيە، ئىجادىي ئوي - پىكىر ۋە
ئاكتىپ تەپەككۇر ئادەمگە قۇدرەتلىك كۈچ، بەخت - سائا-
دەت، بايلىق ۋە نۇسرەت ئاتا قىلسا؛ چىركىن ئىدىيە، نا-
توغرا قاراشلار قىسمەتلىك تەقدىرنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقى-
دۇ. يەنى خاتا چۈشەنچە ۋە قاراشلار، خاتا بىلىش ۋە
توغرا بولمىغان پىكىر ۋە تەپەككۇر ئىدىيەنى ئاسانلا تۇن-
جۇقتۇرۇپ ئادەمنى زۇلمەتكە ئېلىپ بارىدۇ. مۇنداقچە
ئېيتقاندا ئىدىيە، پىكىر ۋە تەپەككۇر شۇ ئادەمنى يارىتىدۇ.
ئادەم قانداق ئىدىيەدە بولسا شۇنداق ياشايدۇ. مېڭىنىڭ
دوزاخنىمۇ، جەننەتنىمۇ ئاپىرىدە قىلالايدىغانلىقىنىڭ سەۋە-
بىمۇ دەل مېڭىنىڭ تەپەككۇر قىلىدىغان ئورگان ئىكەنلىكى-
دە. قايسى بىر ئاقىل: «ئادەمدە ئىدىيە بولمىسا دۇنيادا
نادانلار كۆپىيىدۇ، مىللەتتە ئىدىيە بولمىسا غالجىرلىشىدۇ»
دەپ بىكار ئېيتمىغان. بۇ ھەقتە يەنە ئامېرىكىلىق داڭلىق
كارخانىچى جاڭ. ۋېلچ: «مۇلاھىزە قىلالايدىغان ئادەم
قەھرىماندۇر» دېسە، رادىي فىش «دۇنيادىكى زىندانلار
ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىكى ئادەمنىڭ بېشىدىكى زىندان»
دەيدۇ. ۋىليام جامېس «ئىنساننىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىقتىدارى
ئۇنىڭدا ئويلىنىش ئىقتىدارىنىڭ بولغانلىقىدا» دېسە،
جونسون بىراند «مېڭە دوزاخنىمۇ، جەننەتنىمۇ ئاپىرىدە
قىلىدۇ» دەيدۇ.

تەپەككۇرى گال ئادەملەر بىر تال ئالمىغا ئادەتتىكى-
چە نەزەر بىلەن قارايدۇ. ئۇنى مېۋىنىڭ بىر تۈرى دەپ

بىلىدۇ ھەم يەۋىتىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. تەپەككۇر تېپىدىكى ئادەم بولسا، بۇ بىر تال ئالمىغا قارىتا تۈرلۈك نۇقتىلاردىن پىكىر يۈرگۈزىدۇ. مەسىلەن، بۇ قانداق سورتلۇق ئالما، قايسى ئورۇندىن چىقىدۇ، باشقا ئورۇنلار نېمە ئۈچۈن بۇ سورتنى يېتىشتۈرۈشكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ؟ ئۇنىڭ تەركىبىدە قانداق ئېلېمېنتلار ۋە ئوزۇقلۇق تەركىبلەر بار؟ يېگەندىن كېيىن ئادەم بەدىنىگە قانداق پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ ئالما ھۈجەيرىسىنىڭ تەركىبى، تۈزۈلۈشى، فۇنكسىيەسى قانداق؟ دورىلىق قىممىتى بارمۇ، قانداق كېسەللەرگە شىپا قىلىدۇ؟ ئالما پوستىنىڭ نېمە رولى بار؟ ئورۇقىدا قانداق ھاياتىي كۈچلەر بار؟ قانداق قىلغاندا بۇ ئالمىنىڭ سورتىنى تېخىمۇ ياخشىلىغىلى بولىدۇ؟ ئالمىنىڭ سېسىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ قانداق قىلغاندا ئۇنى ئەڭ ئۇزاق ۋاقىت ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا بۇ خىل ئالمىنى ئەڭ يۇقىرى باھادا ساتقىلى ياكى ئالمىنىڭ قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ خىل ئالمىدىن قانداق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ؟... دېگەندەك.

بىزنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىمىز ئېھتىياج پەيدا قىلغان ئوي - پىكىرنىڭ تۈرتكىسى بولۇپ، كاللىدا نېمە قارار تېپىلسا ھەرىكەتمۇ شۇ قارارغا بويسۇنىدىغان گەپ. تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىكى كىچىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىجادىيەت، كەشپىيات، يېڭىلىق ۋە ئۇلۇغ بايقاشتەك چوڭ ئىشلارغىچە بولغان بارلىق پائالىيەت ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرى، دۇنيادىكى ئاجايىپ مۆجىزە ۋە كارامەتلەر ئوي - پىكىر ۋە تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

ھاياتنىڭ ئۆزى بىر سوئال بولۇپ، بىز ھاياتلىق سەپىرىمىزدە دائىم دېگۈدەك تۈرلۈك تاللاشلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىمىز، پىكىر ۋە تەپەككۇرىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن قارار چىقىرىمىز. چىقارغان قارارلىرىمىز كەلگۈسى تەقدىرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، بەزىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە قارارنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشى بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ياكى مەغلۇبىيىتىمىزنى بەلگىلەيدۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ پىكىر ۋە تەپەككۇر قۇۋۋىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇ پەيدا قىلىدىغان قۇدرەتمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تەپەككۇر قۇۋۋىتى زەئىپ كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولغىدەك ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك قارارلارنى چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. كۆپ ھاللاردا توغرا قارار چىقىرالمىغانلىقى تۈپەيلى تەكرار خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ پۇشايمان، قاقشاش، ھەسرەت يۇتۇش بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قارارى باشقىلارغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمەيدۇ، لېكىن، ئالاھىدە نوپۇز ئىگىلىرى، سىياسىيون ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ قارارى نۇرغۇنلىغان ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش ۋە تەقدىرىگە ئويلىمىغان تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى سىياسىيونلار: «ئالىقانچىلىك ۋېيتنام پۇۋ دەپ قويۇشىمىزغا يارىمايدۇ» دەپ چوتنى خاتا سوققاچقا، ئۇزاققا سوزۇلغان، زىيىنى كۆپ بولغان بىر قېتىملىق خاتا ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، 60 مىڭ ئادەم ئاشۇ خاتا ئوي - پىكىر پەيدا قىلغان بىر قېتىملىق خاتا قارارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن. تارىخىي كىتابلاردىن جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى باشلىنىپ 1953 - يىلى 7 - ئايدا ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلىمىز. فەن زېڭ ئەپەندىنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، بۇ ئۇرۇشنى 1951 - يىلىنىڭ بېشىدىلا ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ تارىخىي پۇرسىتى پىشىپ يېتىلگەن، بىراق، ئەينى ۋاقىتتا دۆلىتىمىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قارارىنى رەت قىلىپ، ئۇرۇش توختىتىشقا قوشۇلمىغان. نەتىجىدە بۇ ئۇرۇش 1953 - يىلى 7 - ئايغىچە داۋام قىلغان. شۇ بىر قېتىملىق خاتا قارار تۈپەيلى پىدائىي قىسىملاردىن 114 مىڭ ئادەم قۇربان بولغان، 252 مىڭ ئادەم يارىلانغان. 25 مىڭ 600 ئادەم ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن، 34 مىڭ 600 ئادەم يارىلانغاندىن كېيىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن. ئومۇمىي چىقىم بولغان ئەسكەر 426 مىڭ 200 بولۇپ، بۇ چىقىملارنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى 1951 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قارارى ماقۇللانغاندىن كېيىن كېلىپ چىققان. تۈرلۈك ئۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىمۇ 5 مىليون 600 مىڭ توننىغا يەتكەن، مالىيە چىقىمى 6 مىليارد 200 مىليون خەلق پۇلى بولغان بولۇپ، بۇ چىقىمنىڭ مۇتلەق زور قىسمى 1951 - يىلىدىن كېيىن كېلىپ چىققان [10] خەلقئارا سەھنىلەردىكى نوپۇزلۇق سىياسىيونلارنىڭ پىكىر بىرلىكى مەلۇم رايون، مەلۇم دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويۇشى، ھەتتا دۇنيانىڭ تەرتىپىگە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. سىياسىي سەھنىدىكى بىر قىسىم ئەربابلارنىڭ رەزىل ئىدىيەسىدىن پەيدا بولغان پىكىر قاراشلار زور كۆ

لەملىك ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، بىر قىسىم ئەربابلارنىڭ ئاقىلانە پىكىر قاراشلىرىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇرۇشنىڭ ئالدى ئېلىنىشى مۇمكىن.

2500 يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كۇڭزى ئىدىيەسىنى ھەرقايسى سىنىپ ۋە ھاكىمىيەتلەر ئۆزى ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلدۇرغانلىقىنى، تارىختا بۇ خىل ئىدىيەنىڭ قانداق ھەرىكەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ياكى ھەرىكەتلەرنى توسۇپ قېلىشقا سەۋەب بولغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ھەرىكەتلىرىگە، تەقدىرىگە قانداق تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەن قىيىن. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگولۇقلارنىڭ روھىنى داۋالاش ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئالغان داڭلىق ئەدىب لۇشۈننىڭ چوڭقۇر پىكىرلىك ماقالە ئەسەرلىرى ئارقىلىق، قانچىلىك «بىمار»نىڭ روھىنى داۋالاپ ساقايتالىغانلىقىنى سان ئارقىلىق كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگودا ئۇنىڭ ئىدىيەۋى تەسىرىگە مۇتلەق ئۇچرىمىغانلار ئاز ساندا بولسا كېرەك. ليۇ شتۇڭ ئەپەندى «تىل قانداق قىلىپ ‹شەمشەر›گە ئايلىنىپ قالدى» ناملىق ماقالىسىدە: «جۇشىنىڭ ‹ئاچلىقتىن ئۆلۈش كىچىك ئىش، ئېپپەتنى يوقىتىش چوڭ ئىش› دېگەن بىر ئېغىز سۆزى 800 يىلدىن بۇيان قانچىلىك جۇڭگولۇق ئايالنىڭ جېنىغا زامىن بولغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ» دەپ يازىدۇ. بەزىدە بىر پارچە كىتاب، بىر قىممەتلىك نۇتۇق، ھەتتا بىر جۈملە سۆزمۇ بىر ئادەمنىڭ ئىدىيەسىنى، ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى، يىغىپ ئېيتقاندا ئىدىيەنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا مەبلەغ سالغۇچى، 1 ـ دەرىجىلىك باي بوففېتنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئىدىيەسىگە كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بېنجامىن. گىراخامنىڭ پاي چېكى ھەققىدە يېزىلغان بىر پارچە كىتابى سەۋەب بولغانىكەن. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىرادىسى ۋە ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى شۇ قەدەر كۈچلۈك بولغاچقا، دادىسى ۋە دوستلىرى ئالدىدا: «ناۋادا 30 ياشقىچە مىليونېر بولالمىسام، ئوماخادىكى ئەڭ ئېگىز بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋالىمەن» دەپ قەسەم ئىچكەنىكەن.

ئەجايىب پىكىرلەرگە قىممەتلىك بايلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئامېرىكىدا چىش پاستىسى ئىشلەپچىقىرىشتا نام چىقارغان بىر شىركەتنىڭ ئالدىنقى ئون يىلدىكى تىجارەت سوممىسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 10% تىن 20% كىچە يەتكەن. كېيىنكى ئۈچ يىلدا تىجارەت سوممىسىدا ئېشىش كۆرۈلمىگەن. بۇ ھەقتە مەخسۇس مۇدىرىيەت يىغىنى ئېچىلىپ تەدبىرلەر مۇزاكىرە قىلىنغان. بىر ياش دىرېكتور ئورنىدىن تۇرۇپ لىدىرغا: «مەن تەكلىپىمنى بۇ باغاقچىگە يېزىپ قويدۇم، ئەگەر تەكلىپىمنى لايىق كۆرۈپ، قوبۇل قىلماقچى بولسىڭىز، ماڭا 50 مىڭ دوللارنى ئالدىن بېرىشىڭىز كېرەك» دېگەن. لىدىر ئۇنىڭ شىركەتتىن مائاش، مۇكاپاتلارنى ئېلىپ تۇرۇپ يەنە پۇل تەلەپ قىلغىنىدىن نارازى بولغان بولسىمۇ، تەكلىپنى كۆرگەندىن كېيىن، شۇ زامان ئۇنىڭغا 50 مىڭ دوللارلىق چەكنى يېزىپ بەرگەن. باغاقچىغا پەقەت: «ھازىرقى چىش پاستىسىنىڭ ئېغىزىنىڭ دىيامېترىنى بىر مىللىمېتىر چوڭايتىش كېرەك» دېگەن ئىككىلىك خەت يېزىلغان. بۇ تەكلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى بىر يىلدا شىركەتنىڭ تىجارەت سوممىسى 32% ئاشقان. [11] ماي قەلەمنى ئالەم بوشلۇقىدا بىمالال ئىشلەتكىلى بولمىغاچقا، ئامېرىكا ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى نۇرغۇن مەبلەغ سەرپ قىلىپ، مۇتەخەسسىسلەرنى يېڭى قەلەم تەتقىق قىلىپ ياساشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئىككى يىلغىچە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئويلىمىغان يەردىن بىر يىگىت ئۆزىنىڭ «تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى — بىر دانە قېرىنداش»نى ئۇلارغا كۆرسىتىدۇ! بۇنىڭغا ئوخشاش قىممەتلىك پىكىرلەر ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا «يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش»تىن ئىبارەت پىكىر يولىنىڭ جۇڭگونىڭ قىياپىتىگە قانچىلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈشلا كۇپايە.

پىكىر ۋە تەپەككۇر خۇددى بومبىغا ئوخشايدۇ. بومبا پىلىكىنى تارتماستا جىم تۇرغىنى بىلەن پىلىكى تارتىلسىلا كۈچلۈك پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنىدەك، پىكىر ۋە تەپەككۇر ئاكتىپ قوزغىلىش ھالىتىگە ئۆتكەندە قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا ئەقىللىق ئادەملەر دائىم سامان ئىچىدىن دان ئىزدەيدۇ، ئىدراكىي ئادەملەر قۇملار ئىچىدىن ئالتۇن تاسقايدۇ. يېقىندا مەن بىنەملىكتىن 5000 موچە يەر ئاچقان بىر زېمىندار بىلەن پاراڭلىشىپ قېلىپ، قانداق بولۇپ يەر ئېچىش خىيالىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ئۆزىنىڭ داڭلىق بىر كارخانىچى بىلەن بىر قېتىملىق تاماقتا بىللە بولۇش جەريانىدا ئەھۋاللىشىپ قالغانلىقىنى، كارخانىچىنىڭ سوئالىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىدىن ئۇنى ۋاقىپلاندۇرغانلىقىنى، كارخانىچى ئۇنىڭ ئەھ

ۋالنى ئۇقۇقاندىن كېيىن: «تىجارەتچىگە نىسبەتەن ئالقاندىكى نەچچە مىليون پۇلنى ھەقىقىي بايلىق ھېسابلىغىلى، ئۇزۇمنىڭ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ ھېلى سىزنىڭ ئالقىنىڭىزدا بولسا ئەتىسى باشقىلارنىڭ ئالقىنىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا كارخانا قۇرۇشقا قۇربىڭىز يەتمىسە بىرەر ئىشقا مەبلەغ سېلىڭ. ئاددىي بىر مىسال: نوپۇس قانچە كۆپەيگەنسېرى زېمىن تارىيىدىغان گەپ، بىر مېتىر يەرنى ئىككى مېتىر قىلىش ھەرگىز بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، سىز يەرگە مەبلەغ سېلىپ قويسىڭىز تۈگىمەس بايلىققا ئىگە بولىسىز، شۇ چاغدىلا سىزنى ھەقىقىي باي دەپ قاراشقا بولىدۇ» دېگەنلىكىنى، شۇ كارخانىچىنىڭ گېپى بىلەن، ئايىغى تېپىشلىگىچە پالاقشىپ، نۇرغۇن يەرلەرگە دوقراپ يۈرۈپ ئاخىر بۇ يەرنى سېتىۋالغانلىقنى ئېيتىپ بەردى، كارخانىچىنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ - پىكرى ئۇنى ئاشۇنداق زېمىندارغا ئايلاندۇرغان.

جۇ خېجۈن ئەپەندىنىڭ نەقىل قىلىشىچە: پاقىنى تازا قىزىغان ماي قازىنىغا تاشلىغاندا، ئويلىمىغان يەردىن سەكرەپ چىقىپ خەتەردىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىكەن. ھالبۇكى، پاقىنى ئاستا - ئاستا قىزىۋاتقان قازان ئىچىدىكى سۇغا سالغاندا، ئۇ ھۇزۇر ھېس قىلىش تۈپەيلىدىن ئېرەڭسىزلىك قىلىپ، خەتەر يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگىنىدە كۈچىدىن قېلىپ، ئامالسىز ئۆلۈشكە مەجبۇر بولىدىكەن. تەپەككۇرنىڭ ئۇزاق مەزگىل تۇرغۇنلۇق ھالىتىدە تۇرۇشى ھاياتىي كۈچنى خارابلاشتۇرۇپ، ئادەمنى قىزىۋاتقان شۇ قازان ئىچىدىكى پاقىنىڭ قىسمىتىگە مۇپتىلا قىلىدۇ. ئاشكارا خەتەرگە قارىغاندا يوشۇرۇن خەتەرنىڭ خەۋپى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. پاسسىپ ئىجتىمائىي كىلىماتنىڭ تەسىرى تۈپەيلى پىكر ۋە تەپەككۇر قىلماسلىققا كۆنۈپ قېلىش ئاخىرقى ھېسابتا ئېچىنىشلىق ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېمەك، تەپەككۇر قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم غەپلەتتىكى ئادەمدۇر. بىر ئادەم ئاكتىپ تەپەككۇرغا ئىگە بولماي تۇرۇپ ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە بولالمايدۇ، ۋۇجۇدنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلالمايدۇ.

يۇقىرىقى قاراشلاردىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈنگە ئېرىشىمىز: ئۆزىنى تونۇش ئۆزلۈك روھىنىڭ ئويغانغانلىقىنىڭ، ئۆزىنى ئۆزگەرتىش بولسا تەقدىردە بۇرۇلۇش ياسىغانلىقىنىڭ بەلگىسى. ئىرادە، چىدام ۋە جاسارەت بولسا مۇددىئانى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ۋاقىت بولسا پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيدىغان زۆرۈر شەرت. بىزنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشىمىز بىر خىل ئىدىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ھاياتىمىزنىڭ قىممىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئامىللارنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالىغان ھەرقانداق بىر ئادەم، ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆزىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئېتىقاد، ئۈمىد، ئىشەنچ قاتارلىق مەنىۋىيەتنى پەيدا قىلىدىغان ۋە بېيىتىدىغان مەنىۋى ئامىللار ھاياتىي كۈچنىڭ مەنبەسى. بىلىش بولسا مەنىۋى مۇكەممەللىككە يۈكسىلىشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى، پىكر ۋە تەپەككۇر بولسا ھاياتىي كۈچنى قوزغاتقۇچى پىشاڭ، ئەقىل - پاراسەتنى نۇرلاندۇرىدىغان چىراغ، ۋۇجۇدنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى پەيدا قىلىدىغان مەنىۋى ئەڭگۈشتەر، شۇنداقلا ئىدىيە پەيدا قىلىدىغان يادرولۇق ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

**نەقىل مەنبەلىرى:**


[1] جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2007 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 22 - بەت. ھۆرمەتجان فىكرەت تەرجىمىسى.

[2] [3] تام. كىنگ، جون. كونتېر: «ئۆزۈڭدىن ھالقى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 - يىلى 1 - ئاي نەشرى 41 -، 42 -، 125 -، 127 -، 167 - بەتلەر. سېيىت تىلىۋالدى تەرجىمىسى.

[4] رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل 9 - ئاي 2 - نەشرى، 358 - بەت. ئۆزبېكچىدىن ھاكىم مۇسا تەرجىمىسى.

[5] «ھەرقانچە ئازاب چەكسىڭىزمۇ كۈلۈپ ياشاڭ» ناملىق پارچىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل. «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى، 2011 - يىلى 5 - سان، تۇرسۇنجان روزى تەرجىمىسى.

[6] [7] زۇلپىقار بارات ئۆزباشنىڭ «بىز قانداق چاكىنىلىشىمىز: كەملىكىمىز، جەمئىيەتلىشىۋاتقان بىنورماللىقىمىز ۋە شالغۇتلىشىۋاتقان قىممەت قارىشىمىز» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2010 - يىلى 5 - سان، 63 - بەت.

[8] تەۋپىق ھاجىم (مىسىر): «ئېتىقاد بىلەن مەنپەئەت»، «تەرجىمەلەر» ژۇرنىلى، 2010 - يىل 5 - سان.

[9] ناپالېئون خىل: «تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 4 - بەت. ئازاتجان نىزامىدىن تەرجىمىسى.

[10] فەن زېپىڭ: «ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى 1951 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاياغلاشقان بولسا قانداق بولاتتى»، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» 2011 - يىل 4 - سان، ساتتار مۇھەممەد تەرجىمىسى.

[11] لى ياگبو: «بىر مىللىمېتىردىن كەلگەن ئۆزگىرىش»، «تەرجىمەلەر» 2005 - يىل 3 - سان.


ئاپتور: قورغاس ناھىيە 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتە.



# «تىلماچلار چايخانىسى» دىكى پاراڭلار

## نۇرغۇن دېھقان يېرىنى سۆيمەيدىغان بولۇپ قالدى

يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۇدا يۇرتۇمغا بېرىپ، نۇرغۇن دېھقاننىڭ يېرىنى بۇرۇنقىدەك سۆيمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدىم، خۇددى ئوقۇتقۇچىلار دەرسخانىنى، ئەدەبىي تەرجىمانلار چەت ئەل ئەدەبىياتىنى، ئاشپەز ئۇستىلار قازان بېشىنى، ساتىراشلار چاچ بىلەن چاچ پاسونىنى سۆيمىگەندەك دېھقانلارنىڭمۇ يەرگە مۇھەببىتى قالماپتۇ.. ياق، ياق، مەسىلە بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر، بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر، بۇنىڭدىنمۇ خەۋپلىك.

باشقا جايلارنى دەيدىغانغا تولۇق ئاساسىم يوق، يەنىلا ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان يۇرتۇمدىكى كىچىك بازارنى مىسالغا ئالاي. بۇ يەرنى بازار دېسەم ئەمەلىيەتتە شەھەر، بازارلارنىڭ تەبىرىگە تازا ماس كەلمەيدۇ، بۇ ئاھالىلەر زىچراق ئولتۇراقلاشقان بىر كەنت بولۇپ، يېزا باشلىقى بازار باشلىقىغا ئايلانغاندەك دېھقانلار بازار نوپۇسىغا ئايلىنالمىدى، ھاكىم ھاكىملىقتىن شەھەر باشلىقىغا ئايلانغاندەك دېھقانلار شەھەر ئاھالىسىگە ئايلىنالمىدى. ئەمما قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى دېسەكمۇ بولمايدۇ. ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرى، بۇ يەردىكى دېھقانلار بۇرۇنقىدەك يېرىنى سۆيمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەمسە ئۇلار نېمىنى سۆيىدۇ؟ چېقىپ كۆچۈرۈشنى! ئۇلارنىڭ كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنى چېقىپ كۆچۈرۈش. ھەر قېتىم يۇرتۇمغا بارسام چېقىپ كۆچۈرۈش ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ كېلىمەن. چېقىپ كۆچۈرۈش توغرىسىدا ئازراقلا شەپە چىقسا، كىشىلەرنىڭ قاش - قاپاقلىرى ئويناپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ. چۈنكى، چېقىپ كۆچۈرۈشتە تولۇقلىما بېرىلىدۇ، بېرىدىغان تولۇقلىما پۇلنى كۆپرەك ئالىمىز، دەپ بەزىلەر زىرائەتلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا زىچچىدە ئۈزۈم تىكىۋېتىپتۇ. بەزىلەر ئۆينىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئېتىزلىققا قاتىرىسىغا كەپە ئۆيلەرنى سېلىۋېتىپتۇ.



ئەمما، نەچچە قېتىم خەۋەر پېتىلا قالغاچقا، كىشىلەر ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار يەرگە تېخىمۇ قوپال مۇئامىلە قىلىپ، ئاچچىقنى يەردىن ئېلىشماقچى بولدى. ئېتىزلىقلارغىلا ئەمەس، ئۆينىڭ ئالدى - كەينىدىكى يەرلەرگىمۇ ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسى ئىشلىتىشكە باشلىدى. قانداقتۇر «ئوت - چۆپ قۇرۇتۇش»، «يېشىللىقنى ئۆلتۈرۈش» دېگەنگە ئوخشاش دورىلار پەيدا بولدى. بۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنىدۇ. يول ياقىلىرى، ئېتىز قىرلىرى ھەتتا چىتلاق سىرتىدىكى ئوت - چۆپلەرمۇ سارغىيىپ قۇرۇشقا باشلىدى. بۇ نېمىدېگەن پاجىئەلىك - ھە! بۇنداق چاغلاردا ئانچە - مۇنچە ئوت - چۆپ ئۆسكەننىڭ نېمە يامىنى بار؟ «ئوت - چۆپ ئۆلتۈرۈش» دورىسى ئىشلىتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ يازدا يېشىللىق بولمىسا بۇنى قانداقمۇ ياز دېگىلى

بولىدۇ؟ «يېشىللىقنى ئۆلتۈرۈش» دورىسىنى ئىشلىتىش شۇنچە زۆرۈرمۇ؟ كونىلار «ئوت يېقىپ قۇرۇتۇپ بولغىلى بولماس، باھار شاملى قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ» دېگەن سۆپەت سۆز ئارقىلىق ئوت - چۆپلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ قەيسەرلىكىنى سۈپەتلىگەن، ئەمما ھەرقانچە قەيسەر ئوت - چۆپلەرمۇ بۇنداق دېھقانچىلىق دورىلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ - دە! بىر قېتىم چوڭ ئىنىم ئائىلى بىلەن دەرۋازىدىن ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگىچە بولغان يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپلەرگە «يېشىللىقنى ئۆلتۈرۈش» دورىسىنى چېچىپ، ئەمدىلا يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىغان ھەشقىپىچەك، خېنىگۈل، بامبۇكگۈللەر بىلەن ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇتۇۋېتىپتۇ، ئەتراپ خۇددى ئۇرۇشتا خاراب بولغاندەك قاقاس بولۇپ كېتىپتۇ.

يېزىپ بۇ يەرگە كەلگەندە 1993 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بوۋام يادىمغا كېلىپ قالدى. بوۋام ھايات چېغىدا كىچىك تاغ جىلغىسىدىكى بۈككىدە يېشىللىق ئىچىدە ئولتۇراتتى، ئۆيىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى دۆڭلۈك ئۇنىڭ شەخسىي قورۇقى ۋە ئېتىزى ئىدى. دۆڭلۈكنىڭ تۇپرىقى ناچار بولۇپ، تاشلىق، شېغىللىق دېگۈدەك ئىدى. ئەمما بوۋام بۇ جاينى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. مەن دائىم ئۇنىڭ يەرلەرنى ئاغدۇرۇپ يۇمشاتقاچ، تاش، شېغىللارنى چىتلاقنىڭ سىرتىغا تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. بارا - بارا چىتلاقنىڭ سىرتى قاتار تاشلار بىلەن رەتلىك دۆۋىلىنىپ كەتتى. بوۋام قىشتا سىرتلارغا چىقسا سېۋەت ئېلىۋېلىپ ھايۋانلارنىڭ تولۇق تېزىكىنى تېرىپ ماڭاتتى. ياز كۈنلىرى دامكا، شاھمات ئويناپ تەرىتى قىستاپ كەتسە باشقا جايغا تەرەت قىلماي دۆڭلۈكتىكى ئالما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىپ تەرەت قىلاتتى. بوۋام ئۆزىنىڭ بۇ يېرىنى نەۋرىلىرىدىنمۇ چارە كۆرەتتى. بىر يىلى، ناھىيەدە خىزمەت قىلىدىغان بىر تاغام بوۋامنى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ تۇرغۇزماقچى بولدى، ئەمما بوۋام يېرىم يىل تۇرا - تۇرمايلا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالدى. بوۋام: «ناھىيەنىڭ ھەممە يېرى سېمونت بىلەن بېتونلا بولۇپ كېتىپتۇ، ھەممە يەر چويۇندەك قاتتىق تۇرسا بۇنى قانداقمۇ تۇپراق دېگىلى بولسۇن، بۇنداق يەردە زىرائەت ئاينىماي، پەقەت ئەخلەتلا ئاينىيدۇ، مەن قەتئىي كۆنەلمىدىم» دەيتتى. كېيىن بوۋام پۈتىنىڭ ئاستىدىكى تۇپراقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قارا، مانا بۇنى تۇپراق دەيمىز، قاق سەھەردە تۇرۇپ كۆكتاتلارنىڭ نەچچە قۇلاق چىقارغانلىقىنى ساناش، كەچلىكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلارنى ئوتاپ، سۇ قۇيۇش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك - ھە!» دەيتتى. بوۋام 80 گە كىرىپ قالغاندىمۇ بۇ قورۇقنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمەي كۈنبويى ھەر خىل ئىشلار بىلەن تىنىم تاپمايتتى. ماڭا ناھايىتى ئايانكى، ئاشۇ بىر پارچە يەر ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ تايانچىسى، خۇشاللىقىنىڭ مەنبەسى، ئۇنىڭ روھىنىڭ يۆلەنچۈكى، ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئىدى.

بەلكىم سىز ھازىرقى دېھقانلار بىلەن سىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭىز ياشىغان دەۋردىكى دېھقانلار ئوخشىمايدۇ، نەدە قانداق بىكارچىلىقلار بولسۇن؟ دېيىشىڭىز مۇمكىن. ياق! بىكار ۋاقىتلار ناھايىتى كۆپ! ھازىر دېھقانلارنىڭ 80% ۋاقتى ماجاڭ ئويناشقا كېتىپ بارىدۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن ماجاڭ شىرەسى خۇددى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئېتىزى!

خۇددى كىتابخانا زىيالىيلار قەلبىنىڭ ماددىلاشقىنىغا ئوخشاش، يەر، ئېتىز - ئېرىق، باغبارانلار دېھقان قەلبىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدۇر. ئېتىز - ئېرىق، باغبارانلارنىڭ ئۈنۈمسىز بولۇشى قەلبىنىڭ ئۈنۈمسىز بولۇشىغا ئوخشايدۇ، يەرلەرنىڭ قاغجىراپ قاقاسلىققا ئايلىنىشى قەلبىنىڭ قاغجىراپ قاقاسلىققا ئايلىنىشىغا ئوخشايدۇ!

ھەي، «يېشىللىقنى ئۆلتۈرگۈچى»، «ئوت - چۆپلەرنى قۇرۇتقۇچى» دورىلار، ئاھ، تاشلىتىۋېتىلىپ بىر ياقتا بويۇن قىسىپ قالغان تەبىئىي مال ئوغۇتلىرى!

لىن شاۋخۇا ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2014 - يىلى 10 - ئايلىق سانىدىن **شۆھرەت مۇھەممەدى** تەرجىمىسى

## جۇڭگولۇقلار نېمە ئۈچۈن ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ؟

جۇڭگولۇقلار بارغانچە ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان بولۇپ قالدى. كەيپىياتى ياخشى بولمىسا ئاچچىقلىنىدۇ، ئىشلىرى تازا يۈرۈشمىسىمۇ ئاچچىقلىنىدۇ. قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇقسىمۇ ئاچچىقلىنىدۇ، كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كېتىدۇ. تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى، ئاچچىقىنى قاتتىق غەزەپ، ھەتتا زوراۋانلىق ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەپ، بىگۇناھ كىشىلەرگە زەخمەت يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئەزەلدىن «ئېغىر - بېسىق، ئەپۇچان»لىقنى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى دەپ بىلىدىغان جۇڭگولۇقلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

مېنىڭچە، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ خىل «ئاچچىقى»نى

دەۋرنىڭ بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىچكى تەقەززالىقى ۋە بەختەرسىزلىك تۇيغۇسى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

جۇڭگولۇقلارنىڭ كوللېكتىپ غەزىپى بولسا جەمئىيەتنىڭ بۇرۇلۇش مەزگىلىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلى. خىلمۇخىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر بۇرۇلۇش مەزگىلىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىپ، ئەسلىدە بار بولغان جەمئىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇق مېخانىزمى كۆپلىگەن زىددىيەت توقۇنۇشىدا بارا-بارا ئۇنۇمىنى يوقاتتى؛ تارىخىي ئەنئەنە بۇرۇلۇش مەزگىلىدە ۋاقىتلىق ئۈزۈلۈپ قالدى، ئەنئەنىۋى ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي ئۆلچەم ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ئاسارىتى دەپ قارالدى، بۇ دەل غەزەپنى كۆكلىتىدىغان يارنىڭ.

بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتنىڭ جىددىي تەرەققىياتى ھەر خىل پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلب تەقەززاسىغا ئايلاندى. كىشىلەر ئۆزىنى ئىپادىلەشكە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئالدىرىدى، تېزرەك ئۆسسەم، تېزرەك پۇل تاپسام، ئۆي سېتىۋالسام، نام چىقارسام دەپ تەقەززا بولدى... ئىلگىرىلەشتە توسالغۇغا ئۇچرىسا، ئەمەلىي ئىلگىرىلەش غايىۋى ئىلگىرىلەشتىن كېيىن قالسا ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى شۇ ھامان بېسىم ۋە ئۆچمەنلىككە ئايلاندى.

يەنە بىر تەرەپتىن، بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىي باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقمۇ بۇ خىل تار شەخسىيەتچىلىك كەيپىياتىنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى تۈزۈم ۋە قائىدە قۇرۇلۇشى نىسبەتەن ئارقىدا قالدى، مائارىپ، داۋالاش، كۆتۈنۈش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا چېتىلىدىغان نۇرغۇن ساھەلەر بايلىق تەقسىملەش جەھەتتىكى باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى، شەخسنىڭ تەرەققىيات پۇرسىتى مېخانىزم جەھەتتە باراۋەرلىك كاپالىتىگە ئېرىشەلمىدى، بولۇپمۇ بىر قىسىم «يوشۇرۇن قائىدە» بىلەن ئەمەلدارلاردىكى خىيانەتچىلىك قىلمىشىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ھەم نۆۋەتتىكى باي، كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ روشەن ئەمەلىيىتى، نۇرغۇنلىغان ئادەمدە بەختەرسىزلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلدى. دائىم تۇتامغا چىقمايدىغان كىچىككىنە بىر ئىش، ئەرزىمەس بىر ئېغىز گەپ، تۇراقسىز چىراي ئىپادىلىرى كەيپىياتنىڭ «پارتلاش نۇقتىسى»غا ئايلاندى، شەخسىي كەيپىياتنىڭ «تۆۋەن پارتلاش نۇقتىسى»مۇ ناھايىتى تېزلا ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ «تۆۋەن پارتلاش نۇقتىسى»غا ئايلاندى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ «ئاچچىقى» ئادىللىق، ھەققانىيلىقنىڭ قىسمەن دائىرىدە يوقىلىشىدىن كەلگەن بولۇپ، ئىجتىمائىي تەڭپۇڭسىزلىق، ئاسان ئۇت ئېلىش ۋە ئاسان پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بەزى تۈزۈلمە خاراكتېرلىك زوراۋانلىقلار بىلەن غەيرىي رەسمىي زوراۋانلىق قىلمىشلار تارقىلىش داۋامىدا بارغانسېرى ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. مەسىلەن: زوراۋانلىق بىلەن مەجبۇرىي ئۆي چېقىش، زورلۇق بىلەن قانۇن ئىجرا قىلىش، ھەم ئايرىم ئەمەلدارلارنىڭ يولسىز قىلمىشلىرى مەلۇم خىل سەلبىي ئۈلگە بولۇپ قالدى. ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ قاتمۇقات جۇغلىنىشى، بەزى جايلاردىكى ۋابانىڭ ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ، نەغمە-ناۋالارنىڭ ۋەيران بولۇشى، «توپ ئىچىدە سىزگە بىر قېتىم ئارتۇق قارىغانلىقى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پىچاق كۆتۈرۈشكە سەۋەب بولدى.

ھەممە كىشى «باشقىلار»نىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىغا غەزەپلىنىدۇ، لېكىن، رېئال بېسىم ھەمدە «ئالاھىدە ئىمتىياز»نىڭ قايمۇقتۇرۇشى يەنە ھەممە كىشىنى ئاشۇ «ئالاھىدە ئىمتىياز»غا تەلپۈندۈرىدۇ، ئەگەر ئېرىشەلمەي قالسا، شالنى ھەممە يەرگە چېچىپ، باشقىلارغا ناھەق زىيانكەشلىك قىلىش بىلەن ھېسابلىشىپ ئۆلتۈرمايدۇ، ھەتتا بەزى زوراۋانلار بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار باشقىچە ئەھۋاللاردا ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇشىمۇ مۇمكىن.

ئاچچىقلىنىش جەزمەنكى ئەخلاقىي جەھەتتىن چېكىنگەنلىكنىڭ ئىپادىسى، ماھىيەتتە بۇنى جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىدۇ. جەمئىيەتتىكى باي-كەمبەغەللىك پەرقى، ئەمەلدارلاردىكى چىرىكلىك، ھوقۇقنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىش قاتارلىق ئەھۋاللار، بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا پسىخىكا جەھەتتىن ئۆزىنى مەھرۇم قالغان ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندەك ئاجىز ھېس قىلىشقا سەۋەب بولماقتا.

جۇڭگولۇقلارنىڭ «ئاچچىقى» بولسا ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغان، ئەمما سىر تۇتىدىغان جاھاندارچىلىق قائىدىسىدىن كەلگەن.

ئاسان ئاچچىقلىنىدىغانلارنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى: روھىي ھالىتى ئىنتايىن سەزگۈر، شۇنداقلا تۇراقسىز، باشقىلارغا ئىشەنمەيدۇ، ئەتراپىدىكى مۇھىتقا قارىتا بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كەمچىل، ھەر ۋاقىت دەخلى-تەرۇزغا، ھاقارەت ياكى مەھرۇم قىلىنىشقا ئۇچراپ قالامدۇقكىن دەپ قارايدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا ئازراقلا شەپە چىقسا شۇ ھامان قاتتىق جىددىيلىشىپ، خۇددى چوڭ دۈشمەنگە يولۇققاندەك، ئاڭسىز ھالدا «ئۆزىنى قوغداپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ» ياكى «ئالدىن قول

سالغان ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ» دەپ ئويلايدۇ، ئىنكاسى سەل ئاستا بولۇپ قالسا باشقىلار تەرىپىدىن قورقۇنچاق سانىلىپ زەربە بېرىش، بوزەك قىلىشنىڭ نىشانى بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ.

لېكىن، بۇنىڭ ئارقىسىغا يەنىلا بىر خىل مۇرەككەپ ھېسسىيات يوشۇرۇنغان. ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنىڭ كېلىپ ئۆزىنى بوزەك قىلىشىدىن قورقىدۇ، ئەمما، ئۇلار ئۆزىدىنمۇ ئاجىزلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا، دەرھال مۇشتىنى كۆتۈرۈپ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولىدۇ. پرىنسىپ بولمىغان ياكى پرىنسىپ ئېتىبارغا ئېرىشەلمەيدىغان جەمئىيەتتە، جاھاندارچىلىقتىكى بۇنداق زورلۇق - زومبۇلۇقلار ئانچە بەك غەيرىي تۇيۇلمايدۇ.

جۇڭگولۇقلارنىڭ «ئاچچىقى» يەڭگىلتەكلىك روھىي ھالىتىدىن كەلگەن، يەنى مەلۇم ئادەم، مەلۇم بىر توپنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى يەڭگىلتەكلىكىدىن ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپنىڭ ئاڭسىز ھالدىكى يەڭگىلتەكلىكىدىن كەلگەن.

بەزىلەر: «بۇ بىر چېچىلاڭغۇ ۋە شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان دەۋر، بىز خۇددى ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان ئۆينىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇۋاتىمىز، ھەممە ئادەم ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ۋارقىراۋاتىدۇ... بۇ ھەممە ئادەم گەپ قىلىۋاتقان، بىراق ھېچكىم ئاڭلاشنى خالىمايدىغان بىر زامان» دەيدۇ. مۇشۇنداق جار سېلىشلار، شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان مۇھىتتا تۇرغان ئادەملەر باشقىلارنىڭ ساداسىنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ ياكى ئاڭلاپمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە بەزى نەرسىلەرگە سالماقلىق مۇئامىلە قىلىشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ؛ شۇڭلاشقا كىشىلەر ئۇۋالچىلىقنىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ، باشقىلارنىڭ دەردىگە يېتىشنىمۇ خالىمايدۇ. چۇس مىجەزلىك ئەسلىدىنلا بىر خىل بۇزغۇنچىلىق كۈچىگە ئىگە. غەزەپ تاشقىندا، ھەر خىل ئەقىلگە مۇخالىپ ئەسەبىي ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولۇش نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرىلاپ كېتىدۇ.

جۇڭگولۇقلارنىڭ «ئاچچىقى» ئۆزىدىكى مەدەنىي تەربىيەلەشنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن كەلگەن.

جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاسان ئاچچىقلىنىشىدا ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي سەۋەب بار، لېكىن بىر نۇقتىنى چوقۇم ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، «ئەسكى مىجەز»نىڭ پارتلىشىدا ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئۆزىگە ھاي بېرىش دەرىجىسى بىر ئادەمنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇنداقلا شۇ ئادەمنىڭ شەخسىي تەربىيەلىنىش دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. نۇرغۇن ئاچچىقلىنىدىغانلار ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، سەۋەبى مىجەزىنىڭ چۇسلۇقى، تەربىيەلىنىشىنىڭ ناچارلىقىدىن بولدى. بىرەر ئېغىز گەپ قاملاشماي قالسىلا باشقىلارغا مۇشت كۆتۈرۈپ قوپىدىغانلار غەزەپلىنىشىدىكى مەسئۇلىيەتنى ھەر ھالدا «جەمئىيەت»كە دۆڭگىمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئەسكى مىجەزىنى كونترول قىلالمايدىغانلار ئاچچىقلىنىش ئارقىلىق ھەرگىز ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى تۈگۈننى يېشەلمەيتى، بۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ ناچار كەيپىياتىنى ياخشىلاشقا تېخىمۇ پايدىسى تەگمەيتتى.

خۇاڭ فېي ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ژۇرنىلى»نىڭ 2014 - يىلى 10 - ئايلىق سانىدىن **شۆھرەت مۇھەممەدى** تەرجىمىسى

# ياخشىلار نېمە ئۈچۈن سۈكۈت قىلىدۇ؟

«بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەر ھامان ئۆكۈنىمىز، بۇ پەقەت ئەسكىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىن بولماي، بەلكى ياخشىلارنىڭ قورقۇنچلۇق ھالدا سۈكۈت قىلىشىدىن» بۇ مارتىن لوتېر كىنگنىڭ مەشھۇر سۆزى. بۇ سۆزنى جۇڭگولۇقلار ناھايىتى كۆپ نەقىل ئالىدۇ، تەنقىد قىلىدىغان يۆنىلىش باشتىن - ئاخىر يەنىلا: ياخشىلارنىڭ سۈكۈت قىلىشى.

ئەسكىلەرنىڭ غالجىرلىقىغا ياخشىلار نېمە ئۈچۈن سۈكۈت قىلىدۇ؟ مودا جاۋاب: قورقىدۇ.

توغرا، مەيلى ناتسىستلارنىڭ لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان پېچى بولسۇن ياكى قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ بەلباغ تاسمىسى بولسۇن ياكى مۇستەبىتلەرنىڭ قورالى بولسۇن ۋە ياكى زوراۋانلارنىڭ تۆمۈر كالتەك، پىچىقى بولسۇن، زورلۇق - زومبۇلۇقلار بولغاندا ئەتراپتا تۇرغانلار قورقۇش ھېس قىلىدۇ. پايدىنى كۆزلەپ زىياندىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى. شەپقەتسىز زوراۋانلىق ئالدىدا بىز ھەممىشە ئۆزىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان يەردە قانداقمۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئازاب تارتقانلارغا ياردەم قىلالايمىز. بىز ئىچىمىزدە تەڭرىدىن زوراۋانلارنىڭ نەزەرىنىڭ بىزگە چۈشۈپ قالماسلىقىنى تىلەيمىز؛ بىر چەتتە قاراپ تۇرۇش ۋە سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق زوراۋانلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايمىز، ئەمما، ئاخىرىدا زوراۋانلىقتىن قۇتۇلۇش - قۇتۇلالماسلىقنى بىزنىڭ ئىرادىمىز بەلگىلىيەلمەيدۇ.

قورقۇش پسخكىسى ئارقىلىق سۇكۇتنى ساقلاش خۇددى ئىنسان تەبىئىتىدىكى غەزەپ ۋە نەپرەت ئارقىلىق قورقۇنچنى ئاقلىغانغا ئوخشاش بىر ئىش. ئەمما قورقۇنچ بىلەن سۇكۇتنىڭ مۇناسىۋىتى بۇنىڭ بىلەنلا قالمايدۇ. خۇددى «ئۆيدىكى پىل: تورمۇشتىكى سۈكۈت ۋە ئىنكار قىلىش» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى، ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى پىروفېسسورى ئېۋىتا زىلوباۋېر كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: سۇكۇت قورقۇنچنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماي، بەلكى قورقۇنچنىڭ مۇھىم مەنبەسى. باشقىچە ئېيتساق، قورقۇنچ سۇكۇتكە سەۋەب بولىدۇ؛ سۇكۇت قورقۇنچنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە سۇكۇت سۇكۇتنى، قورقۇنچ قورقۇنچنى كۈچەيتىدۇ. بۇنى چۈشىنىش ئۇنچە قىيىن ئەمەس، تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى: زوراۋانلىق يۈز بەرگەندە، ئەتراپتىكى تاماشىبىنلار نېمە قىلىشنى بىلمەي بىر - بىرىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، ھېچكىم چۇقان سالمايدۇ، ھېچكىم قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ، خۇددى مۇردىدەك سۇكۇت قىلىپ تۇرۇشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن زوراۋانلىق بارغانسېرى ئەۋج ئالىدۇ، بۇ مۇقەررەر ھالدا قورقۇنچنىڭ ئەدىشى بىلەن تارقىلىشىنى تېزلىتىدۇ.

قورقۇنچتىن باشقا سۇكۇتنىڭ خۇددى ۋابادەك تارقىلىشىدا يەنە بىر سەۋەب بار. ھەممىمىز ئاندىرسوننىڭ «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» دېگەن بالىلار چۆچىكىنى ئاڭلىغان، چۆچەكتە ئەڭ ئاخىرىدا پادىشاھنىڭ ھېچقانداق كىيىم كىيمىگەنلىكىنى نېمە ئۈچۈن بىر كىچىك بالا كۆرسىتىپ بېرىدۇ؟ زىلوباۋېر: «بۇ نۇقتىنى ماس كېلىپ قېلىش دەپ ئاتاش ناھايىتى تەس، چۈنكى، ئىجتىمائىي ئادەت بىزنى كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىككە چاقىرىدۇ، بۇ بالا دەل شۇ ئىجتىمائىي ئادەتنى تېخى ئۆگەنمىگەن كىشى ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ. بىزنىڭ نېمىگە كۆڭۈل بۆلۈپ نېمىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكىمىز، قانداق ۋاقىتتا سۇكۇت قىلىشىمىز، قانداق ۋاقىتتا يالغان سۆزلىشىمىز ئاللىقاچان ھوقۇق تەرىپىدىن قېلىپلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، مېڭىمىز يۇيۇلۇپ، بۇلار بىلىپ - بىلمەي بىزگە تەسىر قىلغان. بۇ يەردە سۇكۇت ھەمدە سۇكۇتنى بىر تەرەپ قىلىدىغان تەپەككۇر ھوقۇقنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ، ھوقۇققا بويسۇنىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنى ئىلگىرىكىدەك ھوقۇقتىن قورقۇش دەپ خۇلاسىلەشكە بولىدۇ، بىراق ھوقۇقتىن قورقۇش بىرخىل ئەنئەنە، بىر خىل ئادەت، بىرخىل ئەندىزىگە ئايلانغاندا، قورقۇش باشقا سەۋەب كۆرسىتىشكە موھتاج بولمايدۇ، يەنى«نېمىشقا قورقىسەن» دەپ سوراش ھاجەتسىزدۇر، بىزنىڭ قورقۇشمىزغا بىردىنبىر ئەرزىيدىغىنى دەل قورقۇنچنىڭ ئۆزىدۇر.

بۇ يەردىكى سۇكۇت بىر خىل سۈيىقەست، ئۇ ھەم سۇكۇت قىلغۇچىلار بىلەن ھوقۇقنىڭ بىرلىشىپ قىلغان سۈيىقەستى، ھەم سۇكۇت قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سۈيىقەستىدۇر. «گەپنى پەقەت بىر ئادەم قىلىدۇ، ئەمما سۇكۇتكە ھەممە ئادەم ماسلىشىدۇ» (روبوت E پىتنىچى) شۇڭا سۇكۇت بىر خىل كوللېكتىپ ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قالغان. كوللېكتىپنىڭ سۇكۇتى شەخسنىڭ سۇكۇتىنى كۈچەيتىپلا قالماي يەنە ئۇنى قوغدايدۇ، شەخس كوللېكتىپتىن سۇكۇتنى ساقلاپ قېلىشقا باھانە ئىزدەيدۇ، ھەم مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈلگەندە ھەممە گۇناھنى كوللېكتىپقا ئارتىپ قويىدۇ. شۇڭا غەربتە «ھەر بىر تامچە يامغۇر مەن كەلكۈن پەيدا قىلدىم دەپ ئويلىمايدۇ» دېگەن تەمسىل بارلىققا كەلگەن. بۇنداق مۇھىتتا شەخسلەر سۇكۇتنى يىمىرىپ تاشلىماقچى بولىدىكەن، ئاۋۋال ئۆزىدىكى قورقۇنچنى يېڭىپلا قالماي، يەنە كوللېكتىپنىڭ تۈزۈلۈشنى بۇزۇۋېتىشى كېرەك. بۇ چۇقان سالغۇچىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەن، ئۇلار خائىن دەپ قارالمىسىمۇ، ئەمما ساراڭ (ئەسەبىي) دەپ قارىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بەزىدە ھوقۇقدارلار بولماي، بەلكى يېنىدىكى تاماشىبىنلاردۇر.

بۇ نېمە ئۈچۈن «ياخشىلارنىڭ سۇكۇت قىلىشى»نى تەنقىد قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال «ئەسكىلەرنىڭ غالجىرلىقى»نى تەنقىد قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. زىلوباۋېرنىڭ سۆزىگە تەقلىد قىلساق، «ياخشىلارنىڭ سۇكۇت قىلىشى» ھەرگىز «ئەسكىلەرنىڭ غالجىرلىقى»نىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالماي، بەلكى كېيىنكىسىنىڭ مۇھىم مەنبەسى. 3 - سەۋەب بولسا، سۇكۇت قىلغۇچىلار سۇكۇت قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، گەپ قىلىشقا ئۇرۇنسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىدىن قالغانلىقىنى ئامالسىزلىق ئىچىدە بايقايدۇ، ئۇلارنىڭ كانىيى ئىسكەنجىگە ئېلىنغىلى ناھايىتى ئۇزاق بولغاچقا ئەركىن سۆزلەش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، ئۇلارنىڭ قىلغان سۆزلىرى ھوقۇقنىڭ تاسقىشىدىن ئۆتكەن، ئۆزگەرتىلگەن يالغان گەپلەر بولغاچقا، ئەركىنلىك، ھەققانىيەتنى تەسۋىرلەشكە مۇۋاپىق سۆز تاپالمايدۇ. پەقەت ھېس قىلىدۇ، ئەمما دېيەلمەيدۇ. بۇ كۆرەڭلەپ سۆز قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سۇكۇتكە پاتقانلىقىنىڭ بەدىلى. شۇ تاپتا ئۇلار ئاغزىنى يوغان ئاچسىمۇ، كانىيى يىرتىلغىچە ۋارقىرىسىمۇ، سۇكۇت قىلغۇچىلار بىلەن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ.

ئەركىن سۆزلەشتىن باشقا جامائەتنىڭ سۆزلىشى تېخىمۇ شۇنداق، كۈچلۈكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاممىۋى بوشلۇقنى كىچىكلىتىپ، ئاممىنى تەنھا ھالەتكە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ، چۈنكى، شەخسنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان ھۇجۇمى ۋە بۇزغۇنچىلقى كوللېكتىپنىڭ قارشىلىقىدىن خېلىلا ئاجىز بولىدۇ. ئاممىۋى

بوشلۇقنىڭ يوقلىشى ئاممىۋى ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولۇپلا قالماي، يەنە ئاممىۋى گەپ-سۆزلەرنىڭ بۇرمىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نەچچە ئون يىللىق قايتا قۇرۇشتىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما جامائەت سۆزلەش ئۇسۇلىدا يەنىلا شەخسنىڭ سۆزلەش سىستېمىسىغا تايىنىدۇ.

بۇ ئۈچ نۇقتا، بولۇپمۇ ئالدىدىكى ئىككى نۇقتا «ياخشىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن سۈكۈت قىلىدىغان»لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بۇ ئايدىڭلاشقاندىلا، قانداق قىلغاندا سۈكۈت قىلىشنى يوقاتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە يەنىمۇ ئىزدەنگىلى بولىدۇ. زورلۇق قىلغۇچىلار، سۈكۈت قىلغۇچىلار ئەڭ ئەقەللىي ۋىجدان ۋە ئىدراكقا ئىگە بولسىلا، ئۇلار سۈكۈت قىلىش ھالىتىگە رازى بولمايدۇ. ئۇلار سۈكۈتنىڭ سۈكۈت قىلغۇچىلارنىڭ ۋاقىتلىق يول خېتى بولالىسىمۇ، ئەمما ئاخىرى ھامان سۈكۈت قىلغۇچىلارنىڭ قەبرە تەزكىرىسى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. زوراۋانلىق ۋە قەبىھلىك ئەۋج ئالغاندا، قايسىبىر سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرغۇچى ئۆزىنىڭ كېيىنكى قېتىم زىيانغا ئۇچرىمايدىغانلىقىغا ھۆددە قىلالايدۇ، مارتىن لۇتېر كىڭ شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ: «بىزنىڭ ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمىغان ۋاقتىمىز، دەل ئۆلۈمگە يول ئالغان ۋاقتىمىزدۇر.»

يۇگې ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېليۇتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2014-يىلى 10-ئايلىق سانىدىن **شۆھرەت مۇھەممىدى** تەرجىمىسى

# جار سېلىشلار ھامان ھەقىقەت تەرىپىدىن بىتچىت بولىدۇ

ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئومۇمىي گەۋدىدىن قارىغاندا جار سېلىشلار بىلەن تولغاندۇر، جار سېلىش قىزىقارلىق بولىدۇ، قىزىقارلىق بولسا قىزغىنلىق بولىدۇ، قىزغىنلىق بار جايدا قايناپ ئەۋجىگە چىقىشلار بولىدۇ. داقا-دۇمباق چېلىش، شادخۇراملىققا چۆمۈش، بىرى چاقىرىق قىلسا مىڭى ئاۋاز قوشۇش، رەسمىي يوسۇندا سۈرەن-چۇقان سېلىش، كۆلەڭگىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاش، گەپنى شاخلىتىش، چىرايلىق ھەم قويۇق پەرداز قىلىش، نامايىش قىلىپ يىغىلىش، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىش، بارماق چىقىرىپ بەسلىشىش، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش، كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش، ھەممە ئادەم مىكرو بىلوگ ئىشلىتىش، ھەممە ئادەم ئۈندىدار ئويناش، گۇرۇھ بولۇۋېلىش، چولپانلار زەھەر چېكىش، چىۋىن ئۆلتۈرۈپ يولۋاس تۇتۇش، ناخشا چولپانلىرى نىكاھتىن يۈز ئۆرۈش، ئاشنىسى ئەرز قىلىش، ئالەمنىڭ چوڭ پارتلاشتىن پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلاش، ئالەمنىڭ چوڭ پارتلاشتىن پەيدا بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جار سېلىشلارغا كىرىدۇ.

مېنىڭچە، مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە بىز چوقۇم ئوبيېكتىپ سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بۇنى ھەم يامان دېيىشكە بولمايدۇ، ھەم ناھايىتى ياخشى دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، خۇددى، مەن يۇقىرىدا دېگەنگە ئوخشاش ئەمەلىيەتتە بۇ ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ياشىغۇچى يەككە شەخس بولۇش سۈپىتىدە تۇرمۇشتىكى جار سېلىشلارغا ئادەتلىنىشىمىز كېرەك. بىز تۇرمۇشتىكى جار سېلىشلارغا ئادەتلىنىش بىلەن ئاكتىپ ئىقتىدارنى بايقاشنى ھازىرلىشىمىز كېرەك، شۇنداقلا تۇرمۇشتىكى جار سېلىشلاردىن بىدئەتلىكنى بايقاشتىكى سەگەكلىكنى ھازىرلاپ، جار سېلىشلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىر تەرىپى ئىكەنلىكىنى، جەمئىيىتىمىزنى ھەقىقىي تۈردە مۇقىم ئىلگىرىلىتىشتىكى كۈچنىڭ جار سېلىش بولماي، بەلكى ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇشىمىز كېرەك. چۈنكى ئىشچىلار ئەتىدىن-كەچكىچە جار سېلىش بىلەن بولۇپ ئىشلىمىسە بولمايدۇ، دېھقانلار جار سېلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ تېرىقچىلىق قىلمىسا بولمايدۇ، ئوقۇتقۇچىلار ھەدەپ جار سېلىشلارغا كۆمۈلۈپ قېلىپ دەرس ئۆتمىسە بولمايدۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ سۈرەن-چۇقان ئىچىدە جار سېلىش بىلەن بولۇپ دەرس ئوقۇمىسا بولمايدۇ. جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان كۆپ ساندىكى ئادەملەر يەنىلا ئەستايىدىل، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا سەممىي، راستچىل ياشايدۇ، ئىشلارنى سەممىي، راستچىللىق بىلەن قىلىدۇ، كەچكىچە قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىمەن، دېسە جېنىنىمۇ باقالمايدۇ.

سەممىي، راستچىللىق مېنىڭچە جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئاساسى. سەممىي، راستچىللىق بىر جەمئىيەتنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى پاكىتنىڭمۇ ئەسلىي قىياپىتى، بەزى چاغلاردا يالغان-ياۋىداق جار سېلىشلار ھەقىقەتنى ياكى ھەقىقىي ماھىيەتنى كۆمۈۋەتسىمۇ، ئەمما كۆپ ھاللاردا ھەقىقىي ماھىيەتنى مەڭگۈ كۆمۈۋېتەلمەيدۇ، بۇ قارىشىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مەن مۇنداق ئىككى ئىشنى سۆزلەپ بېرەي.

1-ئىش نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن، بەلكىم ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى بولسا كېرەك، شەرقىي شىمالغا جان بېقىش ئۈچۈن كەتكەن بىر قوشنىمىز قايتىپ كەلگەن-

دىن كېيىن، كەنتىمىزدە ئۇنىڭ بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا سۆز - چۆچەك تارقالدى: ئۇ قېلىن ئورمانلىق ئىچىدىن بىر تۈپ ئادەمگىياھ قېزىۋېلىپ، نەچچە 100 مىڭ يۈەنگە سېتىپتۇدەك، دېگەن ئەپقاچتى گەپلەر كەنتىمىزنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە پۇر كەتتى. چۈنكى كەنتىمىزدىكىلەر پۇلى بار ئادەملەرنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلغاچقا، ئۇنى كەينى-كەينىدىن ئۆيمۇئۆي مېھمانغا چاقىرغىلى تۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ قېلىن ئورمانلىق ئىچىدىن ئادەمگىياھنى قانداق قازغانلىق ھەققىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى بىلىشكە قىزىقاتتى. بىزنىڭ ئۆيمۇ بۇنىڭدىن خالىي قالمىدى. ئۇنى ئۆيىمىزگە چاقىرىپ سوپىغا تەكلىپ قىلدۇق. ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ، ئۇ ئۇچىسىغا ئەينى ۋاقىتتا دېھقانلارنىڭ نەزەرىگە خېلى بەك چېلىقىدىغان سوكنا پەلتو كىيىۋالغانىدى. ئۇ ئىسسىق كاڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپمۇ سوكنا پەلتوسىنى سالمىدى. چوڭلار ئۇنى سۈيۈقئاش ئېتىپ مېھمان قىلدى، مومام تۇيۇقسىز ئۇنىڭ بويىندا بىر تال پىت كېتىپ بارغىنىنى سېزىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جار سېلىشلىرىنى بويىندا ئۆمىلەپ كېتىپ بارغان بىر تال پىت بىتچىت قىلدى. چۈنكى پۇلدار ئادەملەرنى ھەرگىز پىت باسمايتتى. كونىلاردا «نامراتنى پىت باسسا، پۇلدارلارنى چىقان باسىدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئىدى. بىز بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بېيىغىنىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۇق. گەرچە ئۇ ھېلىقى سوكنا پەلتوسىنى سالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىيىملىرىنىڭ تولىمۇ يىرتىق ئىكەنلىكى بىزگە ئايان ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ كىشىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىمۇ ئوخشاش بىر سوكنا پەلتونى كىيىپ يۈردى، بىر كۈنى مومام ئۇنىڭدىن بۇ سوكنا پەلتويىڭىز ئەجەب نەۋرە ئاكىڭىزنىڭ پەلتويىغا ئوخشايدىكەن دەپ سورىۋىدى، ئۇ بۇ پەلتونى نەۋرە ئاكىسىدىن ئارىيەت ئېلىپ تۇرغانلىقىنى دېدى. پاكىت ھېلىقى ئادەمنىڭ يالغاندىن جار سېلىشلىرىنى يەنە بىر قېتىم مات قىلدى.

يەنە بىر ئىش: مەن بېيجىڭدا ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدە (جۇڭگو تەپتىش گېزىتى — تەرجىماندىن) ئىشلەۋاتقان مەزگىلىمدە، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ نۇرغۇن دېلولىرى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا بىر مۇنچە ئىشلارنى چۈشەندىم، ئەلۋەتتە مەن پىركورور (تەپتىش خادىمى) ئەمەس، چۈنكى، مەن ئىشلەۋاتقان ئورۇن ئاخبارات ئورنى ئىدى، خەۋەر يېزىش ئۈچۈن مۇخبىر بولۇش سۈپىتىدە بۇ جەھەتتىكى نۇرغۇن دېلو مىساللىرىنى چۈشىنىشىمگە توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خېيىي ئۆلكىسىنىڭ مەلۇم جايىدا بىر خىيانەتچى ئەمەلدار بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئىنتايىن ئاددىي كىيىنىپ يۈرەتتى.

تاشقى جەھەتتە كىشىلەرگە ناھايىتى پاك - دىيانەتلىك كۆرۈنەتتى، ھەر قېتىمقى يىغىنلاردا تولىمۇ داغدۇغىلىق ھالدا ھەققانىي ۋە ئاچچىق سۆزلەر بىلەن خىيانەتچىلىك، چىرىكلىكنى قامچىلايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي تەپتىش مەھكىمىسى ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئاستىدىن نەچچە 100 مىڭ يۈەننى تېپىپ چىقتى، ھەقىقەت بۇ خىيانەتچى ئەمەلدارنىڭ پاك - دىيانەت، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى جار سېلىشلىرىنى بىتچىت قىلدى، پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن كەلدى.

مەن بىر ئەسەر يازغۇچى، چىرايلىقراق ئېيتسام بىر يازغۇچى. يازغۇچىنىڭ نەزەرىدە جار سېلىش بىلەن ھەقىقەت ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى. بىز جارسېلىشلارنى يازساقمۇ بولىدۇ، ئەمما، قەلىمىمىزنىڭ سىياھىنى كۆپرەك ھەقىقەتلەرنى يېزىشقا سەرپ قىلىشىمىز كېرەك. يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ھەقىقەت بىلەن بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ھەقىقەت پەرقلىنىدۇ، ئوخشىمايدۇ، بۇ مۇبالىغە بولۇشىمۇ، شەكلى ئۆزگەرگەن بولۇشىمۇ، سېھىرلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما مۇبالىغە، شەكلى ئۆزگەرگەن بولۇش ۋە سېھىر ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ھەقىقەتنىڭ سالمىقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئومۇمەن، بۈگۈنكى يالغاندىن جار سېلىشلار بىلەن ھەقىقەتكە، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتكە قارىتا بىر يازغۇچى مۇنداق بىر پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ جەمئىيەتتىكى رېئاللىققا يۈزلىنىشى كېرەك. سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ، ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتنى كۆرۈش كېرەك. بىز ئىلگىرى بىر ئادەمنى تەتقىق قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتىگە سەپسېلىش كېرەك، دەيتتۇق. بىز ئادەملەرنىڭ گەپ - سۆزى ۋە چىرايىغا قاراپ ئىش تۇتۇشىمىز كېرەك. كۆزىتىش سىزنى تاشقى جەھەتتىكى نۇرغۇن ئۇچۇرلارغا ئىگە قىلىدۇ، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ لوگىكىسى بويىچە تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك، بىز رېئاللىقنى كۆزىتىشىمىز، ئۆتكەن ئىشلارنىمۇ ئەسلىشىمىز كېرەك. تەھلىل ئارقىلىق ھۆكۈمگە ئىگە بولۇپ، ئاندىن مۇشۇنداق كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم قىلىش ئاساسىدا، تەسۋىرلەشنى ئىشقا سېلىپ، ئاخىرىدا ئوقۇرمەنلەرگە مول بىر ئەدەبىيات دۇنياسىنى تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك.

مو يەن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2014 - يىلى 10 - ئايلىق سانىدىن **شۆھرەت مۇھەممەدى** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى تەرجىمە - تەھرىرلىك باشقارمىسىدا.

# جۇڭگولۇقلار ئىشچان تۇرۇپمۇ نېمە ئۈچۈن باي بولالمايدۇ؟

بىز يەر توغرىسىدا نۇرغۇن ھېكايىنى ئاڭلىغانىدۇق. يەرنى دېھقانلارنىڭ «جېنى» دەپ سۈپەتلىسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ئاخىر دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، دېھقانلارنى ئۆزى تېرىيالايدىغان ھەم ئۆزى باشقۇرالايدىغان يەرگە ئىگە قىلدى. ئەينى يىللىرى يېزىغا چۈشۈپ يېزىلاردىكى ئاۋات مەنزىرىلەرنى كۆرگەنلىكىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇ ۋاقىتتا زىرائەتلەر دېھقانلارنىڭ ئەجرى بىلەن يىلدىن ـ يىلغا ياخشى ھوسۇل بېرەتتى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدىنمۇ ئۈمىد بار ئىدى. بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزىلارمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

مەن شەھەردە كۆپلىگەن دېھقان ئىشلەمچى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئائىلىلىك، ئىجتىمائىي رايونلاردا ئامانلىق خادىمى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلار، تازىلىق ئىشچىلىرى، رېمونت قىلغۇچىلار ۋە ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى يىغىپ ساتقۇچىلار، سەي ـ كۆكتات ساتقۇچىلار دېگەندەك. بىكار ۋاقتىم بولسىلا ئۇلار بىلەن گۇڭ ـ مۇڭ پاراڭلىشىپ، ئۇلارنىڭ يېزىلىرىدىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىمەن. ئۇلار ھەر يىلى يۇرتىغا قايتقاندىكى ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكىدەك سۆزلەپ بېرىشىدۇ: يېزىلار چۆلدەرەپ قالغانلىقتىن كىشىنىڭ ئۇ يەردە تۇرغۇسى كەلمەيدىكەن. ئەمگەك قىلالايدىغان ياشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەھەرگە كىرىۋالغان، بىر قىسىم ياش ئاياللارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن شەھەرگە كىرىۋېلىپ ئۇ يەردە پاناھلانغان. يېزىلاردىكى يەرلەر زورمۇزور تېرىلىپ، قورساق تويغۇزۇشتىن ئىبارەت تۇرمۇشتىكى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمنى ساقلاپ كەلگەن. يېزىلار يىلسېرى خارابلىشىپ، ئەمگەك كۈچىنى يوقاتقان بوۋايلار بىلەن سىرتقا ئىشلەمچىلىككە چىققان ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئۆيىدە قويۇپ قويغان باللار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. كىشىلەر يەرلەرگە ئىلگىرىكىدەك ئىنتىلمەيدىغان بولۇپ، ئامال بار يەرلەردىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنىدىكەن، سەۋەبى، يەرگە باغلىنىپ قالسا كەلگۈسى ئىستىقبالى بولمايدىكەن.

بۇ بەلكىم زامانىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدىكى بولۇشقا تېگىشلىك «شەپقەتسىز» كارتىنىسىدۇر.

زور بىر تۈركۈم دېھقان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يەردىن ئايرىلىپ شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىشى يۈز بېرىشكە تېگىشلىك تارىخىي تەرەققىياتتۇر.

بىراق، كىشىلەرنىڭ يۆتكىلىش تارىخىي جەريانىدا ھەرقانداق بىر ئىش «بولۇشقا تېگىشلىك» بولۇۋەرمەيدۇ.

مەن گېزىتتىن مۇنداق بىر خەۋەرنى ئوقۇغانىدىم: خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شاڭۋاڭ جۇاڭ كەنتىدە ۋاڭ پۇلۇڭ دەيدىغان ياۋاش بىر دېھقان بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ئىنتايىن ئەقىللىق بولغاچقا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ناھىيەگە ئىشقا ئورۇنلىشىپ، يېزىدىكىلىرى ھەۋەس قىلىدىغان نەمۇنىلىك شەخسكە ئايلىنىپتۇ. بۇنداق نەمۇنىلىك شەخسنىڭ تۈرتكىسىدە، ۋاڭ پۇلۇڭ پەقەت يەردىن قۇتۇلسىلا، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كەلگۈسىدە ياخشى كۈن كۆرىدۇ دەپ ئويلاپ، ھەرقانچە جاپا چەكسەممۇ بالىلىرىمنى چوقۇم ئوقۇتىمەن، بالىلىرىم ئىستىقباللىق بولسىلا قەيەرگىچە ئوقۇيالىسا، شۇ يەرگىچە ئوقۇتىمەن، دېگەن نىيەتكە كەلگەن. ۋاڭ پۇلۇڭنىڭ ئون مو يېرى بار بولۇپ، يەرگە تايىنىپلا ھېچقانچىلىك كىرىم قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇنىڭ بىلەن قوغۇن ـ قاپاق، سەي ـ كۆكتات سېتىش تىجارىتى قىلماقچى بولغان. ئەمما، بۇ تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ئىككى ئوغۇل، بىر قىزىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن قېنىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان. ھەر قېتىم قېنىنى ساتقاندا 100 يۈەنگە ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ كەنتىدىكى دېھقان ۋاڭ مېيتەينىڭ ئىككى ئوغلى بار بولۇپ، چوڭ ئوغلى تېخنىكوم مەكتىپىدە ئوقۇيدىكەن. يىللىق ئوقۇش پۇلى 8000 يۈەن بولۇپ، كەنجى بالىسى بازارلىق باشلانغۇچتا ئوقۇيدىكەن. ئۇنىڭ يىللىق ئوقۇش پۇلىمۇ 2000 يۈەنگە بارىدىكەن. ۋاڭ مېيتەي ئىشلەمچىلىك قىلىش بىلەن ئىككى بالىسىنى ئوقۇتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم قان سېتىشقا باشلىغان.

مۇخبىرنىڭ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، يېقىن ئەتراپتىكى كەنتتە بالىلىرى ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قان سېتىشنى بالىلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى قىلىۋالغانىكەن.

سەھىيە مىنىستىرلىقى «قان پونكىتلىرىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش ئۆلچىمى»دە «قان بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ ھەر قېتىملىق قان بىلەن تەمىنلەش ۋاقتى 14 كۈندىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك»، دەپ بەلگىلىگەن. شىنخۇا ئاگېنتلىقى خۇەيئەن ناھىيەسىدىكى قان پونكىتىنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا دېھقانلاردىن ئارقا ـ ئارقىدىن قان ئالغان، دەپ خەۋەر بەرگەن ھەم مەزكۇر قان پونكىتىنى تاقىتىۋەتكەن.

«ئاتا ـ ئاناڭ ئاپىرىدە قىلدى جاھانغا، ھالىغا يېتىپ خىزمەت قىلغىن ئۇلارغا» دېگەندەك، ئارقا ـ ئارقىدىن قان سېتىش سالامەتلىككە زىيانلىق. مەدەنىيەت ئېڭى يۇقىرى بولمىغان دېھقانلارغا نىسبەتەن، بۇنچىلىك قائىدىنى چۈشىنىش ئۇنچىلىك تەس ئىشمۇ ئەمەس. ئەمما قان پونكىتىنىڭ تاقىۋېتىلىشى

ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دېھقانلارغا نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ شۇم خەۋەردۇر.

قان ساتالمىغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى دېھقانلار بالىلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى قانداق غەملەشنى بىلەلمەيتتى، بۇ كىشىنى قاتتىق ئېچىندۇرىدىغان رېئاللىقتۇر.

يېزا ئىگىلىك دۆلەتنىڭ ئاساسى، گۆش باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى پۈتۈن مەملىكەتتىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ھەتتا يۇقىرى قاتلامدىكىلەر مال - چارۋىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ھەققىدە قايتا - قايتا يىغىن ئېچىپ، ھەر خىل سىياسەت ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. گۆشنىڭ باھاسى ئۆسۈۋەردى، مال - چارۋىلار ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. توردا تېخىمۇ قەبىھ باياناتلار بولدى. يەنى ئىزچىل مۇۋاپىق خىزمەت تاپالمىغان بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسىنىڭ قاسساپلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى «ئالدىن كۆرەرلىك» دەپ كۆپتۈردى.

دۆلەت ئىقتىسادى ۋە خەلق تۇرمۇشى يېزا ئىگىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. سانائەتلەشتۈرۈش قەدىمى قانچىكى تېز بولۇشىدىن، شەھەرلەردە ئاسمان - پەلەك بىنالار قانچىكى كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «قورساق مەسىلىسى» مەڭگۈ 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاتالمىش «ئاش - تاماق ھەممىدىن مۇھىم، ئۇنىڭدىن ئايرىلالماس ھەركىم» دېگەندەك، نوپۇس ئەڭ كۆپ بولغان دۆلەتتە ئېكسپورت ئارقىلىق ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىشتۇر.

مەن ئوخشاش بىر كۈندە ئوخشاش بىر گېزىتتىن كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان بىر خەۋەرنى كۆردۈم: «گۇاڭ شىنىڭ يېجۇدا بولتۇر ئىشخانا بىنالىرىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن 100 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سەرپ قىلىنغان بولۇپ، تەستىقلاشقا يوللانغان دوكلاتتا دەپنە ئورنى، سەنئەت ئۆمىكى، بېلىق بېقىش مەيدانى قاتارلىقلار خامچوت ھېسابىغا كىرگۈزۈلگەن، بۇ تۈرلەرگە كېتىدىغان چىقىم پۈتۈن شەھەرنىڭ بولتۇرقى يىللىق كىرىمىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدىكەن. مەزكۇر شەھەرنىڭ مالىيە ئىدارىسىدىكى ئىشخانا بىناسىنىڭ كۆلىمى 7520 كۋادرات مېتىرغا يېتىدىكەن. پايدىنىڭ باشقىلارنى ئىنتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت مۇتلەق قانۇنىيىتى بولغاچقا، بۇ تۈردىن قانچىلىك ئادەم پايدا ئالغانلىقىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ.

نوپۇسى كۆپ بىر دۆلەتكە نىسبەتەن، يېزا ئىگىلىكى ماھىيەتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىستىقباللىق، شۇنداقلا نەپ بېرىدىغان ئىشتۇر.

دېھقانلار چوقۇم بالىلىرىنى ئوقۇتۇشى كېرەك. ئەمما ھازىر بىر قىسىم دېھقانلار قېنىنى ساتمىسا بالىلىرىنى ئوقۇتالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالدى. بۇ بىر قىسىم دېھقانلار قېنىنى ساتسىمۇ سېتىپ بالىلىرىنى يەردىن يىراقلاشتۇرماقتا. بۇ بىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

بەزى ۋاقىتلاردا بىر جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇنچىۋالا كۆپ قائىدە سۆزلەش ھاجەت ئەمەس. ئالايلۇق، نۆۋەتتە شەھەرلەردىكى ئىشخانا بىنالىرىنى ئاددىيراق سېلىش، ھەر دەرىجىلىك ھوقۇقدار ئورۇنلارنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتىنى قىسقارتىش، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ ۋە سىياسەتلەرنى يېزا ئىگىلىكىگە قارىتىش، تېخىمۇ كۆپ پۇلنى يېزىلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا، دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە قارىتىپ، دېھقانلارنى يەر تېرىش ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتالايدىغان قىلىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە يەرنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇتۇپ، يەردىن قېچىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، يەرگە جاۋاب قايتۇرۇش، يەرلەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان قىلىش كېرەك.

بۇ نۇقتىنى بىر مەسئۇلىيەتچان ھۆكۈمەتلا ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

كې يۈنلۇ ئىمزالىقىدىكى بۇ فېليەتون «شىنلاڭ تورى» نىڭ 2012 - يىل 3 - ئاي 16 - كۈنىگە بېسىلغان. ۋاڭ جې بۇ فېليەتوننى خەنزۇچە «ئايلىق فېليەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2012 - يىل 5 - سانىغا كۆچۈرۈپ باسقان، خەنزۇچە «ئايلىق فېليەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2012 - يىل 5 - سانىدىن **ئابدۇقېيۇم ئابدۇرېھىم** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى.

**بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قارايېكىن (تەكلىپلىك).**



ئايگۈل ئەمەت

# ئوت كەتكەن ئۆيۈم...

(پوۋېست)

تۇرمۇش مىسالى ئويۇن مەيدانى، ئاۋۋال ھۇزۇرلىنىسەن، ئاندىن ئازابلىنىسەن ياكى ئاۋۋال مەستخۇش بولىسەن، ئاندىن پۇشايمان قىلىسەن، قىلغانلىرىڭدىن ۋە قىلمىغانلىرىڭدىن، قىلالىغانلىقىڭدىن ھەم قىلالمىغانلىقىڭدىن!

**— خاتىرەمدىن**

1

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن نەچچە ئورۇنغا دوقۇرۇپ بارغان بولساممۇ، خىزمەت تاپالمىغاچقا تاكسىچىلىقنى جان بېقىشنىڭ دەسمايىسى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئالدىراشلىق ئىچىدە بۇ كەسىپنىڭ نەچچە يىللىق كونا كەسىپكارى بولۇپ قالدىم. بۇمۇ ياخشى بولدى، ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگىنىم «تۇرمۇشنى قېدىرىش كەسپى» بولغاچقا تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشنىڭ ئەۋزەل شارائىتى مانا مېنى مۇشۇنداق «يازغۇچى» قىلىپ قويدى. سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغىنىممۇ تاكسىچىلىق جەريانىدىكى كۆرگەن، بىلگەنلىرىم...

ھېلىمۇ ئېسىمدە، شۇ چاغدا تاكسى ھەيدەۋاتقىنىمغا تېخى نەچچە ۋاقىتلا بولغانىدى. مەن ياشاۋاتقان بۇ شەھەر ياز كىرىشى بىلەنلا دىمىق ئىسسىق بولۇپ كېتىدۇ. ئىسسىققا چىدىمىغان بىر قىسىملار كىشىگە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچ مېڭىشقا ئازىلا قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. «ئەگەر ئەرلەر بولمىسا، ئاياللارنىڭ كىيىم كىيىشىنىڭ نېمە ھاجىتى» دېگەن ھەزىل يادىمغا كېلىۋېلىپ ئۆزۈمچە كۈلۈپ كېتىمەن. تولغان كۆكسى، ئاپپاق يوتىلىرى يېرىم - ياتا كۆرۈنۈپ قالغان قىز - چوكانلار توي قىلمىغان مەندەك بويتاقنىڭ ئىچىنى قىزىتىپ باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك، پۈتۈن زېھنى بىلەن يولنى ئېلىپ ماشىنا ھەيدەيدىغان مەندەكلەرنىڭ دىققىتىنى چېچىپلا تۇرىدۇ.

يەنىلا ماشىنامنى دىققەت قىلىپ ھەيدىگىنىم ياخشى. بولمىسا ئاش يەۋاتقان قاچىدىن ئايرىلغاندىن سىرت، بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىققا،تۆلەمگە قالىدىغان گەپ. مەن شۇنداق خىياللار بىلەن يول ياقىسىدىن بىرەر خېرىدار چىقىپ قالامدىكىن، دەپ كېتىۋاتقىنىمدا كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك بىر چوكان ماشىنامنى توسىدى. مەن ئاۋايلاپقىنە ئۇنىڭ يېنىدا توختىدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — مەن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم.

— ۋەئەلەيكۇم... — ئۇنىڭ تىلى جاۋابقا ئارانلا

كەلدى بولغاي، شۇنداق دېگەچ تاكسىنىڭ ئىشىكىگە قول ئۇزاتتى. ئۇنىڭ كېيىنىشى ئۆزگىچە بولۇپ چىراي- تۇرقى-دىن پۇلدارلىقى چىقىپلا تۇراتتى. «ئامىتىم كەلدىمۇ نېمە» چاقماق تېزلىكىدە كۆڭلۈمدىن بۇ خىيال كەچتى- دە، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتتۈم. ئۇ كاسسىنى ئارانلا ياپقان يوپكىسىنى ئەپچىللىك بىلەن قايرىۋېتىپ يېنىمدىن ئورۇن ئالدى. قويغان ئۆپكىدەك، ياق سۈت بىلەن يۇيۇپ پەرۋىشلىگەندەك ئاپپاق يوتىلار يۈرىكىمنى يەڭگىلگىنە جىغىلدىتىپ ئۆتتى. ئە-دەپسىزلىك بولمىسۇن ئۈچۈن كۆزۈمنى ئۇ ئولتۇرغان ئو-رۇندىن ئىتتىك رولغا يۆتكىدىم.

— قاياققا خانىم؟

— دۆڭمەھەللە ئولتۇراق رايونىغا ئاپىرىپ قويسىڭىز.

مەن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان كىچىك بالىدەك رولغا قارىغىنىمچە تۇرۇپ قاپتىمەن، ئۇ ئەسكەرتكەندەك قىلىپ گېپىنى يەنە بىر تەكرارلىغاندىلا چۆچۈپ ئۇنىڭ كۆزىگە يەنە بىر قېتىم قارىدىم- دە، تاكسىنى يولغا توغرىلىدىم. «بۇ خىل كۆزلىرىڭ بىلەن تاكسى ھەيدىمە» دېدىم كۆڭلۈمدە ئۆز- ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ، «قانداق قىلىمەن، قارىماي دېسەممۇ...» يەنە بىر تۇيغۇم ئۆز- ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغاندەك كەيپىيا-تىمنى يەنە جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. مەن دىققىتىمنى مەركەز-لەشتۈرمەكچى بولدۇم- دە، ھېچنېمىنى ئويلىماسلىققا تىرىش-تىم. ماشىنا تېز سۈرئەتتە خانىم دېگەن مەھەللىگە قاراپ ئىل-گىرىلىمەكتە. كۆڭلۈك ئەتىرنىڭ پۇرىقى دىمىقىمغا ئۇرۇلغان-چە بايامقى سەلبىي تۇيغۇم يەنە ئەزۋەيلەشكە باشلىدى. مەن كۆزۈمنىڭ قىرىدا خېرىدارىمغا بىر قارىۋېلىش بىلەن ئارام تاپماقچى بولدۇم.

— ئۇستام، ماشىنىنى ئاستىراق ھەيدىگەن بولسىڭىز، سۈرئەت بەك تېز بولۇپ كەتتىمۇ نېمە؟ بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىسۇن.

بەدىنىم ماشىنامنىڭ موتورىدەك ئوت ئالماقتا ئىدى. مەن ئەزەلدىن بۇنداق تۇيغۇدا بولۇپ باقمىغان. مۇنۇ چوكان ياق خېرىدارىم، يولۇچۇم... يەنە ياق... مېنى «قانداق ئەر مۇشۇ ساھىبجامالغا تۇش بولغاندۇ» دېگۈزۈۋا-تاتتى. يېنىمدا ئولتۇرغىنى خېلىلا تەجرىبىلىك چوكان بولسا كېرەك، كەيپىياتىمنى سېزىپ قالغاندەك مايلىق پىلىككە ئوت يېقىشقا باشلىدى. كۈندە ئۇچرىشىپ تۇرسىمۇ بىر- بىرىگە ئانچە قىزغىن سالام قىلىشمايدىغان يۇرتداشلار باشقا بىر يۇرتتا تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالسا تۇغقاندەك بولۇپ كېتە-دىغان ئەھۋاللار بار. قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىدىن خۇشپۇ-راق سۈپۈرنىڭ، ئىمپورت ئەتىرنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان بۇ چوكان مەن ئويلىغان ئويلارنى ئويلىغاندەك چوڭ يۈ-رەكلىك بىلەن ماڭا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

— ئۇستام، مۇسابىقىغا چۈشكەن بۇقىدەك بولۇۋالماي، ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇپ ھەيدىمەمسىز ماشىنىنى، توي قى-لىدىغان قىز يادىڭىزغا كېلىۋالدىمۇ نېمە؟

— نېمە دەيدىغانسىز ؟...

—ئەر كىشى بولغاندىكىن تۇتقان يەرنى سوقا سەن-دەلدەك تۇتقۇلۇق- تە.

— ...

— بىر قارىسام رول تۇتقان قوللىرىڭىز ھېلىلا ئۇنى يۇلۇپ ئالىدىغاندەك ھالەتتە، ئەگەر قىز دوستىڭىزنىڭ بەل-بۇتلىرىنى تۇتۇپ قالسىڭىز سۇندۇرۇۋېتىدىغان ئوخشايسىز. سىزگە تۇش بولغان قىزغا ئىچىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، جۇمۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ خانىم، قاتتىق بولىدىغان يەردە قاتتىق بولىمىز، يۇمشاق بولىدىغان يەردە سۇدەك دەڭە،— مەنمۇ بوش كەلمەي ئېغىزىمنى ئېچىۋەتتىم.

— ھەي تاڭەي، سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز چۆمۈلگەن ئادەم-نى مۇزغا ئوخشاش قاتۇرۇۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ.

— ...

دوقمۇشتىكى قىزىل چىراغ ماشىنامنىمۇ، ئاغزىمنىمۇ تورمۇزلاشقا مەجبۇر قىلدى. چوكان تۇيۇقسىز سىلكىنگەن بولۇپ پاختىدەك يۇمشاق قوللىرىنى مۈرەمگە تەگكۈزۈۋال-دى. شۇ تاپتا يەنە ئىللىق بىر ھارارەت بەدىنىمگە ئاسما ئوكۇل سۇيۇقلۇقىدەك تارىلىشقا باشلىدى. «ئۇۋچىغا ئۇۋ كەم ئەمەس»، دېگەندەك چوكان مېنى «ئۇۋ»لاۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن شۇنچە سالاپەتلىك ياسانغان ئاق پىشماق بۇ چوكاننىڭ ھېلىقىدەك ئاياللاردىن بولۇشىغا زادىلا ئىشەن-مەسلىككە تىرىشتىم، شۇنداقتىمۇ چوكاننى چېكىپ باقتىم. چوكانمۇ چېچەن نېمىكەن، ماڭا ئاستىرىتتىن تۇۋش بەرگىلى تۇردى. ئۇ ھەرگىزمۇ ھېلىقىدەك ئاياللاردىن بولماستىن، بەلكى تۇرمۇشتىكى «بۇرۇختۇم ئايال» دەك قىلاتتى.

بۇنداق ئاياللارنىڭ بىر ئاجىزلىقى كۆزگە ئىلىنغۇدەك بىرەر ئەركەك ھېسداشلىق ئارىلاش مۇنداقلا سوئال سوراپ قويسىمۇ تاغدەك يۆلەنچۈككە ئېرىشكەندەك، ئۇمىد نۇرى يوللىرىنى يورۇتقاندەك پۈتۈن ئىچ- قارنىنى تۆكۈپلا-ۋېتىدۇ. بىلگۈدەك بولسام بۇ چوكان ئۆزىنىڭ كېلىشكەن ھۆسنى- جامالى، پۇلغا- ھەشەمگە ئامراق بولۇشتەك خۇسۇ-سىيىتى بىلەن بىرەيلەننىڭ «كىچىك خوتۇن»ى ئىكەن. ئۇ

ئەر شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئايالدىن يوشۇرۇن ھالدا ئۆزى بىلەن قانداق ئارىلاشقان بولسا، يەنە ئۆزگىلەر بىلەنمۇ غەيرىي مۇناسىۋەتنى شۇنداق داۋام ئەتكەنلىكى سېزىلىپ قالغاچقا، ئارىغا تىكەن ئۈنۈپ، بۇرۇنقى گۈل چېچەكلىك باغنى ياۋا ئوتلار قاپلاشقا باشلاپتۇ. چوكان ئۇ ئادەمگە بەكمۇ ئۆچ ئىكەن. پەقەت، ئۇنىڭغا بەرگەن ئۆي ۋە ئاز - تولا تۇرمۇش خىراجىتى بۇ ئۆچمەنلىكنى چوغ پېتى ساقلاپ كېلىۋاتقانىكەن. مەن ئايالغا ھېسداشلىق قىلىپ نۇرغۇن «نەسىھەتلەر»نى قىلدىم. ئايال ئېرىدىن بولغاي كەينى - كەينىدىن رەھمىتىنى بىلدۈردى. پاراڭ بىلەن تېزلا مەنزىلگە يېتىپ كەلگەنىدۇق، ئۇ ماشىنىدىن چۈشكەچ كىرا ھەققىگە قوشۇپ بىر پارچە ئىسىم كارتىسىنى سۇندى ۋە:

— ئاق كۆڭۈل بالىكەنسىز، كۆڭلۈم خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ۋاقتىڭىز چىققاندا غىزالانغاچ يەنە مۇڭدىشارمىز، — دېدى.

— بولىدۇ، مەنمۇ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىڭىزنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ قالدىم، يا كەچتىرەك بىللە غىزالىنارمىز. بۇنداق دېسەم خاتا چۈشۈنۈپ قالماڭ.

مەن سۆز ئاخىرىدا تەكەللۇپ سۆزىدىن بىر جۈملە قوشۇپ قويدۇم.

— ۋاي ياقەي، كۆڭۈل - كۆڭۈلگە ھەمراھ دەپتىكەن، قاچان تېلېفون قىلسىڭىز بولىدۇ، مەن بىكار، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئىشىكنى ياپماقچى بولدى.

— توختاڭ، بىز ھازىر ئۆز بولۇپ كەتتۇق. ماۋۇ كارتوچكىنى ئالاي، پۇل يېنىڭىزدا ئامانەت تۇرۇپ تۇرسۇن...

— ۋاي توۋا دەڭە، ئۇنچىلىك پۇلنى تۆلىگۈچىلىكىم بار، بۇنداق دېسىڭىز خاپىلايمەن جۇمۇ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ سۆيگۈنىگە ئەركىلىگەن قىزلاردەك ئېغىزىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، ئامان بولۇڭ، راستىنلا مۇڭداشقاق خانىمكەنسىز، ھېلىلا تېلېفون قىلىپ قالامدىم تېخى، ھا... ھا... مەنمۇ سىزگە ئىسىم كارتوچكامنى بېرەي.

— مەيلىڭىز، مەن ئۆيدە بار، ئىشتىن قالمسۇن دېدىم، بولمىسا ئۆيگە باشلايتتىم، — ئۇ دادىللىق بىلەن شۇنداق دېگەن بولسىمۇ راستىنلا ئۆيگە باشلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز تېخى تاكسى شوپۇرى بىلەن خېرىدارلىق مۇناسىۋەتتىن ئەمدىلا چاقچاقلا ھالقىغان بولساقمۇ، تېخىمۇ ھالقىشىمىز بىنورماللىق بولاتتى. ھەر قانچە ئەركىن، ھەرقانچە ئېچىۋېتىلگەن ئىدىيەدىكى چوكان بولسىمۇ چوپچوڭ بىر ئەرنى مۇددىئا - مەقسەتسىز، ئىمكان - زۆرۈرىيەتسىز شۇنچە تېز، شۇنچە ئازادە ئۆيىگە باشلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىز خوشلاشتۇق، ئۇ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مەن يولدا كېتىۋاتقان بولساممۇ خىيالىم ئۇنىڭ بىلەن قالغانىدى. ھەرخىل شېرىن قىياس، تاتلىق ئارزۇلار بىلەن مۇشۇنداق چىرايلىق چوكان بىلەن مۇڭدىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن تاكسى شوپۇرلۇق كەسپىمدىن ئېيتىخارلىنىپ قالدىم.

2

ئەتىگەندە «بىسمىللاھ»نى خېلى ئىخلاس بىلەن ئېيتقان ئوخشايمەن، بۈگۈنكى ئىش - ئوقىتىم خېلى جايىدا بولدى. ئۇزاقتىن بۇيان تەلەپ قويماقچى بولغان قىز بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچرىشىپ، ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆيگە قايتقان يىگىتتەك ھېلىدىن - ھېلىغا شوخلۇق قىلغۇم كېلەتتى. ماشىنامنى ھويلىغا توختىتىپ قويۇپ تاماق يېگىلى ماڭغىنىمدا يولدا ئويناۋاتقان كىچىك بالىلارنى ئەركىلىتىپ قويياتتىم. تونۇسام - تونۇمىسام ئۇچراشقانلارغا قىزغىن سالام قىلاتتىم. ئادەم دېگەن شۇنداق بولسا كېرەك، خۇشال بولغاندا چىقمىغان قىلىقلىرى چىقىدىكەن، خۇددى كىچىك بالىلاردەك ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا چېقىلغۇسى كېلىپ باقىدىكەن. «بولدىلا بۈگۈن مۇشۇنچىلىك ئىشلەي، ئۆيگە كىرىپ يۇيۇنۇپ بىر ئارام ئالاي» دېدىم - دە، 6 - قەۋەتتىكى ئۆيۈمنىڭ قۇلۇپىغا ئاچقۇچ سالدىم، بوسۇغىدىن ئەمدى ئاتلىشىمغا تېلېفونۇم سايراپ كەتتى.

— ۋەي، تىنچلىقمۇ؟...

— تىنچلىق، كىممۇ؟

— مەن گۈلگىنە، يەنى چۈشتە دۆڭمەھەللىگە ئەكىلىپ قويغان خېرىدارىڭىز.

— ۋاي تىنچلىق تۇردىڭىزمۇ، قانداق تاپشۇرۇقىڭىز باركىن؟

— ھې، ھې... چۈشتە ماشىنىڭىزدا بىر پاي ھالقام چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. ماشىنىغا چىققۇچە بار ئىدى، ئۆيگە كىرىپ قارىسام يوق تۇرىدۇ، ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، ئاخىرى سىزگە تېلېفون قىلىشىم. خاپا بولماي مەن ئولتۇرغان يەرگە قاراپ باققان بولسىڭىز...

— بولىدۇ، مەن ھازىرلا قاراپ باقاي، — شۇنداق دېگىنىمچە ئېچىلىپ بولغان ئىشىكنى قايتا ئەتتىم - دە، پەسكە چۈشتۈم. تەقدىر - قىسمەت شۇ بولسا كېرەك. نېمە باھانە بىلەن تېلېفون قىلارمەن، دەپ تۇراتتىم، مانا ئەمدى باھانە ئۆزى كەلدى. نېمىشقىدۇر بۇ چوكان كۆزۈمگە بۆلەكچىلا

ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانىدى. مەن ئۇچراتقان ۋە ئۇچراشقان قىزلار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ مېھرىنى سالمىسا يۇسۇپ بىلەن زۇلەيخانىڭ سۆيگۈ ئوتىدەك بىرىمىزدە يانسا، بىرىمىزدە ئۆچۈپ تۇراتتى. ئەمما ھازىرقى بۇ ئوت ئىككىلا ئوچاقتا تەڭ يانغاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ يېشى ماڭا ماس كەلمىسىمۇ، ئەمما...

ماشىنامنىڭ ئالدىنقى ئورۇندۇقنىڭ گىرۋىكىدە ئۇمىد يۇلتۇزىدەك ۋاللىدە پارقىراپ چىرايلىق بىر پاي ھالقا تۇراتتى. بۇ ھالقا قىشتىكى چوغدەك، باھاردىكى غۇنچىدەك، يازدىكى تەنھا يۇلتۇزدەك، كۈزدىكى مەي باغلاپ پىشقان مېۋىنىڭ ئۇرۇقىدەك... ماڭا بۆلەكچىلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن خۇشاللىقىمدا كابىنكا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ شۇنداق بىر سەكرىمەكچى بولغان ئىدىم «دۈق» قىلىپ بېشىمنى قىرغاققا ئۇرۇۋالدىم. «ۋايجان!» چىدىغۇسىز ئاچچىق ئاغرىق زىڭىلدە بەدىنىمگە تارىدى. يۇ، بىر قوشۇق ساپ ھەسەلنى چاپىنغاندىكى چىشلارنىڭ ئەسەبىيسىدەك تاتلىقى تىلىمغا، كۆزۈمگە ئاندىن مېڭەمگە يۈگۈردى.

— ۋەي، راستىنلا ھالقىڭىزنى ماشىنامغا تاشلاپ قويۇپسىز، مەن ھازىرلا ئاپىرىپ بېرەي، — دەپ كۈلدۈم.

— تاشلاپ قويمىدىم، چۈشۈپ قاپتۇ، — ئۇ قېيدىغان ھالدا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى...

مەن دۆڭ مەھەللە ئولتۇراق رايونىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقىنىمدا چۈشتىكىدىنمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەن چوكان تاقەتسىزلەنگەن ھالدا مېنى ساقلاۋاتقانىكەن.

ـ سىزنى ئاۋارە قىلدىم، ئەمدى ئۆيۈمگە كىرىپ بىر ئوتلام چېيىم بىلەن رەھمىتىمنى بىلدۈرمىسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ جۇمۇ. «ئادەم پۇل تېپىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئارام ئېلىشنى بىلمىسە تاپقان پۇلى توزۇپ كېتىدۇ» دەپتىكەن بىر كىتاپتا، قېنى ماشىنىڭىزنى ئاۋۇ يەرگە توختىتىڭ.

— بولدى رەھمەت، بۇنچىلىك ئىشقا ھەق ئالمىساممۇ بولار.

— بۇ ھەق ئېلىش، ھەق بېرىش مەسىلىسى ئەمەس، ئادىمگەرچىلىك مەسىلىسى. تەكلىپىمنى يەنە رەت قىلسىڭىز ئەجەب بىر پۇلغا تويمايدىغان ئاچكۆز ئادەمكەن، پۇل ئۈچۈن جېنىنى بېرىدىكەن، دەپ قالىمەن...

مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمدە سەل قورۇندۇم، چۈنكى، ئۆي ئالىي دەرىجىدە ئىنتايىن سىپتا بېزەلگەنىدى.

— قېنى كىرىسلوغا كېلىڭ، قورۇنماڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرغاندەك ئازادە ئولتۇرۇڭ، بۇ ئۆيدە مەندىن باشقا ھېچكىم يوق.

— ھە، ئۆزىڭىز يالغۇزما؟

— شۇنداق بولمايچۇ، چۈشتە دەپ بەرگىنىمدەك ئۆي قالدى، مەن قالدىم...

مەن ئەتراپقا قارىغاچ قولۇمدىكى ھالقىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم.

— مانا بۇ ئامانىتىڭىز، ئوبدان ساقلاپتىمەنمۇ؟ ھې، ھې...

— ئانامدىن قالغان تەۋەررۇك ھالقىتى، شۇڭا ئۇنى تەۋەككۈل قىلىپ تاشلاپ قويۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. راستىنلا بەختەستەلىك بولۇپتۇ، ھېلىمۇ سىزنىڭ ماشىنىڭىزدا چۈشۈپ قاپتۇ، بولمىسا قانداقمۇ قىلاتتىم. قېنى چاي ئىچكەچ تۇرۇڭ، ھېلى قەھۋە دەملەپ كىرىمەن.

— بولدى ئاۋارە بولماڭ، — دېدىمەن ئۇنىڭ چاي سۇنۇۋاتقاندىكى قىياپىتىگە دىققەت قىلغاچ. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى مېۋىسى مەي باغلىغان ئالما شېخىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى غۇنچىسى ۋايىغا يېتىپ ئېچىلغان بىر تۈپ گۈلنى ئەسلىتىدۇ! ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى لىرىك تۇيغۇغا تويۇنغان ئايدىڭ كېچىنى ئەسلىتىدۇ! ئاي كېچە قاراڭغۇلۇقىدا تېخىمۇ نۇرلانماقتا. گۈل — ھۆسن-لاتاپەتنىڭ چۈشەندۈرۈشىسىز نامايەندىسى؛ ئالما قارىغانسېرى ئادەمنىڭ تۇتقىسىنى، ئۈزگىسىنى، يېگۈسىنى كەلتۈرىدۇ...

بىز يەنە چاقچاق بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ ھېلى تاتلىق-تۇرۇملەرگە، ھېلى قەھۋەگە، ھېلى چاقچاققا زورلايتتى. شۇ تەرىقىدە خېلى كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قاپتىمىز. ھېسسىيات دېگەن شۇ، ئادەم ھېسسىياتىنىڭ قولىغا ئايلانغاندا ئۆز-ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ. ياسداق ئۆيىنىڭ مېھرى بۇ چوكاننىڭ مېھرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەندەك قىلاتتى... ئەمدى ئورۇندىن تۇرۇش كېرەك. ئاۋۇ يەردىكى ئاددىي بولسىمۇ ئۆزۈمگە خاس ئۆز ئۆيۈمنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايدۇ. بۇ ئۆي مېنىڭ ئۆيۈم ئەمەس، بۇ چوكان ھەم مېنىڭ يا ھازىرقى ياكى كەلگۈسىدىكى ئايالىممۇ ئەمەس.

مەن ئۆزرىخاھلىق سوراپ، رەھمەتنىڭ چوڭىنى ئېيتىپ ۋە ئاڭلاپ بوسۇغىدىن ئاتلىغان چېغىمدا چوكان شارت قىلىپ يېڭىمنى تارتقاندەك قىلدى-دە بىزنى ئۆينىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ ئىشىك قايتىدىن سولۇنۇپ قالدى. ئىسسىق سىزىم بەدىنىمگە تارالماقتا. قاراڭغۇ كېچە ئاي بىلەن مېنى قوشۇپ قوينىغا يوشۇردى، كىملەرنىڭدۇر جۆرئىتى بىلەن

ئوتتۇرىدىكى تاغ يۆتكۈۋېتىلدى...

مەن ھارغىن ھالەتتە ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگىنىمدە تۈن نىسپىدىن ئۆتكەنىدى...

3

«كۆڭۈل كۆڭۈلنى تاپىدۇ» دەپ شۇنىڭدىن بۇيان بىزنىڭ مۇڭداشلىق، ھالداشلىق تۇرمۇشىمىز باشلاندى. بىكار بولغان چاغلىرىمىزدا كىشى كۆرمەيدىغان جايلاردا ياكى ئۇنىڭ ئۆيىدە خۇپىيانە ھال - مۇڭ قىلىشىدىغان بولۇۋالدۇق. خۇددى مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز - يىگىتلەردەك، ياق، مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز - يىگىتلەرمۇ بىزدىن ئەركىنرەك، بىزدىن ئازادىرەك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بىز يەر ئاستىدىكى قۇرتلاردەك، پارتىزانلاردەك مەخپىي كۆرۈشۈپ، ئاشكارە سىر دىشاتتۇق.

بىر كۈنى تېلېفونۇم يەنە جىرىڭلىدى...

مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىمدە ئۇ قەھۋە دەملەۋاتقانىكەن. چاقچاقلىق سالاملاردىن كېيىن گۈلگىنە مېنى ئازادە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ بىر ئىستاكان قەھۋەنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. قەھۋە تىلىمغا تېتىدى، ئۇ ماھىر قەھۋەچى بولسا كېرەك، ھەممە نەرسىنى تېتىتىپ ناھايىتى تۇجۇپىلىگەن بۇ قەھۋە گېلىمدىن بىر يۇتۇم، بىر يۇتۇمدىن ئۆتكەن چاغدا بەدىنىمگە مۇھەببەت ئوتى تارالغاندەك بولدى. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ بۇلاقتەك قارا كۆزلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر ھەسرەتنىڭ شولىسى ئەگىشكە باشلىدى. بەلكىم ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا ئەسلەشنى خالىمىسىمۇ مەجبۇرىي كىرىۋېلىۋاتقان ھەسرەتلىك بىر ھېكايە باردەك قىلاتتى. مېنىڭ بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغۇم كەلدى. چۈنكى، ھېكايە ئاڭلاشمۇ بەزىدە كىنو كۆرۈش، مۇزىكا ئاڭلاشقا ئوخشاش ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. ئادەملەر بەزىدە ۋاقىتقا شۇنداق موھتاج بولىدۇ، بەزىدە ۋاقىتتىن شۇنچە بىزار. بۇ شۇ چاغدىكى كەيپىيات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. سەكراتتا ياتقان ئادەمگە ۋاقىت شۇ قەدەر قىممەتلىك بولسا، بىكار تەلەت كىشىنىڭ ۋاقتى شۇ قەدەر زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ، بۇ مانا شۇنداق جاھان. ئارىمىزدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. مەن گەپ باشلىدىم:

— خانىش ئايىمنىڭ قانداق تاپشۇرۇقى باركىن، قۇللىرى پەرمانبەردارمەن.

— تۆزۈت قىلمىسىلا غوجام، شاھ ئالىيلىرىنى ئاجىز كېنىزەكلىرى ئىشقا بۇيرۇشقا ھەددى ئەمەس، بىردەم دەملىرىنى ئېلىۋالسىلا.

— ھېرىنغۇدەك ئىش بولمىسا ساھىبجامالىم، نېمىگە ئارام ئالىمەن. ھەر ۋاقىت تىت - تىتلىق ئىچىدە ياشاپ كۆنۈپ قالغاچقا جىم تۇرغۇم كەلمەي قېلىۋاتىدۇ.

— نېمىگە تىت - تىت بولىلا بەگزادەم، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى تۈگەپ قالاتتىمۇ.

- نېمىگە تىت - تىت بولاتتۇق، بىزنىڭ بۇ كەسپتە خېرىدار كەلمىسە كەلمىدى دەپ تىت - تىت بولىدىكەنمىز، خېرىدار كەلسە مەنزىلگە قاراپ تىت - تىت بولىدىكەنمىز. ئىش قىلىپ جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە بىر كۈنلۈك ۋاقتىمىز تىت - تىتلىق ئىچىدە ئۆتۈپ، ياشاپ...

— شۇڭا كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، يېسىلە، ئىچسىلە دېگىنىم؛ دەملىرىنى ئالسىلا، ئازادىرەك ياشىسىلا دېگىنىم. مانا مەن شۇنچە يىلدىن بۇيان ئېرىشسەم، ئېرىشسەم دەپ ياشاپ كەپتىمەن، ئاخىر ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ھەممىنى يوقاتقىنىمچە قۇرۇق قول قالىدىغانلىقىمنى ئويلىماپتىمەن.

— ۋاي، نېمە دېگىنىڭىز بۇ يۇمۇلاق خېنىم، ئۆي دېسىڭىز ھەشەمەتلىك، ئازادە ئۆيىڭىز باركەن، تۇرمۇشىڭىز خاتىرجەم، كۆڭلىرىڭىز كۆڭۈللۈك ئۆتتۈۋېتىپتىغۇ مانا. ئادەمزە شۈكرى قىلمايدۇ جۇمۇ، بىزگە ئوخشاش شۇنچە تېپچەكلەپمۇ ئۆزىگە تەۋە بىرەر ئېغىز ئۆيى يوقلارنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ.

— نېمە ئۆينى دەيسىز. بۇ ئۇنىڭ ئۆيى، مەن بولسام مۇشۇ ئۆيدىكى قارانچۇق، گەپنىڭ سەتتىنى دېسەم بىر ئويۇنچۇق...

— نېمە، بۇ ئۆي ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەسما؟ نېمە ئۇ ئويۇنچۇق دېگەن؟... ھېچلا چۈشىنەلمىدىمغۇ؟

گۈلگىنە قەھۋەدىن بىر ئوتلام ئوتلىغاچ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە چوڭقۇر تىنىۋەتكەندىن كېيىن:

— مەن بىر بەختسىز قىز، — دەپ «ھېكايە»سىنى باشلىدى، — دەۋاتقانلىرىڭىز قارىماققا ئورۇنلۇق، دېمىسىمۇ، مەن ھەممە نېمىسى تەل بىر ئائىلىدەك كۆرۈنىمەن. لېكىن بۇ مەن ئۈچۈن بىر قېتىملىق ھەم شېرىن ھەم ئازابلىق چۈشتەك بىلىنىدۇ. مەن بىر ۋەھىمە ئىچىدە ياشاۋاتقان «ساختا خانىش». مەن ئەسلىي ئالىي مەكتەپتە ئەلا نەتىجىلەر بىلەن ئوقۇۋاتقان غۇبارسىز بىر قىز ئىدىم. نۇرغۇن ھېكايىلەردىكى تىراگېدىيەلەرگە يولۇققان قىز پېرسوناژلاردەك ئۆز بەختىمنى ئائىلىمنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن مەغلۇپ پېرسوناژ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىش داۋامىدا بۇ ئۆيگە ئىگە

بولدۇم. ئەسلي مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، خىزمىتىمنى قىلغاچ بەختلىك تۇرمۇشۇمنى داۋاملاشتۇرارمەن، دەپ ئويلاپتىمەن. بىراق، تەنتەكلىك قىلىپ ئوقۇشۇمدىنمۇ، كېيىنكى خىزمىتىمدىنمۇ ۋاز كەچتىم. ياق، ۋاز كەچتى دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ئىمتىھاندىكى تۆۋەن نەتىجە، ئىنتىزامدىكى كۆپ قېتىملىق ئاگاھلاندۇرۇش كار قىلماسلىق سەۋەبىدىن مەكتەپتىن چېكىندۇرۇلدۇم. ھازىر ئويلىسام ۋاقىتسىز سولغان ياشلىق گۈلۈمگە، توزۇپ كەتكەن ئارزۇ - ئارمانلىرىمغا ئەپسۇسلىنىمەن، ئېچىنىمەن. راستىنى دېسەم مەن ئۇ ئەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدىم، جەمئىيەت تەرىپىدىن، ھەتتا ئۆزۈم تەرىپىدىنمۇ تاشلىۋېتىلدىم. مېنىڭ چۈشكۈنلىشىشىمنى پەقەت ئازغىنە شۈكۈر - قانائەت، قانداقتۇر ئەملگە ئېشىش ياكى ئاشماسلىقى غۇۋا ئۈمىد ئىستەك يېپىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەسلى ئۇ توي قىلىپ بولغان بىر ئەر ئىكەن. مەن ئۇنىڭ «كىچىك خوتۇنى» بولۇپ قاپتىمەن. پەقەت ئىككىمىزلا ئېتىراپ قىلىدىغان كىچىك خوتۇنى...

گۈلگىنە سۆزلەۋېتىپ يۇم - يۇم يىغلاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرمەكچى بولدۇم - يۇ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، نېمە دەۋاتقانلىقىمغىمۇ دىققەت قىلماي:

— سىز خاتالىشىپسىز، خاتالاشقاندىمۇ... — دېگەنلەرنى ئېغىزىمدىن چىقىرىۋېتىپتىمەن.

— توغرا دەيسىز، مەن خاتالاشقان، خاتالاشقاندىمۇ زور دەرىجىدە خاتالاشقان. مۇشۇ خاتالىق تۈپەيلىدىن بالدۇر ئېچىلىپ بالدۇر توزۇغان گۈلمەن. ھازىر ماڭا ئوخشاش قاپاقباش قىزلار، بولۇپمۇ ئىستۇدېنت قىزلار ئاز ئەمەس. قايسى بىر پۇلدار پۇلغا تايىنىپ كىيىم ئېلىپ بەرسە كىيىدىغان، تاماق ئېلىپ بەرسە يەيدىغان، كېيىن بۇلارنىڭ بەدىلىنى تۆلەيدىغان بىچارىلەر ئاز ئەمەس. دۇنيادا نەدىمۇ بىكارلىق تاماق بولسۇن، سۆزلەپ كەلسەم يەنە شۇ ئايىغى چىقماس ھېكايىلەر... شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ ئۆيىنى ماڭا ئېلىپ بەرگەن بولدى ھەم بۇ ئۆيىنى ماڭا قالدۇرغان بولدى. بىراق، كۆڭلۈم تۇيۇپلا تۇرىدۇ، كىم بىلىدۇ، بۇ ئۆيىدىنمۇ ئاشۇ گۈزەل ئىستىقبالىمغا ئوخشاش بىر كۈنى قۇرۇق قالمەنمۇ تېخى.

— ئاپلا، مۇنداق ئىشمۇ بار دەڭ، — مەن بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يول كۆرسەتمەكچى بولدۇم، — بۇ ئىشنى چوقۇم ھەل قىلىش كېرەك.

— قانداق دەيسىز؟

— ئۇ كىشى نېمە ئىش قىلىدۇ.

— قاشتېشى سودىسى قىلىدۇ.

— ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بارلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟

— شۇنىمۇ سورامسىز؟ بىر ئادەم تۇرمۇشىڭىزغا بۆسۈپ كىرسە، ئەس يادىڭىز ئۇنىڭ ھەممە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە بولىدۇ. ئاشكارىلانمايدىغان سىر يوق، بولۇپمۇ ئۆز مەقستى يولىدا ئىزدىنىۋاتقان مەندەكلەرنىڭ كۆزىدىن نېمە قېچىپ قۇتۇلسۇن.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە خېلى كەڭرى چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنسىز - دە.

— شۇنداق بولمايچۇ... — ئۇ قانداقتۇر بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىدەك مەغرۇر كۈلۈپ قويدى - دە، كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ ئازادە ئولتۇرۇشقا باشلىدى. شۇ تاپتا باياملقى مەغلۇبىيەتچى گۈلگىنە ئەمدى غالىپ گۈلگىنەگە، باياملقى يىغلاڭغۇ گۈلگىنە ئەمدى شاد - خورام كۈلۈۋاتقان گۈلگىنەگە، ئۆزىنى كالۋا - گالۋاڭ چاغلاۋاتقان گۈلگىنە ئۆزىنى بىر ئاقىل گۈلگىنەگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى. ئائىلىلار تۇرمۇشتىكى ئارتىسقا ئوخشايدۇ، يىغلاۋاتقان بولسا دەرھال يىغىسىنى توختىتىپ كۈلەلەيدۇ. گۈلگىنە شۇ تاپتا مانا مۇشۇنداق رول ئېلىۋاتاتتى.

— ئۇ كىشىنىڭ نېمىدىن قورقىدىغانلىقىنى يەنى ئۇنىڭ بىرەر ئاجىزلىقىنى بىلەمسىز؟

— بىلسەم قانداق قىلالايتتىم؟ مەن بىر ئاجىزە، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ھە راست، ئۇ ئائىلىدىن بەك قورقىدۇ...

مەن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدىم. گەرچە يولدا قوشۇلغان ھەمراھ بولساقمۇ بىلىپ - بىلمەي بىر سەپەرنىڭ يولۇچىسىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتۇق.

ئۇ مېنىڭ تەقدىرداشىم بولۇپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئىككىمىزلا ئالىي مەكتەپنىڭ بىلىم بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچكەن، لېكىن كۆكلىيەلمىگەن بىچارە مايسىلار، قىسمەت يولىمىز ئوخشىمىسىمۇ، تەقدىرىمىز ئوخشاش بايقۇشلار... بۇ بىر بالىنىڭ 10 — 15 يىل ئاتا - ئانىسىغا تايىنىپ بىلىم بۇلاقىدىن سۇ ئىچىپ، مۇستەقىل ياشاش دەۋرىدە ئۆزىگە خاس يول تاپالمىغانلىقىدەك قارا قىسمەت بولماي نېمە؟! ئىمكانى بارلار ئىمكانىغا تايىنىپ ياشىسۇن، ئىمكانى يوقلار ئىمكانى بارلارغا تايىنىپ ياشىسۇن، بۇ مېنىڭ ياشاش لوگىكام. مەن شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم - دە، گۈلگىنەگە قارىدىم:

— ھېلىقى قاشتېشى سودىگىرىنىڭ ئادرېسىنى ماڭا بېرىڭ.

گۈلگىنە مەقسىتىمنى چۈشەندىمۇ ياكى چۈشەنمىدىمۇ، ھېچنېمىنى سورىمايلا ماڭا بىر ئىسىم كارتىسىنى سۇندى.

مەن ئەڭ ئاخىرقى بىر يۇتۇم قەھۋەنى تامشىپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتىم - دە، گۈلگىنە بىلەن خوشلاشتىم.

4

مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان قاشتېشى بازىرى بىناسىنى مۇشۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات سودا بازىرى دېسە خاتا كەتمەس، ئادەمنىڭ زىبۇ - زىننەتكە بېرىلگىنى ئۇلارنىڭ بىر خىل تۇرمۇشتىن يەنە بىر خىل تۇرمۇشقا كۆچكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. يەنى، قورساق غېمىدىن قۇتۇلۇپ بوي غېمىغا چۈشكەنلىكىدۇر. بۇ بازارنىڭ سىرتقى قىممىتىدىكى تەسۋىرى ئىچىدە يەنە نېمە بار بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. مېنىڭ بۇگۈنكى نىشانىمدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنى بىلىشمۇ ھاجەتسىز. مەن ئادرېس بويىچە قاشتېشى بازىرى ئىچىدىكى ھېلىقى دۇكاننى ۋە دۇكان غوجايىنىنى ئىزدەپ تاپتىم. ھەممە سودىگەرنىڭ ئادىتى بولسا كېرەك، دەسلەپ خېرىدارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا سەممىي، ئىشەنچلىك كۆرۈنۈشكە تىرىشىدۇ. غوجايىن مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئازادە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەنمۇ بۇ كىشىگە ئانچە تۈزۈت قىلىپ كەتمەيلا كىرىسلوغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— ئەھۋال ياخشىمۇ ؟

— ياخشى.

— سودىلار ئوبدانمۇ ؟

— ئاللاغا شۈكۈر، ھەر ھالدا بولىدۇ.

شۇ تەرىقىدە ئۇياق، بۇ ياقتىن ئەھۋال سورىشاقاندىن كېيىن گەپنى قىسقارتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا گۈلگىنەنىڭ ئىسىم كارتىسىنى قويدۇم.

غوجايىن ئىسىم كارتىسغا قارىۋەتكەندىن كېيىن بايامقى ئازادە كەيپىياتى جىددىيلىشىشكە باشلىدى، يۈزىدىكى يالغان كۈلكىمۇ يوقىلىپ «نېمە ئىش» دېگەندەك قىلىپ چىرايىمغا جىددىي قارىدى.

— گەپنى ئۇدۇللا دەۋېرەي، بۇ قىزنى تونۇيسىز ھەقاچان، چۈنكى، بۇ كارتىنى سىز باستۇرۇپ بەرگەنىكەنسىز ؟

— ئەلۋەتتە تونۇيمەن، سىز ئۇنىڭ نېمىسى بولىسىز ؟ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز ؟

— ئۇنىڭ نېمىسى بولۇشۇم بەك زۆرۈر ئەمەس، زۆرۈر بولغىنى كېيىنكى سوئالىڭىزنىڭ جاۋابى. مەن بۇ يەرگە گۈلگىنەنىڭ ھاۋالىسى بىلەن كەلدىم. ئۇنىڭغا تۆلەم تۆلىشىڭىز كېرەك. بۇ ئىش ئۈچۈن سوتلارغا چىقىپ يۈرۈشىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ، يەڭ ئىچىدە پۈتتۈرۈۋېتىش ئەڭ مۇۋاپىق چارە. جەريان سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، ئىستۇدېنت بىر قىز، مەكتەپتىن، ياشلىق باھارىدىن، بەختىدىن ئايرىلدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ياشاش يولى بېرىش كېرەك...

— سىز ماڭا تەھدىت سالماڭ، بولمىسا...

— بۇ تەھدىت ئەمەس، ھەممە ئىش - ئاقىۋەت ئۆزىڭىزگە ئايان. ئاۋارىچىلىققا يولۇقماي دېسىڭىز ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇڭ.

— بىز دېيىشكەنتۇققۇ، ئۆي ئۇنىڭغا قالىدىغان بولغانغۇ، يەنە پۇلمۇ بەرگەنتىم...

— سىز ئەقىللىق ئادەم، بەش يىل ئاز ۋاقىت ئەمەس، بەش كۈن ماڭغان يولدىمۇ نۇرغۇن ئىزلار قالىدۇ. يەنە دەيدىغىنىم ئاۋارىچىلىققا يولۇقماي دېسىڭىز ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇڭ. ئويلاپ بېقىڭ، ساختا ئۆي خېتى بىلەن ئازراق پۇل بىر قىزنىڭ ئىستىقبالىنى قايتۇرۇپ كېلەلەمدۇ ؟ ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياشىشى كېرەكقۇ، قۇرۇق ئۆيدە ئولتۇرۇش بىلەن يېمەي، ئىچمەي ياشىغىلى بولامدۇ ؟

— قانچىلىك ئالىدىكەن ؟

— 500 مىڭ يۈەن.

— نېمە ؟! بۇ يەر پۇل ياسايدىغان پۇل زاۋۇتىمكەن.

— سىزچە 500 مىڭ يۈەن بىلەن ئۆمۈرلۈك پارلاق ئىستىقبالىنى، بەخت - سائادەتنى، ياشلىق باھارىنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولامدۇ ؟ بۇ تېخى سىزگە ئېتىبار بەرگىنى، چىقىش يولى ئۈچۈن ئازراق دەسمايە، خالاس. ئەگەر ئۇ قىزنىڭ ئورنىدا سىز بولغان بولسىڭىز بارلىق ئۈمىد ئارزۇلىرىنى باغلىغان بىر ئەرنىڭ قولىدا ھەممىدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدا نېمە پەغەملەرگە كېلەتتىڭىز ؟! تۇنجى تونۇشقان چاغدىكى، ئارىلاشقان چاغدىكى ۋەدىلەر كېيىن بىراقلا كۆپۈككە ئايلانغان چاغدىكى غەزەپ - نەپرەت، قايغۇ - ھەسرەت ئادەمنى نېمە ئۇي، نېمە كويلارغا سالمايدۇ ؟! بولدىلا، مەن بۇ يەردە ۋىجدان، ئىنساب ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرماي. بۇ دۆلەتتە قانۇن، ھەر سودىدا ئىناۋەت دەيدىغان بىر نەرسە بار. ئەگەر 500 مىڭ يۈەننى كۆپ كۆرگەن بولسىڭىز، ئۇنىڭدىن ئازراق بېرىپ تۇرسىڭىزمۇ بولىدىغۇ...

مەن كېيىنكى گەپنى خاتا قىلغىنىمنى ھېس قىلدىم. ئازراق مۇرەسسە يولى ئېچىلغانلىقىنى بايقىغان غوجايىن بىردىنلا ئۆزگەردى - دە:

— ئازمۇ يوق، كۆپمۇ يوق. بىز دېيىشكەن، ئاشۇ

ئۆيدىن باشقا بىر تىيىنمۇ بېرەلمەيمەن. گېپىڭىز تۈگىگەن بولسا چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ.

مەن ئەمدى گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم-دە، ئورنۇمدىن تۇردۇم. شۇنداقتىمۇ پېتىمنى بۇزماي تۇرۇپ:

— ماقۇل مەن كەتتىم، لېكىن، ئاۋۇ ئىسىم كارتىسىنى ئوبدان ساقلاپ قويۇڭ، كېيىن لازىمى بولىدۇ، — دېدىم.

غوجايىن ئاچچىقتىن تىترىگىنىچە چىرايىمغىمۇ قارىمىدى ھەم جاۋابىمۇ قايتۇرمىدى، مەنمۇ ئاستا دۇكاندىن چىقتىم.

«ئېغىز يوگۇرگى باشقا» دەپ، بىر ئېغىز گەپنىڭ خاتا كېتىشى بىلەن بىر ئوبدان كېتىۋاتقان سۆھبەت بۇزۇلغانىدى. سودىگەر دېگەن كەيپىياتنى كۆزىتىشكە ماھىر كېلىدۇ. گەپ-سۆز ئۇلارنىڭ سودا قىلىشتىكى 2-دەسمايىسى. شۇڭا نۇرغۇن «خېرىدار» ئالدى بىلەن «گەپ»كە ئالدىنىدۇ. ئاندىن «مال»غا. شۇڭا «سودىگەرنىڭ گەدىنىدە كىشىلەرنىڭ بىرپاتمان قەرزى قالىدۇ» دېگەن گەپ بار. مەن بۈگۈن كەتكۈزۈپ قويدۇم، كەتكۈزۈپ قويغانلىقىم تۈپەيلىدىن ئىشىم ئاقمىدى، ئىشىم ئاقمىغاچقا كەيپىياتىم چۈشۈپلا كەتتى. بۇ خىل كەيپىيات بىلەن كىراكەشلىك قىلغۇمۇ كەلمىدى. ماشىنامنى ئۇدۇل گۈلگىنەنىڭ ئۆيى تەرەپكە بۇرىدىم.

* * *

گۈلگىنە مېنى ئۆيىدە ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن، ھازىر كەلمىسە چۈشتە كېلىدۇ، چۈشتە كەلمىسە كەچتە كېلىدۇ، دەپ. «سودىگەرنىڭ كىچىك خوتۇنى» بولغان گۈلگىنە تۇرمۇشتا خېلى پىشىپ قالغان «كىچىك سودىگەر» بولۇپ قالغانىدى. ئەتىنى مۆلچەرلىيەلمىسىمۇ بۈگۈننى خېلى توغرا مۆلچەرلىگەنىدى. ئۇ مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنى كۈتمەيلا:

— مەن دېمىدىممۇ، ئۇ ئاسان پۇل چىقىدىغان ئادەم ئەمەس، ئۆتۈپ كەتكەن ھىيلىگەر-قۇۋ ئادەم.

— ھېچقىسى يوق، يەنە ئامالى بولۇپ قالىدۇ، بەل قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئۇنىڭ ئائىلى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز، مەسىلەن، ئۇنىڭ قىزىقىشى دېگەندەك...

گۈلگىنە ئوخشىتىپ ئەتكەن لەغمەننى ئالدىمغا قويغاچ سۆزلەشكە باشلىدى.

— مەن ئۇنىڭ ئائىلىنى پەقەت بىر قېتىملا كۆرگەن، «كۆرگۈنىممۇ شۇ بىر قېتىم، سورىغىنىممۇ شۇ بىر قېتىم» دېگەندەك شۇنىڭدىن بۇيان بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزدە ئۆزگىرىش بولغان.

— قەيەردە كۆرگەنتىڭىز؟ — مەن لەغمەننى ئىشتىھا بىلەن يېگەچ قىزىقىپ سورىدىم.

— ئۇ ئادەم مېنى بىر قېتىم مەلۇم ئالىي دەرىجىلىك ئارامخانىغا باشلاپ بارغانىدى. ئەسلىدە ئۇ ئارامخانا ئۇنىڭ ئائىلىنىڭ «ئۇۋۇسى» ئىكەن. بىز بۇنى شۇ چاغدا بىلدۇق. ئۇنىڭ ئائىلى دائىم مۇشۇنداق جايغا كۆپ بارىدىكەن، ئەمما بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغانىكەن. ئۇنىڭ شۇ چاغدا مېنى ئالاقزادىلىك ئىچىدە چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىشلىرىدىن، ئەسلىدىكى ئېغىر-بېسىق غوجايىندىن قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان ھالەتكە ئۆتكەن كەيپىياتىدىن ئائىلىدىن بەكمۇ قورقىدىغانلىقىنى بىلگەنىدىم. ھەتتا مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئائىلى، ئائىلىسى، بالا-چاقىسى بارلىقىنىمۇ شۇ چاغدا ھەقىقىي بىلگەنىدىم.

— ئائىلىنىڭ شۇنداق ئورۇنلارغا كۆپ بارىدىغانلىقىنى بىلىدىغان غوجايىن نېمىشقىمۇ سىزنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بارغان بولغىيتتى. تازىمۇ...

— مەن ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقان شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان بىرەر قېتىم سىرتقا چىقىپ باقمىغانىدىم. ياتىقىمدىكى قىزلار مۇشۇنداق ئورۇنلار ھەققىدە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ سۆزلىشىپ كەتكەنىدى. مەن بارساق تېخىمۇ ئالىيسىغا، ساۋاقداشلىرىم، تونۇش-بىلىشلىرىم ئۇچرىشىپ قالمايدىغىنىغا كىرىپ، كۆرۈپ باقاي دېگەن نىيەتتە ئۆزۈم تەلەپ قىلغانىدىم، لېكىن ئۇ ئىنچىل رەت قىلىپ كەلگەنىدى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى مەن قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا ئۇ ئامالسىز مېنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بارغانىدى.

— سىزنىڭچە ئۇ ئائىلىدىن نېمىشقا قورقىدىغاندۇ؟

— ئۇ ئائىلىدىن كۆرە مەندىن بەكرەك قورقتى... ھى... ھى... بولۇپمۇ ئائىلى بارلىقىنى بىلىپ قېلىشىمدىن قورققاچقا مېنىڭ ئالدىمدا چاندۇرۇپ قويدى. ئاخىر مەن ئۇ ئائىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئائىلى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا ھەممە ئىش بولۇپ بولغاندا بۇ ئىش ئاشكارىلانغان بولدى. مەن بۇ چاغدا كېچىككەنىدىم، ئۇنىڭ قانۇنسىز «كىچىك خوتۇنى»غا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى بىلدىم. نېمە ئامال، مەن ئاللىقاچان يولنىڭ يېرىمىغا كېلىپ بولغان تۇرسام. ئەمدى ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلمىسام بولمايدۇ-دە. لېكىن، ھازىر ئۇ پېشىنى قېقىپلا كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، مەن تاماق يېيىشىم، كىيىم كىيىشىم كېرەكتە، — ئۇ ماڭا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— سىز ئۇنىڭ ئائىلىنى ھازىر كۆرسىڭىز تونۇيالامسىز؟

— يادلاپ بولدۇم، مېنىڭ بەختىمگە تۇسقۇن بولۇۋاتقان بۇ ئايالنىڭ چىرايىنى يادلاپ بولدۇم. مانا مەندە ئۇنىڭ بىر پارچە سۈرىتى بار. گۈلگىنە سومكىسىدىن بىر پارچە سۈرەتنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. مەن سۈرەتنى قولۇمغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدىم. غوجايىنىنىڭ ئايالىنى ئانچە چىرايلىق دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن، جەلپكارلىقى «مانا مەن» دەپ چىقىپلا تۇرىدىكەن، لېكىن سەل ياشقا چوڭراق كۆرۈنىدىكەن. گۈلگىنەنىڭ بۇ ئايالغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئۇنىڭ گەپ- سۆزلىرىدىن چىقىپلا تۇراتتى.

— سىز بۇ ئايالنى ئىنجاتكارىم، دەپ بىلىڭ، ئۇ سىزگە بايلىق ئاتا قىلغۇچى پەرىشتە ئىكەن.

— بۇ دەججالنى...

— ياق، ياق، پەرىشتە.

— سىز ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالغان ئوخشىماسىز؟

— كېيىن سىزمۇ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالىسىز.

— نېمىشقا، نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ مۇشۇ ئايال بولمىغان بولسا، مەن ئاللىقاچان ئارزۇلىرىمغا يەتكەن بولاتتىم.

— بۇ ئايال سىزگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزگىنى يوق. بەلكى 3 - شەخس سۈپىتىدە سىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغانسىز.

— باشتا بۇنى بىلگەن بولسام ھەرگىزمۇ ئارىلاشمىغان بولاتتىم.

— پۇل سىزنى ئارىلاشتۇرغان، ئاندىن مۇھەببەت. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ تۇرۇپ پۇلغا مەپتۇن بولغان قىزلار مانا شۇنداق «مەپتۇنكارلىق» بىلەن قاپقانغا چۈشىدۇ. ئاخىر پۇشايمان ئالدىدىن قاچا يوق، يا قاپقاندىن چىقالماي، يا ئەسلىگە يانالماي ئاخىر ئۆۋچىنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىدۇ.

— ۋاي - ۋۇي، بۇ ھەقتە خېلى تەجرىبىڭىز باركەن جۇمۇ.

— بۇ تەجرىبە مەسىلىسى ئەمەس، رېئاللىق شۇ.

گۈلگىنە جىم بولۇپ قالدى.

— مەن قايتاي، بۈگۈن كەچ ھېلىقى ئارامخانىغا باردىمەن، ئەتە - ئۆگۈن خۇش خەۋىرىمنى كۈتۈڭ.

گۈلگىنەنىڭ لەۋزىگە رەھمەت ئېيتتىم - دە، ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم. لېكىن گۈلگىنە ھاياجانلانغىنىدىن قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدى...

5

بۈگۈن تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ چۈشتىن بۇرۇنقى تىجارىتىم خېلى ياخشى بولدى. بىر قانچە ئۇزۇن سەپەرلىك خېرىدارىم بىلەن ئىككى كۈنلۈك پۇلۇمنى تېپىۋالغانىدىم. بىز تاكسىچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇزۇن سەپەرلىك خېرىدار ماي تېجەپ، كۆپ كىرىم قىلىپ بېرىدىغان، ھەرىجى ئاز ياخشى خېرىدار ھېسابلىنىدۇ. بىرىنىڭ كەينىگە بىرى ئولتىشىپ كېلىدىغان قىسقا مۇساپىلىك خېرىدارغا قارىغاندا بۇ ئارامراق بىر سەپەر. ئادەملەر بىر - بىرىگە ئوخشىمىغاندەك، خېرىدارلىق قىلىدىغان يولۇچىلارمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەق ھېسابلاش ماشىنىسىدا پۇل سانى، مۇساپە سانى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ئادەمنى خىجىل قىلىپ باھا تالىشىدىغان، تۈرلۈك باھانە بىلەن ئاز پۇل بېرىشنى مەقسەت قىلىپ يۈرەكنى زىدە قىلىدىغان گەپلەر بىلەن تاكاللىشىدىغان خېرىدارلارمۇ يوق ئەمەس. ھەممىمىز ئاشۇ بىر بۇردا نان ئۈچۈن ئەمگەك قىلىمىز - دە.

مەن چۈشتىن كېيىن خېرىدارلارغا ئانچە تەلمۈرۈپ كەتمەي ئاستا، ئازادە ماڭدىم، باشقا تاكسىلار بىلەن خېرىدار تالىشىپمۇ كەتمىدىم. كەچمۇ كىردى. مەن گۈلگىنە دېگەن ھېلىقى ئارامخانىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ يەرنىڭ كۆز دۈزلۈك ئەھۋالى ئانچە قىستا - قىستاڭچىلىق بولمىسىمۇ، كەچتە ھەرخىل ئېسىل ماشىنىلار بىلەن مەيدان توشۇپ كېتىدۇ. بۇرۇن بۇ يەرگە بىر قانچە قېتىم خېرىدار ئەكىلىپ ئۇزاق تۇرمىغاچقا ماشىنا توختىتىدىغان ئورۇن قىستاڭچىلىقى ئانچە بىلىنمەيتىكەن، ئاران تەستە چەتتىرەك بىر يەرگە ماشىنامنى توختىتىۋالدىم.

مەن ماشىنامدا ئولتۇرۇپ ھېلىقى سۈرەتنى قايتا قولۇمغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ ئايال غوجايىنىنىڭ كىرپىكلىرىگىچە «يادلىۋالغان»دىن كېيىن، ئارامخانىغا كىرىپ - چىقىۋاتقانلارنى كۈزىتىپ ئولتۇردۇم. ئاللاھازەل ئىككى سائەتلەر ئۆتكەندە، مەن ئىزدىگەن ئادەم — ھېلىقى ئايال غوجايىن بىرسى بىلەن ئىشىكتىن چىقتى. يېنىدىكىسى ياشلا بىر يىگىت بولۇپ ئايالنىڭ خىزمەتكارىدەك قىلاتتى. تەلىيىمگە ئۇلار شەخسىي ماشىنا بىلەن كەلمەپتۇ. مەن ماشىنامنى ئوت ئالدۇردۇمدە تېزلىك بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ باردىم. ئىشلىرىم گۈلى گۈلىگە كېلىۋاتاتتى. تەلىيىمگە ئايال ماشىنامغا يالغۇز چىقتى، ھېلىقى ئاق پىشماق يىگىت بولسا كەينىدىكى ماشىنىغا ئىشارەت قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاچا...

— ۋەئەلەي ... — ئايال غوجايىن سالامنى يېرىمىدىن ئۈزۈپلا ئاچچىقلىغان تەلەپپۇزدا، — نېمە، مەن ئاچا دېگۈدەك شۇنچە قېرى كۆرۈنەمدىكەنمەن.

— ۋۇي، ئالدىراشچىلىقتا تازا دىققەت قىلىپ كەتمەپتىمەن، كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ ساھىبجامال سىڭلىم ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرمىگەن كۆزۈم كور بولسۇن...

ئۇ ئايال «پاق» قىلىپ مۇرەمگە بىرنى ئۇردى-دە، جەينىكى بىلەن بىقىنىمغا ئاستا نوقۇپ قويدى. يېشىغا ياراشمىغان غىلجىڭلاش بىلەن مېنىڭ قانداق ئويلاپ قېلىشىم بىلەنمۇ پەرۋايى پەلەك قىلاتتى. شۇ تاپتا ئۇ مىسالىي ئاقسۆڭەك ئايال، مەن بىر ئەرزىمەس چاكار ئىدىم. باشقا ۋاقىت بولغان بولسا بۇنىڭغا قارىتا جايىدا جاۋاب قايتۇرغان بولاتتىم. چۈنكى، بۈگۈن غوجايىن ئايال بىلەن چوڭ بىر سودىنىڭ يولىنى ئاچماقچىمەن. شۇڭا مەنمۇ ئۇدۇللا ئاشۇنداق چاقچاققا يۆلەپ ۋەزىيەتنى ئوڭشىماقچى بولدۇم. ھېلىمۇ ياخشى، ئايال غوجايىن مېنىڭ كىنايە قىلىۋاتقانلىقىمنى سەزمىگەندەك، سەزگەن بولسىمۇ قىرىنغا ئېلىپ قويمىغاندەك قىياپەتتە سۆزلىگەچ مېڭىشقا ئىشارە قىلدى.

— سىڭلىم، ئوغۇل دوستىڭىزنى ساقلىمامدۇق؟

— نېمە، بايامقى لامزەللىنى دەمسىز، ئۇ قانداقمۇ ماڭا ئوغۇل دوست بولۇشقا ماس كەلسۇن. مېڭىۋېرىڭ، ھېلى يولدا چىقىپ قالامدۇ ئوغۇل دوست دېگەن، — ئۇ شۇنداق دېگەچ تورمۇز تۇتقان قولۇمنى چىمدىپ قويدى.

مەن ئۇنى يا ئۇچۇق-يورۇق چاقچاقچى ئايال بولسا كېرەك، ياكى... دەپ ئويلىدىم.

— سىزنىڭچۇ، قىز دوستىڭىز باردۇ، شۇنچە كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ قىز دوستى بولماي قالامدۇ-ھە.

ئۇ سىناق نەزەرىدە قارىغاندەك قىلدى، غۇۋا يورۇقتا ئۇنىڭ ئەڭ ئىنچىكە چىراي ئىپادىلىرىنى كۆرمىگەن بولساممۇ قوللىرىمنى چىمدىشلىرىدىن، بىقىنىمغا نوقۇشلىرىدىن، «ئىمىس»لاپ كۈلۈشلىرىدىن مېنى «كەلتۈرۈۋاتقان»لىقىنى جەزم قىلدىم.

— نەدىكى قىز دوست دەيسىز، ھازىر پۇلىڭىز بولمىسا ھېچكىم قارىمايدىكەن. ئاۋۋال ئازراق پۇل تاپاي، ئاندىن ئۇ ئىشلارنى ئويلىشارمەن، — مەن قەستەن شۇنداق دېدىم.

— ۋاي-ۋۇي ھازىرقى باللارنىڭ گېپىگە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن، يەسلىدىكى باللاردىمۇ قانداقتۇر بىر ئىپادىلەرنى كۆرۈۋاتساق.

— راست دەيمەن، ھەدە، سىڭلىم دەپ قويسام خېلى ئىش كۆرگەن ئادەمكەن دەپ قالماڭ. ماشىنامغا چىققان سىزدەك ساھىبجاماللارنىڭ ئەترىدىن باشقا، ئايال ھىدى قانداق بولىدۇ، پۇراپمۇ باقمىدىم.

— قاراڭ گېپىڭىزنى، مۇشۇ گېپىڭىزدىنلا «دەريادا سۇ ئىچكەن بۇقا» ئىكەنلىكىڭىز مانا مەن دەپ تۇرامدۇ...

«پاھ، تاقابىل تۇرۇش تەس ئايالمۇ نېمە بۇ» ئىچىمدە شۇنداق دېدىم-دە، ئايال غوجايىننىڭ كۆزىگە قارىدىم.

— نەگە ماڭىمەن، ھەدە؟

— دەريا بويىغا، بۈگۈن كەچلىك تىجارىتىڭىزنى مەن كۆتۈرە ئالدىم.

«ئاللا، ئاللا، ما خوتۇن گەپنى يالىڭاچلا دېگىلى تۇردىغۇ ئەمدى، ئەگەر بېجىرمەكچى بولغان چوڭ ئىشنى دېمىسەم...» يادىمغا قاشتېشى سودىگىرىنىڭ مۇدھىش چىرايى ۋە گۈلگىنەنىڭ ئامالسىزلىقى كەلدى. بوپتۇلا، بۇ جاھاندا نېمە ئىشلار بولمايدۇ، ماڭسام ماڭاي.

— راستىنلا دەريا بويىغا ماڭدىم ئەمىسە-ھە، — خاپىلىسا چاقچاققا يۆلەرمەن، خاپىلىمىسا راستقا ئايلىنار، ئويلىمايلا تۇيۇقسىز شۇنداق دەۋەتتىم.

— ئەركەكمۇ يا سىز؟ مەن چېغىمدا ئايال كىشى تەشەببۇسكار بولۇۋاتسام... ئايال غوجايىن «خى.. خى» قىلىپ كۈلگىلى تۇردى. مەن «يا تەۋەككۇل» دېگىنىمچە ماشىنامنى دەريا بويى يولىغا قاراتتىم.

— سىزنىڭچە مەن قانچە ياشلاردا باردىمەن؟

— ئاللاھازەل 28-29 لارغا ئۇلاشقاندەك قىلىسىز، — مەن يەنە نېمىندۇر دېمەكچى ئىدىم ئۇ گېپىمنى بۆلۈۋەتتى.

— كۆزىڭىز مال تونۇيدىكەن. ئىش كۆرگەن يىگىت دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ، تەجرىبە مول دەڭا.

— ۋاي نەدىكىنى، بايام دېدىمغۇ ئەتىر پۇرىغان، ئايال كىشىنى پۇراپ باقمىغان.

بۇ ئايال غوجايىن پۇلىغا ئىشىنىۋاتامدۇ ياكى بۇ ھەقتە گەپ ئۇزارتىپ ئولتۇرۇشنى خالىمامدۇ گەپنى ئوچۇق-ئوچۇقلا دەۋېتىپ باراتتى. ئەمما، ئۇ مېنىڭ خىيالىمدا نېمە بارلىقىنى قانداق بىلسۇن. ئۇ سۆزلەۋاتاتتى، مەن ماسلىشىپ بېرىۋاتاتتىم. بەلكىم ئۇنىڭغا يېقىپ قالغان بولسام كېرەك ياكى دۇنيادىكى ھەممە ئەرلەرنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈپ قالغان بولسا كېرەك، گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلەر بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقىلى تۇردى. بىز شۇ تەرىقىدە كۆپ مۇڭداشتۇق، ئۇزاقتىن بۇيان ئايرىلىشىپ كېلىۋاتقان ئاشىق-مەشۇقلاردەك گەپ ئاياشمىدۇق...

مەن ئۇنى تۇرالغۇسىغا ئاپىرىپ قويغىنىمدا ئۇ ئالىقىنىمنى مىجىپ تۇرۇپ:

—بۈگۈن كەيپىياتىم ئەجەب كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

ئەجەب بىر مېھرى ئىسسىق يىگىتكەنسىز، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئالاقىلىشىپ تۇرارمىز، — دېدى.

— سىزمۇ شۇ ھەدە، بايام گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ نەدە، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭىزنىمۇ دەپ بەرمىدىڭىز...

— ھە توغرا، ماۋۇ مېنىڭ ئىسىم كارتوچكام، ئىش بولسا ھەر ۋاقىت تېلېفون ئۇرسىڭىز بولىدۇ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن. نومۇرىڭىزنى ماڭىمۇ قالدۇرۇپ قويۇڭ.

— ماقۇل، — مەن ئايال غوجايىنغا ئىسىم كارتوچكامدىن بىرنى بەردىم. ئۇ «غىررررت» قىلىپ سومكىسىنىڭ سىرتمىسىنى ئاچتى - دە، مەخسۇس ئىسىم كارتوچكىسى سالىدىغان يەرگە مېنىڭ بەرگىنىمنىمۇ قىستۇردى. مەن ۋە ئىسىم كارتوچكام بىر توپ كارتوچكا تىزىملىكى ئارىسىغا قىسىلدۇق.

ئايال غوجايىن بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كېلىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئىشلىرىم جايىدا كېتىۋاتاتتى. ئەگەر تاكسىچى ئەمەس، رازۋېدچىك بولۇپ قالغان بولسام خېلى ئىشلارنى قاملاشتۇرالار ئىكەنمەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن مەندەك ئىستۇدېنت ئۈچۈن مۇۋاپىق خىزمەت تاپالماسلىق بەلكى مېنىڭ تالانتىمنى بايقىمىغانلىقتىن بولسا كېرەك. ئەگەر مېنىڭ ھەر جەھەتتە يېتىشكەن «تالانت ئىگىسى» ئىكەنلىكىمنى ئىدارە - ئورگانلار بىلگەن بولسا ئىدى تالاشتا قالغان بولاتتىم، خۇددى ئاياللار ئارىسىدا تالاشتا قالغان يىگىتتەك. بىراق بايقىماسلىق ئۇلارنىڭ خاتالىقى، تالانتىمنى جارى قىلدۇرۇش مېنىڭ ئارتۇقچىلىقىم. بوپتۇلا سۇنىڭ ئېقىشى بويىچە ياشاۋېرەي. شىركەت ئۈچۈن ياكى ئىدارە - ئورگان ئۈچۈن ئىشلىمەي ئۆزۈم ئۈچۈن، ئۆزۈمگە ئوخشاش «بەختسىزلەر» ئۈچۈن ئىشلەپ تۇراي، بەل قويۇۋەتمىسەم ھامان بىر يەردىن چىقارمەن. ئۆز - ئۆزۈمگە مەپتۇن بولغىنىمچە مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم - دە، ئايال غوجايىن بەرگەن ئىسىم كارتوچكىسىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىم.

«نەزىرە» دېگەن ئىسىم مەندىن يېشى چوڭ بىر ئايالنىڭ ئەمەس، ھۆسنىگە تولغان بىر قىزنىڭ ئىسمى ئىدى. «يالغان ئىسمىمدۇ؟» دېگەن گۇمانمۇ خىيالىمدىن ئۆتتى. مەن ئۇنىڭ بايامقى قىلىقلىرىنى كۆڭۈل ئېكرانىمدىن ئۆتكۈزگىنىمچە ئۇخلاپ كېتىپتىمەن.

6

ئەتىسى ھېلىقى قاشتېشى سودىگىرىنىڭ ئىشخانىسىغا يەنە كەلدىم. غوجايىن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقانىكەن. ئۇ ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى - يۇ، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەستىن تېلېفوندا سۆزلىشىۋەردى. مەنمۇ ئەركىن - ئازادە ھالدا تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇردۇم - دە، كىرسلوغا كېلىپ ئولتۇردۇم. غوجايىن ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن چىرايى تۈرۈلگەن ھالدا:

— يەنە نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپ قويدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئىش - ئوقەتلەر جايىدىمۇ؟ — مەن ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتىم. غوجايىن ھەرھالدا ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ئاستا قولىنى بەردى.

— ھېلىقى ئىشنى قانداق قىلىمىز ئاكا، تېزرەك جاۋابىنى بەرسىڭىز بولاتتى. ئالدىنقى قېتىم كەيپىياتىڭىز تازا ياخشى ئەمەسكەنتۇق، كېتىپ قالغانىدىم.

— نېمە ئىشنى دەيسەن؟ ھە، ھېلىقى پۇلنىڭ ئىشىمۇ، ئۆيىنى بەردىم دېدىمغۇ، ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلماڭلار، ئىشىم بېشىمدىكى چېچىمدىنمۇ تولا ئادەممەن، بىكارچى بولسامغۇ كاشكى، بۇ...

مەن ھېچقانداق گەپ قىلمايلا، ئۇنىڭ ئالدىغا نەزىرەنىڭ ئىسىم كارتوچكىسىنى ئۇزاتتىم، ئۇ چۆچۈگەن ھالدا:

— بۇ، بۇ... نېمە؟ — دېدى ۋە، — سەن ئەتىدىن كەچكىچە ئاياللارنىڭ ئىسىم كارتىسىنى يىغىپ يۈرىدىغان ئادەممۇ نېمە؟ — دېگەن سوئالنى قوشۇپ قويدى.

— نېمە دېسىڭىز دەڭ، قانداق ئويلىسىڭىز مەيلى، لېكىن سىز بەرمىسىڭىز بۇ كارتا ماڭا، ياق، گۈلگىنەگە پۇل بېرىدۇ. ئەمما پۇلنى سىزدىن ئالغۇمىز بار، چۈنكى، پۇلنىڭ ئىگىسىمۇ، ئىشنىڭ ئىگىسىمۇ سىز، باشقىلارنى ھازىرچە ئارىلاشتۇرغىمىز يوق.

— بۇ كارتوچكىنى نەدىن تاپتىڭلار... ئۇ بىراز ئالاقزادە بولۇپ سورىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھازىرچە سىزگە ھېچ ئىش بولمايدۇ، نەزىرەمۇ بۇ ئىشنى بىلمەيدۇ.

— سىلەر دېگەن ئۇنچە كۆپ پۇلنى مەن بېرەلمەيمەن.

— ئۇنداقتا نەزىرە ھەدىمىز بەرسۇنمۇ؟ مەن تەكشۈردۇم، بۇ شىركەت ئۇنىڭ دادىسىدىن قالغان «مىراس ئىگىلىك» ئىكەن، بەلكىم، نەزىرە ھەدەمگە سىزگە بىلدۈرمەي يەنە بىر تۈركۈم مىراس قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

— مۇنداق قىلايلى، 300 مىڭ بېرەي، شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىسۇن.

— بۇ 300 مىڭ بىلەن ھازىر نېمە ئىش قىلغىلى بولىدۇ ئاكا، ھەتتا دۇكان ئاچقۇدەك ئۆيمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ،

دۇكانغا يەنە دەسمايە بولمىسا بولمايدۇ ـ دە.

— ئەمىسە، 500 مىڭ بولسۇن. مەن مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە گۈلگىنەنىڭ بانكا كارتىسىغا ئۇرۇپ بېرەي، ئەمما بىر شەرتىم: بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئاۋارە قىلماسلىقىڭىز ۋەدە بېرىش يۈزىسىدىن گۈلگىنەگە 500 مىڭ يۈەن ۋە ئۆي ھەققىدە ئىچكى توختام تۈزۈيمىز. ئۇنىڭ بىلەن پەقەت مەلۇم بىر سودا مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان توختام.

— بولىدۇ، مەن پىكرىڭىزنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ باقاي، ئەگەر ئۇ قوشۇلسا قولىدىكى ئىسپاتلارنى سىزگە قايتۇرسۇن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش تۈگىسۇن.

غوجايىنىنىڭ بايامقى قوپال مۇئامىلىسى بىراز سىلىقلاشتى. بۇ مەن ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى گۈلگىنەگە ئوخشاش بىچارىلەرگە ئازراق ئىش قىلىپ بېرىش. بىرەر ئىشنى پۈتتۈرۈش جەريانىدا ئۇنىڭ جاپاسى بولىدىغانلىقى تەبىئىي، ھەتتا قانلىق ئېلىشىش، چىدىغىلى بولمايدىغان ھاقارەت دېگەندەك. ھەممە ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ بېقىش، ئاقمىسا توختىماي يول ئىزدەش كېرەك. بۇ مېنىڭ بۇرنۇمغا يېپىشلەر داۋامىدىكى تەجرىبەم.

* * *

مەن خىيال بىلەن خۇشاللىق ئارىلاشقان كەيپىياتىمنى گۈلگىنەگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىمدە ئۇ تېخى يېڭىلا ئورنىدىن تۇرغانىكەن. بۇنداق ئاياللار تۇرمۇشنى ئۆز خاھىشىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئادەتلىنىپ قالغان. قاچان ئۇخلىغۇسى كەلسە شۇ چاغدا ئۇخلايدۇ، قاچان ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلسە شۇ چاغدا ئورنىدىن تۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا نېمە ئىشلارنى قىلىشى بىلەن كارى يوق، پەقەت كۆڭلى ئۆتسىلا بولدى. بۇ مۇشۇنداق جاھان، بىراۋلار تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ بىر بۇردا نان ئۈچۈن تىنىم تاپمايدۇ، يەنە بىراۋلار ئۇ ناننىڭ نەدىن كېلىشى بىلەن كارى يوق، يېسىلا بولدى. بۇ بەلكىم، تەربىيە، ئادەت مەسىلىسى بولسا كېرەك. يېزا قىزلىرى ئانا تەربىيەسىدە كىچىكىدىن باشلاپلا سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلا ـ ئارامالارنى سۈپۈرىدۇ، سۇ چاچىدۇ، مال ـ ۋارانلارغا قارايدۇ، ئاندىن ئەتىگەن، چۈشنىڭ غىزا تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ئاشقان ۋاقىتىدا ھۈنەر ئۆگىنىدۇ، ھۈنەر قىلىدۇ. ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندا، پەرزەنتلىك بولغاندا، قىسقىسى، بىر ئۆي بېشىغا كېلىگەندە قانداق قىلىشلارغىچە ئانىسىدىن تەلىم ئالىدۇ ۋە سىناق قىلىدۇ. ياخشى تەربىيە كۆرگەن شەھەر قىزلىرىمۇ ھەم شۇنداق، ئۇلار «بەختىڭ ئېچىلدۇ»، «يامان بولىدۇ»لارغا ئىشىنىدۇ. نۇرغۇن ئىشلاردا پەرھىز بىلەن ياشاشقا ئادەتلەنگەن بولىدۇ. گۈلگىنەنىڭ قانداق ئائىلە تەربىيەسى كۆرگەنلىكى ماڭا مۇھىم ئەمەس، ئەمما مەن ئۈچۈن مۇھىم تەرەپلىرى بار، مەسىلەن، ئۇنىڭ ئادىمىلىك ئەخلاقى، بولۇپمۇ مەن مۇشۇ ئىشلارنى قىلىپ، پۈتتۈرۈپ بەرسەم ماڭا قانداق ئۇسۇل بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقىنىم يوق، ئۆز ئېھتىياجلىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىۋاتىمىز، خالاس. بۇ بەلكىم، بىز ئادەملەردە بولىدىغان ئورتاق خۇسۇسىيەت بولسا كېرەك. بەزى ئىشلارنى تولا زېغىرلاپ كېتىشمۇ ئارتۇقچە...

— ۋاي، نېمە خىيال سۈرۈۋاتىلا غوجام، ئىشلار ئىزىغا چۈشمىسە خىيال بىلەن ھەل قىلىدىغان ئوخشىمالا...

قارىغاندا گۈلگىنە ئۈچۈن مەن مۇھىم دەپ قارىغان ئىشلار مۇھىم ئەمەستەك ئىدى. «بولسا بولار يارىم، بولمىسا ئاللا يارىم»دەك ئۇ شۇنداق ئېرەنسىزلىك بىلەن سوراپ قويدى.

— ئىشلار پۈتتى، ئەمدى سىزنىڭ ئىككى ئادەمگە قانداق جاۋاب بېرىشىڭىز قالدى.

— قايسى ئىككى ئادەمنى دەيسىز، نېمىگە جاۋاب بېرىدىكەن؟ ئون قانچە يىل مەكتەپتە ئوقۇپ ئىمتىھان بېرىپ، سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ چارچاپ كەتتىم، ئەمدى يەنە نېمە جاۋابكەن ئۇ؟ — گۈلگىنە نازلىق كۈلۈپ قويدى. قارىغاندا ئۇ ھەممە ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولغاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ گەپ ئويۇنى قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ خۇشال كەيپىياتىدىن چىقىپلا تۇراتتى.

— بىرى مەن، يەنە بىرى ھېلىقى غوجايىنىڭىز — بۇرۇنقى ئېرىڭىز.

— ئۇنىڭغا جاۋابنى بېرىپ بولغان، ئەمدى سىز پەيدا بولدىڭىز. مۇئەللىم، قېنى سوئالىڭىزنى سوراڭ، — ئۇ ئىللىق ئەتىر بىلەن سوپۇن پۇرىقى كېلىپ تۇرغان بەدىنىنى ماڭا يېقىنلاشتۇردى.

بەدىنىمدە توختاپ قالغان «توختام سۇ»لىرىم قايتا ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. بەلكىم ئۇنىڭ سۈپسۈزۈك كۆللەرگە ئېقىپ بېرىپ، بېلىقلار بىلەن مۇڭداشقۇسى كەلگەندۇ ياكى كۆل بويىدىكى گۈللەر بىلەن پىچىرلاشقۇسى كەلگەندۇ. ... ئىشقىلىپ تومۇر ـ تومۇرلىرىمنى بويلاپ ئاققان قانلىرىم بىلەن تەڭ ھاياجانلىنىشقا باشلىدىم...

مەن گۈلگىنەنىڭ مۇرىلىرىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان چېچىنى ئويناشقا باشلىدىم.

— تېز دەڭا، خۇش خەۋەر ئەكەلدىڭىزمۇ ياكى...؟

— ئالدىراۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈۋالماي تۇرىڭا، كەچىكلەر چوڭلارغا يول بېرىدىغان مۇنداق. چۆلدە ئۇسساپ كىرگەن ئادەمگە بىر پىيالە مۇزدەك سۇ بېرىش ئەڭ ئەقەللىي ئادەت، بۇنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىسىز.

— ئىچىڭىز قىزىپ كەتكەندە مۇزدەك سۇ ئىچسىڭىز گېلىڭىز چوۋۇرۇپ قالىدۇ، ئىسسىق چاي ئىچىڭ، پۈۋلەپ-پۈۋلەپ.

— پۈۋلەپ تۇرۇپ قىززىق چاي ئىچىشكە تاقىتىم يوق، سوغۇق بولسىمۇ ئۇسسۇزلۇق بېرىڭا ئاۋۋال.

— ۋاي، نەسىھەتنى ئاڭلىمايدىغان ياغاچ قۇلاق...

گۈلگىنە نازلانغىنىچە مۇرەمگە بېشىنى قويىدى.

* * *

— ئەسلى گەپكە كەلسەك، بۇ ئۆيىڭىزنىڭ ئۆي خېتى راستىنلا سىزگە تەۋە ئەمەسكەن، قولىڭىزدىكىسى ساختىسىكەن. ئەمما يەنە بىر خۇش خەۋەر بار، بىز مۆلچەرلىگەن پۇلنىڭ سانىغا يەنە 200 مىڭ يۈەن قوشۇلدى، سىزنى مۇبارەكلەيمەن.

— نېمە؟! قولۇمدىكىسى ساختا ئۆي خېتىمكەن، ۋۇي، بېشىنى يەيدىغان ئەبلەخنىڭ قىلغان قىلىقىنى، مېنىزە ۋاقتى كەلگەندە يالىڭاچلا كوچىغا چىقىرىپ قويماقچىكەندە ئۇ تۈزكور، خەپ!

— شۇنداق، ئەمما بۇ ئىشتا ئايال غوجايىنىنىڭ رولى چوڭ بولدى. بىز ئۇنىڭغا تايىنىپ تۇرۇپ ئىش ھەل قىلمىساق بولمايدىكەن.

— قانداق تايىنىمىز؟

— بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن، ۋاقتى كەلگەندە پۇلنى قولىڭىزغا ئالسىڭىزلا بولدى.

— كۆپ رەھمەت سىزگە! ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز...

— ئەمما سىزمۇ مېنى قوللاپ بېرىڭ، ئالدىمىزدا يەنە قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار.

— چاتاق يوق، ئىشلىرىمىز ئاقىدىغانلا بولسا مەن ھەممە ئىشلىرىڭىزنى قوللايمەن. سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار؟

— رەھمەتنىڭ كېرىكى يوق، ئىككىمىزلا ئالىي مەكتەپ يۈزى كۆرگەن ئەقىل ئىگىلىرى، لېكىن ئەقلىمىزنى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى نەزەرىگە ئالمىغان، ئۆلۈپ-تىرىلىشىمىز بىلەن كارى بولمىغان. قارىغاندا، بۇ ئالەم ساۋابىنىڭ سورىقى يوق، گۇناھنىڭ سورىقى بار ئالەم ئوخشايدۇ. ئۆز تەقدىرىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە بولمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بىزگە ئوخشاش ھاياتتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ئىستۇدېنتلار نۇرغۇن. ئۇلارمۇ ئۆز يولىنى ئۆزى تاپالىسا، ئۆز ھەقلىرىنى ئۆزلىرى قولغا كەلتۈرەلىسىچۇ، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. يامانلار پۇلى ۋە ھوقۇقىغا، ئورنى ۋە ئىمتىيازىغا تايىنىپ ياخشىلارنى بوزەك قىلسا بولمايدۇ، جازاسىنى تارتقۇدەك بولسا ھامان تارتىپ تۇرغىنى ياخشى. يامانلىق قىلمايدىغان بولىدۇ، يامانلىق قىلمايدىغانلار ئازايسا بۇ دۇنيا نەقەدەر گۈزەل ھە!

— ۋاي، جېنىم مۇتەپەككۇرۇم، داستان ئوقۇپ كەتتىڭىز، قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇ؟ بۈگۈن سىزنى قانداق تاماق بىلەن مېھمان قىلسام بولار.

— ئۈزۈن بوپتۇ پولو يېمىگىلى، كونىدە بىر خىل تاماق يەۋەرسىمۇ ئېغىزغا تېتىمايدىكەن، بولۇپمۇ سىرتنىڭ تامىقىنى، يەنىلا ئۆينىڭ تامىقى ياخشى. قاچانمۇ بىر ئۆيۈم بولار؟!... — مەن نېمىشقىدۇر گۈلگىنەگە ئىختىيارسىز قاراپ قويدۇم.

— ئۆيىڭىزمۇ بولۇپ قالار، يا ما ئۆيىنى سىزگە بېرەرمەن، ياكى ئىككىمىز ئولتۇرارمىز، — گۈلگىنەمۇ بوش كەلمىدى.

ئىككىمىز ئولتۇرۇپ پولو يېگەندىكى كۆرۈنۈش خۇددى ئىككىمىزنى مۇشۇ ئۆينىڭ يېڭى غوجايىنلىرىدەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويماقتا ئىدى. مەن ئۆزۈمنى ئەمدى كوچىدىكى ئويۇننى تۈگىتىپ تاماق يېيىشكە چاقىرغان ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كىرگەن كىيىملىرى مەينەت بالىدەك ھېس قىلدىم. نېمىشقىدۇر ئىككى تامچە ياش كىرپىكلىرىمنى نەمدەشكە ئۈلگۈردى. بەلكىم ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا ئۆلۈپ كەتكەن ئانام، ئالىي مەكتەپتىكى جاپالىق ئوقۇشۇم، ئۆگەي ئانىنىڭ پۇلدىن قىسىشى تۈپەيلىدىن ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش ئارزۇيۇمنىڭ توختاپ قېلىشى، خىزمەت ئىزدەپ يۈرگەن خارلىقلىرىم، بىر نانغا زار بولۇپ ئاچ قېلىشلىرىم، تۇيۇق يوللارغا كىرىپ قالغاندىكى كۆڭۈل ئازارچىلىقلىرىم يادىمغا كەلگەن بولسا كېرەك. تاكسى ماڭا ھاياتلىق يولى بەردى، تاكسى ماڭا بىر ئىللىق ئائىلىنى ھېس قىلدۇردى، تاكسى ماڭا ئوخشىمىغان مەۋقە ۋە يولدىكى ئىككى ئايالنى ئۇچراشتۇردى...

تۇيۇقسىز تېلېفونۇم جىرىڭلاپ خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. بۇ تېلېفون ئايال غوجايىندىن كەلگەن تېلېفون ئىدى. مەن

قول ئىشارىسى بىلەن گۈلگىنەنى ئاۋاز چىقارماسلىققا ئۈندەگەچ ئالاش كونۇپكىسىنى باستىم.

— ۋەي، ئاق بوز ئات، قانداق ئەھۋالىڭىز، ماڭا ماشىنا كېرەك بولۇپ قالدى، كېلەلەمسىز؟

— بولىدۇ، نەگە بارىمەن؟

— سىز مېنى ئەكەپ قويغان ئۇلتۇراق رايونىنىڭ دەرۋازىسىغا.

— ...

بىز تېلېفوندا ھېچقانداق غەيرىي گەپ قىلىشمىدۇق. مەن گۈلگىنەگە بىر خېرىدارىمغا ماشىنا كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپلا ئىتتىك ئۆيدىن چىقتىم. بىر قول مېنى يېنىك پەپىلەڭنىچە «ئاق يول تىلەپ» ئۇزىتىپ قويدى.

بۈگۈنكى ئۇچرىشىش ماڭا يېڭى بىر تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىتىدىغاندەك قىلاتتى، بىراق ئالدىمدا يەنە بىر سەپەر — ئايال غوجايىنغا تۇتاشقان مۇشكۇل سەپەر سوزۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ يەردە يەنە بىر قول ماڭا تەلمۈرۈپ تۇراتتى...

7

— مەن تېلېفون قىلمىسام، ئەھۋالىمنى سوراپمۇ قويمايدىغانسىز، نېمانداق ئۇنتۇغاق بالىسىز.

— ھەدە سىلەر دېگەن ئاقسۆڭەك غوجايىن. بىز پۇل تېپىشنىڭ غېمىدا يۈرىمىز، سىلەر بولساڭلار پۇل خەجلەشنىڭ كويىدا. كۆڭۈللۈك غېمىمىز، كويىمىز ئوخشاش ئەمەس، شۇڭا...

— يەنە باشلاندى مانا ئەدەپسىزلىكىڭىز، يەنە «ھەدە» دېسىڭىز خاپىلايمەن جۇمۇ. بۈگۈن ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى. مەن بىلىدىغان ئېسىل بىر يۇيۇنۇش سارىيى بار، بولىدى پۇل تاپىمەن دېمەڭ، تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىشنىمۇ بىلىشىڭىز كېرەك. پۇلنى تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىمىز، راھەتتىن بەھرىمەن بولىمىز، دەپ تاپىمىز ئەمەسمۇ؟!

— ھى، ھى... ھى، بۈگۈنزە بىر يايراي دەپسىز- دە.

— «سىز» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ بىللە كىرىمىز، مەن ئەزەلدىن مەن ئۈچۈن ياخشىلىق قىلغان ئادەمنى چەتكە ئىتتىرىۋەتكەن ئەمەسمەن.

ئۇ راستىنلا ئىككى كىشىلىك ئىشىك بېلىتى ئالدى. ۋاي، بۇ شەھەر ئىچى يۇيۇنۇش سارىيى پۇلغا يارىشا راستتىنلا ھەشەمەتلىك ئىكەن. ئادەتتىكى ئادەملەر بۇنىڭ ئىچىگە كىرىش تۈگۈل يېنىغىمۇ كېلەلمەيتتى. پۇلنىڭ كۈچى دېگەن مۇشۇ، نەزىرە ماڭا يەنە ئالدىن تەييارلانغان بىر يۈرۈش سۇ ئۈزۈش كىيىمىنى ئۇزاتتى. مەن كىيىمنى ئېلىپ ئۆزۈمگە ئۆلچەپ كۆردۈم- دە ھەيران قالدىم:

— نەقەلا مېنىڭ رەزمەمنى ئاپسىزغۇ، بۇ دەل مېنىڭكىكەن.

— سىلەر ئەرلەرنى مەن بىلمەمدىم. يا ئازراق چوڭ، يا ئازراق كىچىك كېلىدۇ شۇ، ھا... ھا.. ھا!... — ئۇ كۈلگىنچە ماڭا قەستەن سۈركىلىپ قويدى.

بىز ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئەر- ئاياللار كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىدىن چىققىنىمىزدا نەزىرەنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى دىققىتىمنى تارتتى. ئۇ ئادەتتىكىدىن نەچچە ياش ياشىرىپ كەتكەندەك ئىدى. تولغان بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن سۇ ئۈزۈش كىيىمى ئۇنى تولىمۇ نازاكەتلىك قىلىۋەتكەنىدى. بىز بىللە سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىگە كەلدۇق.

— مەن ئۈزۈشنى بىلمەيمەن جۇمۇ، ماڭا يېتەكچىلىك قىلمىسىڭىز چاتاق چىقىدۇ.

— ما گەپنى كۆرۈڭ، بەلكى يېتەكچىلىك قىلسام چاتاق چىقارمىكىن.

— نېمىدېگەن توخۇ يۈرەكسىز، چاتاقتىن قورقىدىغان ئەرنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ؟ باتۇرراق بولۇڭا.

— قورقمىدىم، سىزنى قورقۇتۇۋەتمەي دېدىم.

— سىز لا بولسىڭىز مەن قورقمايمەن. ھا.. ھا... ھى... ھى!...

مەن دەسلەپتە سەل بىئەپ ھېس قىلدىم. ھەممە ئادەم بىزگە قارىشىۋاتقاندەك، قاراپ ئەيىپلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ھەممىسى ئۆز ئىشى، ئۆز ئويۇنى بىلەن ئالدىراش. ئەرلەر قارىغان بولسا نەزىرەگە قارىغاندۇ. ئۆزىنى ئاسراشنى بىلىدىغان ئايال بۈگۈن بۇ كىيىملىرى بىلەن ھەقىقەتەن نازاكەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ قولۇمنى تۇتقىنىچە تېيىزلىكتىن چوڭقۇرلۇققا شۇڭغىدى، مەن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. شۇ تاپتا مەن نېمىگە ئوخشاپ قالدىم. توي قىلمىغان بىر يىگىت يولدىشى بار بىر ئايال بىلەن سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىدە يالىڭاچ دېگۈدەك يۈرۈش ئەقىلمىگە پەقەت سىغمىدى. ئۇ ماڭا يېقىنلاشقانسېرى تولىمۇ قورۇنۇپ كېتىۋاتاتتىم. نەزىرە بولسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھېلىدىن ھېلىغا قاقاھلاپ كۈلەتتى، ئويناقلايتتى، سۇ چاچاتتى، سۇ ئۈزەتتى، سۈركىلەتتى...

بىر ۋاقىتتا ئۇ بۇنىڭغىمۇ رازى بولمىدى بولغاي، مېنى ئايرىم يۇيۇنىدىغان تېخىمۇ ھەشەمەتلىك بىر كۆلچەككە باشلاپ كىردى. نېمە بولسا بولامدۇ، خەق نېمە دېسە دېمەمدۇ، ئۆزۈمنى ئەركىن قويۇۋەتتىم. ئارشاڭ سۈيىدەك

ئىللىق، يۇمشاق، ھۇزۇرلۇق سۇ بەدىنىمنى خام كېسەكتەك ئېرىتمەكتە ئىدى... قاياقتىندۇر كېلىۋاتقان مەيىن شامالنىڭ يۈزلىرىمدە دېمىقمىغا غىدىقلىغۇچى پۇراق ئۇرۇلماقتا، ئۆزۈمنى دېڭىز سۈيىگە چىلانغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم.

— بۇ يەر ئادەمگە دېڭىزنى ئەسلىتىدىكەن، — دېدىم ئاستا پىچىرلاپ.

— دېڭىزنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— شۇنداق، دېڭىز ئايرىم بىر دۇنيا، ئۇ يەردە ھەم ئازادە تەنھالىق ، ھەم ئۇچىچە مېھرىبانلىق تۇيغۇسى بار. يالغۇز خىيال سۈرىمەن دېسە بىر كىم دەخلى قىلمايدۇ. بىر قېيىقتا ياشىغۇچىلار ئۈچۈن بارنى تەڭ كۆرۈش دۇنياسى. ئۇ يەردە سۇ ۋە دولقۇن بىر سەپتە، ئادەملەر بىر سەپتە، قۇرۇقلۇقتىكىدەك ئادەملەر ئايرىم - ئايرىم بولۇۋېلىش يوق...

ئۆزۈمچە خېلى كۆپ «نەزەرىيەلەرنى سۆزلەپ كېتىپتىمەن. نەزىرە ماڭا «مۇتەپەككۇر» قالپىقنى كىيگۈزگەندەك سۆزدىن توختىدىم.

— مۇتەپەككۇر ئەپەندىم، مەن سىزنى ئارزۇيىڭىزغا يەتكۈزەي، مەن يېقىندا سەنىياغا بارماقچى، سىزنىمۇ بىللە ئېلىپ باراي.

— ۋاي خانىم مۇنداقلا دەپ قويدۇم، بىزدەكلەرگە ئۇ ئامەت نەدە تۇرۇپتۇ، يەنە كېلىپ...

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەممىگە مەن ئىگە، سىز پەقەت ماڭا ھەمراھ بولۇپ بېرىسىڭىزلا بولدى، — ئۇ شۇنداق دېگەچ توم بىلەكلىرىمنى چىڭ سىقىپ قويدى، — بۇ كۈچنى ئاجىزلارنى قوغداشقا ئىشلىتىپ قويسىڭىز ساۋاب بولىدۇ.

— راست دەۋاتامسىز، مەن سىزگە «قورۇقچى» بولالايدىمەن.

— يېقىندا ئۇ يەردە پۈتتۈرىدىغان بىر سودا بار، ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن سىزدەك كۈچتۈڭگۈر بىرسىگە موھتاج بولۇپ تۇراتتىم. ماڭا بىر ياردەم قىلغان بولۇڭ، ئوغرى - قاراقچى دېگەنمۇ ئادەمنى پايلاپلا يۈرىدۇ...

مەن ئورۇنلۇق ئېيتىلغان بۇ گەپكە يەنە قارشى گەپ قىلىپ ئولتۇرمىدىم. ئۇ ماڭا، مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزئارا مەمنۇنىيەت نەزەرىمىزنى ئاغدۇردۇق. نەزىرە قولۇمنى تارتقىنىچە سۇ كۆلچىكىگە ئۆزىنى ئاتتى...

* * *

نەچچە قېتىملىق بېرىش كېلىشلەر داۋامىدا گۈلگىنەنىڭ 500 مىڭ يۈەنىمۇ قولىغا تەگدى. لېكىن شۇ پەيتتە ئۆي خېتىنى ئۇنىڭ نامىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈش سەل قىيىنغا توختايدىغادەك قىلاتتى.

— بوپتۇلا، قەدەمنى بىر - بىر ئالغۇلۇق، ئاۋۋال ماۋۇ 500 مىڭ يۈەننى قانداق قىلىشنىڭ پىلانى ھەققىدە ئويلىنايلى.

— مېنىڭچە بۇ پۇللارغا كىچىك ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ كىراكەشلىك قىلساقمىكىن دەيمەن.

— قانداق بولۇپ بۇنداق ئويغا كېلىپ قالدىڭىز.

— بۇ دەل سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن بولغان ئىش، شۇڭا دەيمەن.

— توغرا ئويلاپسىز، ئەمما مەن بۇ ئىشنىڭ يولىنى قىلاي.

بۇ ئىشنى بىر قانچە دوستۇمغا ھاۋالە قىلدىم. ئۇلار كەسپ ئەھلى بولغاچقا تاكسىدىن ئىككىنى ئېلىشىپ بەردى. بىرنى كۈندۈزگە، بىرنى كېچىگە ھۆددىگە بېرىپ ئايدا بىر قېتىم ھېساب قىلىشىدىغان توختام بىلەن ئىجارىگە بەردۇق.

«پۇلنى پۇل تاپىدۇ» دېگەن شۇ، ئەمەلىيەتتە يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدۇ ئەمەسمۇ، دېمىسىمۇ بىر ئايدا ئىككى تاكسىدىن، ياق ئۈچ تاكسىدىن خېلى كىرىمنىڭ ھېساباتى چىقىۋاتاتتى.

گۈلگىنە بىلەن بىر ئائىلە كىشىسى بولمىسامۇ ھېساباتىنى بىر تەڭلىك بەلگىسى ئارقىسىغا قويدۇم، چۈنكى، مەن شۇنداق قىلىشنى توغرا دەپ قارىدىم، بۇنىڭ نېمىشلىقىنى ئويلاپمۇ ئولتۇرمىدىم ھەم ئويلىغۇممۇ يوق. مەندەك قورساق تويغۇزۇشنىڭ غېمىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغان بىر ئادەم ئۈچۈن تۇرمۇشقا ئارتۇقچە زېھىن سەرپ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارىغان بولسام كېرەك. بىر كۈن شۇ تەرىقىدە ئۆتمەكتە ئىدى.

— كۈندە كىرىدىغان كىرىمگە نىسبەتلەشتۈرگەندە ئايدا كىرىدىغان كىرىم سەل ئازراق بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ئىجارىكەشلىرىمىز ئىشەنچلىك ئادەملەر، سىزنىڭ يەنە باشقا پىلانىڭىز بولسا دەۋەرسىڭىز بولىدۇ.

— ياقەي، مېنىڭ باشقا ئەندىشەم يوق، سىز نېمە دېسىڭىز شۇ. مەن سىزگە ئىشىنىمەن، خۇددى يولدىشىمغا ئىشەنگەندەك.

— ھى... ھى...

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىللىق بىر سېزىمنى ھېس قىلدىم - يۇ، يەنە ئۇنى تېزلا يوقىتىپ قويدۇم، «ئائىلە» دېگەن بىر ئۇقۇم يەنە بىر قېتىم كاللامدىن ئۇچۇپ ئۆتتى.

گۈلگىنەدەكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئائىلە ھېچنېمە

ئەمەس، ئۇنداقلار بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇپ ئائىلە قۇرۇش مەن ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئېغىر يۈك. چۈنكى، ئۇنىڭ بەزى چاغلاردىكى ھەشەمەتچىلىكى نەزىرەدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى. يۇقىرى ئىستېمال ئىككى تاكسى ئەمەس، ئون تاكسى بولسىمۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. بىراق ئادەمنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، ھەشەمەتچىلىك ئادەمنى قانداق ئۆزگەرتىۋەتكەن بولسا، يوقسۇزلۇق ئادەمنى يەنە شۇنداق ئۆزگەرتەلەيدۇ، لېكىن بۇ مۇتلەق ئەمەس بولۇشمۇ مۇمكىن.

بىر كۆڭلۈك ئىشىم بىر كۆڭلۈك خىيالىمدەك ئۇزىراپ كەتتى. تېخىچىلا ئىشتىن چۈشمىگەنىدىم. ھەر ھالدا خېرىدارنىڭ بولۇپ تۇرغىنى ياخشى، تاكسىچىلىق خېرىدارنىڭ ئۈزۈلمەسلىكى بىلەن روناق تاپىدۇ.

8

نەزىرەدىن تېلېفون كەلدى، قومۇلدىن نېرىسىغا ئۆتۈپ باقمىغان مەندەك «كۆزى ئوچۇق قارىغۇ» ئۈچۈن سەنيانى كۆرۈپ كېلىش چوڭ ئىش بولسىمۇ، سەنيانىڭ ئىسمى خىيالىمدىن شۇنداق كەچسىمۇ راھەتلىك بىر تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمنى قاپلاپ كېتەتتى. بىراق نەزىرەگە مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تېلېفون قىلمىدىم، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى «يېگەن، ئىچكەندەك» كۆرسىتىش ئۈچۈن خۇشلۇقۇم ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشتىم. مېنىڭ يەنە ئۇنىڭ بىلەن قىلىدىغان ئىشىم بار، ئۇ نېمە دېسە «ھە» دەپ تۇرمىسام بولمايدۇ.

— ھە! — مەن تېلېفوندا نەزىرەگە خاپا بولغاندەك تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشقا باشلىدىم، — يائاللا 6 - ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپ كەتتىڭىزيا، سەنياغا بارىمىز دەپ قويۇپ.

— خاپا بولماڭ، يېقىندا ئىشلىرىم بەك جىددىي بولۇپ كېتىپ سىزگە تېلېفون ئالالمىدىم، ئەمما ھەر دائىم يادىمدا بولۇپ كەلدىڭىز. گۈلنىڭ ئىشقىدا پەرۋانە بولغان كېپىنەكتەك يېنىڭىزدا بولالمىساممۇ ئىسمىڭىزنى ياد ئېتىپ تۇردۇم. نېمە ئامال دەيسىز، ئوت بار چاغدا سۇ يوق، سۇ بار چاغدا ئوت يوق بولۇۋاتىدىغۇ، «چاي قايناتىش»قا شۇنچە ئۇرۇنسامۇ...

نەزىرەنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى، بىز چاقچاق بىلەن ئۇزاق ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئەسلىي گەپكە ئۆتتۇق.

— تەييارلىقىڭىز قانداقراق؟

— تەييارلىقىم ھازىر جەڭگە ئاتلىنىدىغان ئەسكەردەك، شۇ سىزنىڭ تېلېفونىڭىزنىلا كۈتۈپ...

— ئۇنداق بولسا ياخشى، بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى ئايروپىلان بېلىتىنى ئالماقچى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ماڭا ئۇچۇر قىلىپ يوللىۋېتىڭ.

مەن يەنە قېتىۋالدىم، گەرچە بىلىپ تۇرساممۇ قەستەنگە سوراپ قويدۇم.

— قاچان؟

— ھازىرلا، ئاندىن ماڭىدىغان ۋاقىت، كۆرۈشىدىغان ئورۇن ھەققىدە ئۇچۇرۇمنى كۈتۈڭ.

— خوپ! — مەن ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا شوخلۇق قىلدىم.

— ھېي، ھېي، ئەمىسە خوش، كۆرۈشكەندە كۆرۈشەيلى.

شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، «كۆرۈشكەندە كۆرۈشەيلى»، «كۆرۈشكەندە قالدى گەپلەرنى دېيىشەيلى دېسىمۇ بىر گەپ». ئۇيغۇر تىلىدا يوقلا بىر گەپنى قىلدىغۇ بۇ ئايال تىلىمىزنى بۇزۇپ. بولدىلا، نېمە دېسە دېمەمدۇ، بۇ يەردە ئۇنىڭ گېپىنىڭ گىرامماتىكا، لوگىكىسىنى باھالايدىغان نەدىكى ۋاقىت. «قارىغۇنىڭ يۇرتىغا بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس» دەپتىكەن، مەنمۇ مەقسىتىم ئەمەلگە ئاشقىچە بىر كۆزۈمنى قىسىپ تۇراي. مەن تېزدىن تۇرالغۇمغا قايتىپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ تەق بولۇپ تۇردۇم. ئىككى سائەت ئۆتكەندە ئۇنىڭدىن ئۇچۇر كەلدى. بىز ئايرودۇرۇمدا كۆرۈشىدىغان بولدۇق. مەن دوستۇمدىن بىرىگە تېلېفون قىلدىم - دە، تاكسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم، چۈنكى، بۇ تاكسى تۇرمۇشۇمنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى. بانكا خىزمەتتىن توختاپ قالسا قالسۇنكى، مېنىڭ بۇ تاكسى ماشىنام تىجارەتتىن توختىمىسۇن. ماڭا ھازىر زور مەبلەغ كېرەك بولىدىغاندەك قىلىدۇ...

نەزىرە دېگەن ۋاقىتتا ئايرودۇرۇمغا يېتىپ كەلدىم. ئۇ ئاللىبۇرۇن كېلىپ بولغانىكەن، يېنىدا يەنە بىر مۇنچە ئادەملەر تۇرامدۇ نېمە...

شۇنداقكەن، نەزىرە بۇ قېتىمقى سەپەرگە يالغۇز چىقماپتۇ. قىياپىتىدىن ئۆزىنى بەكمۇ ئاسرايدىغان پۇلدار ئايالدىن يەنە ئۈچىسى ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىكەن. قىزىق يېرى ئىككىسىنىڭ يېنىدا يەنە ئىككى يىگىت قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ يىگىتلەر قارىماققا بۇ ئىككى ئايالنىڭ تۇغقىنى ئەمەستەك قىلاتتى. ھازىر بۇنداق ئىش بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. زامان تەرەققىي قىلغانسېرى ھەممە ئىش غەلىتە بىلىنمەيدىغان بولۇپ كەتسە كېرەك. مەن نەزىرەلەرگە ئۆز سالا-

پىتىم بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۇ دوستلىرىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، ھېلىقى ئىككى يىگىتكە كەلگەندە ئالاھىدە تەلەپپۇزدا «دوستى» دەپ تونۇشتۇردى. پەرزىم خاتا بولماپتۇ. چۈنكى، مەن بۇنداق ئەرلەرنى بىر قاراپلا تونۇۋالالايمەن. كەچتە كېچىلىك بەزمىدىن قايتقانلار ئىچىدە بۇنداق «ئەر»دىن بىر ئىككىسىنى ئايرىلاپ - ئايرىلاپ ئۈچۈرتۈپ تۇرىمەن. دەسلەپتە ماشىنامدا ئولتۇرغۇزغۇمۇ كەلمىگەنىدى، بىراق ئۇلارنىڭ پۇل بېرىشتىكى «مەرد»لىكى بۇ ئويۇمنى يوق قىلىۋەتتى. «ھەي، پۇل دېگەن نەرسە كىشىنى ھەر كويلارغا سالىسەن!»

— ۋاي - ۋۇي، نەزىرە نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قەيەرلەردە قايسى يايلاقنىڭ يايلوسىدا يۈردىكىن دېسەم، ئەسلى بىر دۆلدۆلنى تېپىۋالغان ئىكەنسەن - دە، — ئاردىدا «دوستى» يوق ئايال خىيالمنى بۆلۈۋەتتى. ئۇنىڭ يېشى 40 قا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ تولىمۇ شوخ كۆرۈنەتتى. ئۇ گەپ قىلغاچ مۈرەمگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى. مانا كۆرۈڭ، نېمىنى مەسخىرە قىلساڭ شۇنىڭغا قالىسەن، دېگەن شۇ بولسا كېرەك. ما ئايالنىڭ دەۋاتقان گېپىنى، مېنى بىر گەپ بىلەنلا ھېلىقى «دوست»لار قاتارىغا قوشۇۋەتتى. مەن بۇ ھاقارەتتىن تولىمۇ خورلۇق ھېس قىلدىم، ئەمما ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بۇ ھاقارەت ئەمەس، «ماختىلىش»، «شەرەپ» ئىدى. ئۇلار بۇنداق تۇرمۇشقا، بۇنداق گەپلەرگە كۆنۈپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ئاچچىقىمنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈشى مېنىمۇ «ھېجىيىش»قا مەجبۇر قىلدى. ئېلانچى ئايال ئايروپىلاننىڭ قېتىم سانى، قايسى ئىشكىتىن كىرىدىغانلىقى ھەققىدە ئېلان بېرىپ ۋاقتىمىزنىڭ توشقانلىقىنى ئېسىمىزگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئىشىكىگە قاراپ ماڭدۇق. نەزىرەنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ھېچ ئىش بولمايدىغاندەك كېتىۋاتاتتى. مەن سەل پۇشايمان قىلىپ قالدىم، ئەمما يولنىڭ يېرىمىغا كېلىپ بولغانىدۇق. ھېلىقى ئايالنىڭ ئىسمى مەريەم ئىدى، مەريەم ھەدەم ھېلىدىن - ھېلىغا مېنىڭ ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئەگىپلا يۈرەتتى. گاھ ئالدىمغا، گاھ كەينىمدە سوئاللىشاتتى. ئالدىمدا نەزىرە بولسا، كەينىمدىن ئۇ كېلەتتى. كەينىمدە نەزىرە بولسا، ئۇ ئالدىمغا ئۆتۈۋالاتتى. مەن ئىككى ئايالنىڭ ئارىسىدا تالاشتا قالغاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم. «قاغىغا يولۇقساڭ يېيىشىڭ پوق»، دەپ ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا كۆنۈشكە مەجبۇر بولدۇم. «مېنى بۇ يەردە ھېچكىم تونۇمىغاندىكىن»، مانا بۇ قاراش نۇرغۇن ئادەملەرنى يولدىن چىقىرىدۇ. «خەق بىلەن نېمە كارىم» دېگەنمۇ شۇ. ئۇلار كېيىنكى قاراشقا كۆنۈپ كەتكەنلەر، مەن ئالدىنقى قاراشقا يۈزلىنىۋاتقان ئادەم ئىدىم، يۈزلەنمەيمۇ ئامالىم يوق ئىدى.

قېرىنشقاندەك نەزىرە بىلەن مەريەم ھەدىمىزنىڭ ئورنى بىر يەردە ئىكەن. يەنە كېلىپ مەن دەل ئۇلارنىڭ ئوتتۇردسىدا خۇددى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغاندەكلا، توۋا، «نېمىدىن قورقساڭ شۇنىڭغا يولۇقىسەن» دېگەن شۇ-دە.

ئايروپىلان ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە قۇياش يەرگە پېتىۋاتاتتى. قۇياش قىزىرىپ زېمىننىڭ ئۇ چېتىگە پاتقانچە ئەتراپى قان رەڭ شەپەققە تولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تەرەپ ماڭا پاجىئەلىك بىر جەڭ مەيدانىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. قان يەردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتامدۇ، ئاسماندىن ئېقىپ چۈشۈۋاتامدۇ، ھەممە يەر قان قىزىل، بۇمۇ زامانى ئاخىرىنىڭ بىر ئالامىتىمىدۇ، دەپ قالدىم ئىچىمدە.

ئايروپىلان بىر خىل رېتىمدا ئۇچۇۋاتاتتى، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشى خىياللىرىمنى ئالىلقايالارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى.

ھازىر پۇلدار ئاياللار قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى باشقا بىر ياقلاردىن ئىزدەيدىغان بولۇۋالدى. پۇلدار ئاياللارلا ئەمەس، بىر قىسىم پۇلدار ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ياكى قىسمەن ئازراق ھوقۇقى بار «ئەمەلدار»لارنىڭمۇ ھەم شۇنداق. بۇ گەرچە ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال بولمىسىمۇ، لېكىن جەمئىيىتىمىزنىڭ بىر بۆلۈكلىرىدا بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت. بۇنىڭ ھەر قىسما سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن. چوڭ شەھەرگە ئوقۇشقا كەلگەن ئىستۇدېنت قىزلارمۇ ھەم شۇنداق. ئەمدى كېلىپ ئوغۇللارنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن. بۇرۇن بىر قىسىم قىزلارنىڭ جۈمە كۈنى كەچتە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ گۇاڭجۇ، شېنجېنلاردا ئۆز «سودا»لىقلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن دۈشەنبە دەرسكە ئولگۈرۈپ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلايتتۇق. ئەمدى سەنىيا دېگەندەك يەرلەرگە ئۆز كۆزۈم كېتىۋاتىمەن. بايامقى تونۇشتۇرۇشتا ھېلىقى ئىككى ئايالنىڭ بىرىنى ئايشەم، يەنە بىرىنىڭ ئىسمىنى خاتىمە دەپ تونۇشتۇرغانىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ يېنىدىكى يىگىتلەرنى تونۇشتۇرمىدى. مەن گۇمانىمنى يېشىش ئۈچۈن نەزىرەدىن سوراپ باققىنىمدا، ئۇلارنىڭ كەچلىك بەزمىخانىدا ئىشلەيدىغان ئىستۇدېنت يىگىتلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. دېمەك،خاتا پەرەز قىلماپتىمەن. توۋا، ئەھۋالىمىز مۇشۇ دەرىجىگە بېرىپتۇ،

تۇرلۇك غەلىتىلىكلەرنىڭ جەمئىيەتلىشىپ بېرىۋاتقانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن. ئۇنداق بالىلارنىڭ كالىلىسىغا دەرس چۈشەمدۇ، دەرس چۈشمىگەن كالىلا كېيىنكى خىزمەتلەردە قانداقمۇ ئىشلىسۇن. ئەسلىدىنلا ئىرىيۇن - تاماشىغا ئامراق بىر قوۋم «ئۆيۈننىڭ قېپىنى مۇشۇنداق يېرىۋاتسا» تەقدىرىمىز نېمە بولماقچى ئىدى. مەن ئاچچىق تىنغىنىمچە ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا چوڭ يوتامدا بىر نەرسە مەدىرلىغاندەك قىلدى. چۆچۈپ ئويغىنىپ ئىتتىك ئالدىمغا قارىدىم. مەريەم ھەدەم ئولتۇرغان تەرەپتىن بىر نازۇك قول يوتامنى سىلاۋاتقانىكەن. مەن «كاپ»پىدە قىلىپ قۇرتنى تۇتقاندەك ھېلىقى قولنى تۇتۇۋالدىم - دە، يۇقىرىغا يۇلۇپ ئالدىم. نەزىرە ئىتتىك ماڭا قارىدى - دە، مەريەم ھەدەمگە ئاستا پىچىرلىدى.

— بۇ يىگىتنى خاتا چۈشىنىپ قاپسەن، ئاۋۇلارغا ئوخشمايدۇ، ئۆز ئالدىغا ئىش - ئوقىتى بار يىگىت بۇ. ئالدىردمساڭ ئىشلار ئۆز يولى بىلەن كەلسۇن، — دېدى.

— ۋاي- ۋۇي قورۇمچىلىق قىلمىساڭمۇ، بۇ ئاق بوز ئېتىڭنى يېمەيمەن، مۇنداقلا تۇتۇپ باقتىم، — دېدى مەريەم ھەدەم نارازى بولغان ھالدا.

— ۋاي مەلىكەم، ئاممۇۋى سورۇندا ئېتىمنى ئۈركۈتۇۋەتمە دەۋاتىمەن...

نەزىرەنىڭ شۇ سۆزلەرنى دېگەچ مەريەم ھەدەمگە كۆز قىسىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ھەممەلەن پەسكويغا چۈشۈپ كۆزلىرىمىزنى يۇمدۇق.

## 9

سەنيا ئايرودۇرۇمىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە مەيىن شامال يۈزۈمگە يېقىملىققىنە سۆيۈپ قويدى. بۇ قارشى ئېلىنىدىغانلىقىمىزنىڭ بىشارىتىدەك بىلىندى. شەھەر ئىچىگە كىرگەندە مەن ئارىشاڭغا كېلىپ قالغاندەك تەرلەشكە باشلىدىم. بىز بىر مېھمانخانىغا كېلىپ ياتاق تىزىملىتىشقا كىرىشىپ كەتتۇق، بۇ دەل سەنيانىڭ ساياھەت پەسلى بولغاچقىمۇ ياتاق قىس ئىكەن. پۇلدار ئادەملەر تاپقان پۇللىرىنى مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ ئەخلەت تۆككەندەك تۆكسە كېرەك، قىممەت پۇللۇق ياتاقلارمۇ ئوخشاشلا قىستا - قىستاڭچىلىقتا قالغانىدى. مەن زالدىكى كىرسلوغا كېلىپ ئولتۇرغاچ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم. نەزىرە قاتارلىق ئاياللار بىلەت كەستۇرۇش ئۈچۈن ئۆچرەت ساقلىدى. بىر چاغدا ئۇلار خاپا چىراي ھالدا قايتىپ كېلىپ باشقا ياققا يۆتكىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغىنىمدا مەريەم ھەدەم «ياتاق قالماپتۇمىش» دەپ قويدى سوغۇققىلا.

— نەدە ياتاق قالمايدۇ، ئۇلار كىملىكىمىزنى كۆرۈپلا شۇنداق دەۋالدى.

— بىز خەقنىڭ كىملىكىمىزگە نېمە بولۇپتۇ.

— نېمە بولىدۇ، ياتاق يوق بولىدۇ.

— نېمىشقا؟

— ...

بىز «يۇلتۇزلىرى» ئازراق بىر مېھمانخانىدا ياتاققا ئورۇنلاشتۇق.

خاتىمە بىلەن ئايشەم دېگەن ئايال ئايرىم - ئايرىم ياتاققا ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بىزگە ئاران بىر ياتاق تېگىپتۇ. «پاھ مانا ئويۇن دېگەن»، بۇ قەستەنگە ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ ياكى راستىلا شۇنداقمۇ بىلمىدىم، يولدا كېتىۋېتىپ مەريەم ھەدەمنىڭ نەزىرەنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاشلىرىنىڭ سىرى ئازراق بولسىمۇ ئېچىلغاندەك بولدى.

ئۈچىمىز ياتاققا بىللە كىردۇق، مەريەم ھەدەم يەنە شوخلۇق قىلغىلى تۇردى.

— ياتاق قىسكەن، تالادا قالماسلىقىم ئۈچۈن نەزىرە پاناھىغا ئالدى، سىزچۇ قارشى ئالامسىز؟ — ئوتى كۆچلۈك بۇ ئايالنىڭ كۆزلىرى، قاشلىرى ئوينىپلا تۇرىدىكەن.

— نېمىشقا قارشى ئالمايمەن، قارشى ئالماسلىققا ھەددىممۇ، — مەنمۇ ئۆزۈمنى قويۇۋېتىپ جاۋاب بەردىم. مەن ھەممىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم. بۇ جاھان زادى نەدىن نەگىچە؟ نەگىچىلىكنى كۆرۈپ بولالمىسامۇ، قانداق كېتىۋاتىدۇ؟ دېگەن سوئاللارنىڭ قىسمىدىن خاتالىققا ئۆزۈمنى ئېتىپ باقماقچى بولدۇم. مەن بىر مەغلۇپ بولغان ئىستودېنت، ئەمدى غەلىبەمنى باشقا بىر ياقتىن ئىزدەپ باقاي، جەمئىيەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقىدىغان تېۋىپقا ئايلىنىپ باقاي. دىياگنوزنى توغرا قويالىسام، كېسەلگە قارىتا توغرا «رېتسېپ» يازىدىغانلار چىقىپ قالار. بۇ مېنىڭ «قۇربانلىققىم» بولسۇن ئەلۋەتتە. ھېچ ئىش قىلالمىسامۇ قەلبىمدە ۋىجدان خورۇچىنىڭ ئازراق ساقىندىلىرى باردۇر. ئۆلۈپ باقمىغىچە ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغىلى بولمايدۇ، بىراق ئۆلگەن ئادەمنىڭ باشقىلارغا ئىبرەت قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىغا تارتىلغان «سۈرەت» بولۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس.

بۇ سۈرەتتىن بولسىمۇ كىشىلەر ئۆلۈمنىڭ نېمە ئىكەنلەكىنى سەۋەب - نەتىجىسى بىلەن بىلىپ قالار، مۇشۇنداق

«پەتۋا» بىلەن ئۆز - ئۆزۈمنى ئەخمەقلەرچە ئاقلىماقچى بولغانلىقىمغا كۈلۈپ كەتتىم.

* * *

ئېلىۋالغان ئوزۇقلۇقلىرىمىز بىلەن غىزالاندۇق. قورۇملار ئازراق سوۋۇپ قالغانىدى. گۆش، نان قاتارلىق يېمەكلىكلەر تولىمۇ تېتىپ كەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك يەۋاتقان بۇ يېمەكلىكلەرگە مۇھىت ئالماشقاندىن كېيىن باشقىچە «تەم» كىرسە كېرەك، ئادەتتىكى نورمال ئۆلچەمدە ئوزۇقلىنىدىغان بۇ خانىملارنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىۋاتاتتى. شۇنداق، ھەممە نەرسىنىڭ ئورنى ئالماشسا قىممىتى بىلەن لەززىتى باشقىچە بولسا كېرەك. بولمىسا، بۇ پۇلدار خانىملار ھەممە نېمە تېپىلىدىغان شەھىرىمىزدىن بۇ يەرگە كېلىپ «ھۇزۇر» ئىزدەپ يۈرمىگەن بولاتتى. مەن شۇنداق ئويلىدىم، ئەمما نەزىرەنىڭ مەريەم ھەدەمگە ئاز يېيىش، ئاز ئىچىش ھەققىدىكى ئەسكەرتمىسى مېنىڭ ئاددىي قارىشىمنى گۇمانغا سېلىپ قويدى.

— ئازراق ئىچ مەريەم، ئەتە قىلىدىغان مۇھىم ئىشنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ نېمە! — ئۇلار تاماق يېگەچ قىزىل ھاراق ئىچىۋاتاتتى.

«ئەتە ئۇ يەر، بۇ يەرنى ساياھەت قىلىمىز» دېسىمۇ بىر گەپ، «مۇھىم ئىش» دېگىنى قانداق گەپ. قارىغاندا، بۇ ئاياللار سەنىياغا «ئويۇن» ئۈچۈنلا كەلمىگەندەك قىلاتتى. مەن «مۇھىم ئىش»نىڭ تېگىنى سوراپ باقماقچى بولدۇم. بىراق نەزىرەنىڭ «بۇنىڭ سىز بىلەن ئالاقىسى يوق» دەپ تەنبىھلىشىدىن ئېھتىيات قىلدىم. ئۇ شۇنداق ئايال، ئىش قىلىشنىمۇ، ئويۇن ئويناشنىمۇ بىلىدىغان «تالانت»لىق ئايال.

قاراپ باقىدىغان بولساق، توغرا يول بىلەن پۇل تاپىدىغان سودىگەرلەر ئاز بولسا كېرەك، تاپقان پۇلىنى توغرا يەرگە خەجلەيدىغان سودىگەرلەر ئاز بولغىنىدەك. «ھاراق ئىچەلەيدىغان ئىقتىدار» دەپ ئاڭلايتتۇق، ئىشنى ئىپى - ئىپىدە ئورۇنلاشتۇرالايدىغان ئايال باشلىقلارنى، ئايال غوجايىنلارنىمۇ كۆرۈپ تۇرىمىز. مەن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كۈلكە - چاقچاق قىلىشىۋاتقان مۇنۇ «غوجايىنلار» بۈگۈن ئۆزلىرى ئېلىپ چىقىدىغان روللىرى ھەققىدە «رېپېتىتسىيە» قىلىۋاتاتتى. بىراق سەنىيادەك بۇ ئويۇن شەھىرىدە ئۇلار ئالماقچى بولغان، ياق ئۇلار قىلماقچى بولغان قانداق «مۇھىم ئىش» بولغىيدىكىنە.

— ھارىقىڭىزنى ئىچىڭە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرماي، نۆۋەت سىزگە كەلدى.

خاتىمەنىڭ كىمگىدۇر ئېيتقان بۇ گېپى مېنى بۇ سورۇنغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئاياللار قىزىۋاتاتتى، ئاياللار قىزىدسا سورۇنمۇ قىزىيدىكەن. مەن كۆرمىگەن «نومۇرلار» ئويۇنلانماقتا، مەن ئاڭلىمىغان يۇمۇرلار ئېيتىلماقتا، مەن كۆرمىگەن بۇ شەھەردىكى بۇ سورۇن داۋاملاشماقتا. ھېلىقى بەزمىكەش يىگىتلەرنىڭ ھۈنەرلىرىنى دېمەمدىغان، ئۇلار تاللانغان «ئارتىسلار» بولسا كېرەك، ئويۇننى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى... «توۋا»... مەن ياقامنى چىشلىگىنىمچە ئوڭدامغا يىقىلدىم.

ئەتىسى باشلىرىم ئېغىر ھالدا ئويغانسام ياتاقتا ھېچكىم يوق، كىيىملىرىم قاچانلاردا سېلىنىپ كەتكەنلىكى، نېمە ئىشلار بولغانلىقى تېخىمۇ ئېسىمدە يوق. يېمەكلىكلەر، ئىچىملىكلەرنىڭ تۆكۈلگىنى تۆكۈلگەن ھالدا ياتاقنى بىر ئېلىپتۇ. قارىغاندا خېلى ئويۇنلار ئوينالغان چېغى، كارىۋاتتىكى كىرلىك، يوتقان، ياستۇق، كۆرپىلەرمۇ قالايمىقان ئىدى، خۇددى مېنىڭ خىيالىمدەك، خۇددى مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى دۇنيايىمدەك، خۇددى مېنىڭ ئەقىدەمدەك، خۇددى...

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇش ئۆيىگە قاراپ باقماقچى بولدۇم، بىراق ئورنۇمدىن ھەرگىز تۇرالمىدىم، خۇددى بېشىمغا بىرسى ئۇرۇۋەتكەندەكلا. ئاخىر قاپقانغا چۈشكەن كېيىكتەك يەنە يېتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

* * *

بۇ قېتىم ئويغانغىنىمدا چۈشلۈك تاماق ۋاقتى ئۆتۈپ، قورساقلىرىم كوكىراپ كېتىپتۇ، ئەمما بىر نەرسە يەي دېسەممۇ گېلىمدىن پەقەت ئۆتمىدى. ھېلىقى خانىملارنىڭ ئۆزىنغۇ يوق، سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچكىچە ساقلىدىم، ئۇلار يەنىلا قايتىپ كەلمىدى. ئۇلار تېلېۋىزوردىن چىقىپ قالىدىغاندەك قاناللارنى يۆتكەپ باقتىم، ھېچقايىسى قانالغا رايىم يوق. ئىچىم تىتىلداشقا باشلىدى، سەل ئەنسىرەپمۇ قالدىم. چۈشتىن كېيىن دېڭىزغا چىقىپ سۇ ئۈزۈپ كەلمەكچى ئىدۇق، ۋاقىت قەرەلىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇلار نەگە كەتتىكىنە؟ يا مېنى تاشلاپ ئۆزلىرى دېڭىز بويىنى ساياھەت قىلغىلى چىقىپ كەتكەنمىدۇ؟

تېلېفوننى قولۇمغا ئالدىم، قارشى تەرەپنىڭ تېلېفونى يا «ھىم»، يا «جىم» دېمىدى. قىزىق ئىش، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئەنسىرەشكە باشلىدىم. مەن بۇ يەرگە يېڭى، ئۇلار كونا، ئەمەلىيەتتە ئۇلاردىن ئەنسىرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. كاللامغا گادىرماچ خىياللار كىرىۋالدى، كەچمىگەن

ئىشلار كەچتى. ئورنۇمدىن تۇردۇم- دە، بويۇمنى پاكىز يۇيۇپ ھەممىنى پەيدا قىلغان بۇ مەينەتچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇنچىغا كىردىم. ھەر ھالدا مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدىسى بويىچە تاھارەت ئالدىم، ئاندىن بىلىدىغان ئايەتلىرىمنى ئوقۇپ بەدەن- باشلىرىمنى قايتا- قايتا سوپۇنداپ يۇدۇم. بىر چاغدا ئىشىك تاراقشىپ ئېچىلىپ ئايال كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، پەرىزىمچە ئۇلار قايتىپ كەلگەندەك قىلاتتى. مەن ئىشىكنى قىيا ئېچىپ سىرتقا قارىدىم، خاتالاشقاندىم، مۇلازىمەتچى قىزلار ئىكەن. ئۇلار ياتاقتىكى قالايمىقانچىلىققا قاراپ چۇرقىراشقىنىچە «ئەييا! شىنجاڭ رىن، شىنجاڭ رىن» دېيىشۋاتاتتى. مەن ئىشىكنى ئاستا ياپتىم- دە، مۇنچىخاندا ئادەم بارلىقىدىن بىشارەت بېرىپ سۇنى ئۇلۇغ قويۇۋەتتىم. ئالاھازەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ياتاققا چىقسام ياتاق پاكىز، ھەم رەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ. مەن كىيىملىرىمنى كىيىپ بولۇپ، رەتلىك تارانغاندىن كېيىن بازارغا چىقىپ ئايلاپ باقماقچى بولدۇم. ئىشىكنى ئەتكەچ مۇلازىمەتچىگە تازىلىق ئۈچۈن ئەمدى كىرسە بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم.

10

«سەنيا جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان ساياھەت شەھرى. ئاساسەن ساياھەتچىلىك كەسپىگە تايىنىپ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرىدۇ...» قوللۇمدىكى قوللانمىغا قارىغاچ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاشقا باشلىدىم. قارىماققا باشقا شەھەرلەرنىڭ قىياپىتىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان كوچا- رەستىلەر ماڭا پەقەت ئادەملىرى ۋە سودا بۇيۇملىرى بىلەنلا پەرقلىنىپ تۇرىدىغاندەك تۇيغۇ بەردى. ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق ماڭا تونۇش بولغان تەبىئىي مۇھىت بۇ يەردىمۇ بار ئىكەن. دەل- دەرەخ، بىنا، كوچا- رەستە ۋە كىچىك- كىچىك سودا دۇكانلىرى. ئەمما ئادەملەر ناتونۇش، تىل ناتونۇش، مىجەز- خاراكتېر ناتونۇش... بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ناتونۇشلار باردەك قىلاتتى. ئەتراپى دېڭىز بىلەن ئورۇلۇپ تۇرغاچقىمۇ نەمخۇش ھاۋا، بېلىق ھىدى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىكەن. ئىسسىق بەلباغ رايونىغا جايلاشقان ، دېڭىز بويىدىكى شەھەر بولغاچقا دۇكانلاردا سۇ ئۈزۈش كىيىمى سودىسى بىزنىڭ شەھەرلەردىكى مېۋە- چېۋە سودىسىغا ئوخشاش كۆپ ئىكەن. دېڭىز بويىغا بارىدىغان بىر كوچىدا سۇ ئۈزۈش كىيىمى ساتىدىغان بىر دۇكانغا كىرىپ باقتىم. ئۇنىڭدا ھەرخىل رەڭ ۋە پاسوندىكى كىيىملەر بىزنىڭ شەھەردىكى قاسساپ بازىرىدا ئىلغۇغا ئېسىپ قويغان قوي گۆشلىرىدەك رەتلىك تىزىپ قويۇلغانىدى. بىر كىيىم ماڭا غەلىتە تۇيۇلدى. ھەي ئۇنى قانداقمۇ كىيىم دېگىلى بولسۇن، بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ ئىشتانبېغى ئوخشايدۇ دەپتىمەن. باھاسىنى سورىسام يۈز نەچچە يۈەننىڭ گېپىنى قىلدى. مەن ھەيران قالغانلىقىمنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئازراق باھا تالاشقان بولدۇم- دە، دېگەن يەردىن سەل قىممەت بولسىمۇ ئىككىنى سېتىۋالدىم. ئۇنى قاتلاپلا يانچۇقۇمغا سېلىۋالساممۇ بولاتتى. قائىدىسى بويىچە ئىككى كىيىمنى، ياق، «ئىشتانباغ»نى ئىككى قاپقا قاچىلاپ بەرگەندىن كېيىن ئىچ- ئىچىمدىن كۈلگىنىمچە دۇكاندىن چىقتىم. بەلكىم دۇكان غوجايىنى مېنىڭ نېمىگە كۈلگەنلىكىمگە ئانچە ھەيران بولمىدى، چۈنكى، ماڭا غەلىتە بىلىنگەن بۇ كىيىمگە ئۇلار كۆنۈك، ھەتتا ھەيران قېلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بۇ يەردە مەن ھەيران قالغان ئىشلارغا ئۇلار ھەيران قالمايدۇ. بىركىم يالىڭاچ يۈرسىمۇ «ئىسسىپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ قويىدىغاندەكلا. مانا بۇلار بىزنىڭ شەھەر بىلەن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر تەرەپلىرى. بىزنىڭ شەھەردە ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىمنى سېتىۋېلىشىمۇ بىر كۈلكىلىك ئىش. تونۇش- بىلىشلەر ئەمەس، تونۇمايدىغانلارمۇ زاڭلىق ئېتىپ كۈلىدۇ بەلكىم، جاھاندا نۇرغۇن ئىشلار ئومۇملىشىپ كەتسە ھەيران قالغۇدەك، زاڭلىق ئەتكىدەك يېرى قالمىسا كېرەك. ئۇزۇن كىيىم كىيىۋالغان ئاياللار بۇ يەردە كۈلكىگە قېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە مەن بۇ «ئىشتانباغ»لارنى كىيىم سۈپىتىدە قەزىقچىلىق بولسۇن، دەپ ھېلىقى ئىككى ئايالغا سېتىۋالدىم. ئۇلارمۇ كۈلەمدۇ، كۈلمەمدۇ بۇنى ئويلاشمىدىم. ئەخلاق ئۆلچىمىمىز ئوخشاش ئادەملەر، ئۆلچەم ئوخشاش بولمىغان شەھەردە نېمىلا ئىش قىلسا ئادەتتىكىدەك ئىش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن. «ئىچىم پۇشتى، قىلىدىغان ئىش يوق، مۇشۇنداق ئويۇننى ئويناپ چىقتىم»، دەرمەن بولمىسا. مەن يەنە ئازراق بازار ئارىلىغاچ «لەنجۇ چۆپلىرى» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئاشپۇزۇلدىن بىرنى تاپتىم. يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، ياش بولسىمۇ ساقىلىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈۋالغان دۇكان غوجايىنىغا (پەرىزىمچە دۇكان غوجايىنى) سالام قىلغاندىن كېيىن ئەپلىك بىر جاينى تېپىپ ئولتۇردۇم. باشلىرىغا ياغلىق چەككەن، چىرايلىق قىزلار مېھمانلارنى كۈتۈش بىلەن ئالدىراش ئىكەن. «لەيدەر سا» دېدى چىشلىرى سەل سارغايغان بىر قىز ئالدىمغا كېلىپ، «ئاۋۋال چاي بەرمەمدىغاندۇ» دېدىم- يۇ، «تاماقنى

دېگەچ تۇردىغان ئوخشايمىز» دەپ تامغا ئېسىپ قويغان تاماق رەسىملىرىدىن بىرنى كۆرسەتتىم. مەن بايام ئالدىراشلىقتا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن، «پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئائىلىسى» دېگەن خەنزۇچە خەتكە كۆزۈم چۈشتى. چۆچۈپ كەتتىم. يۈرىكى قاپتەك باركىنا بۇلارنىڭ، ئەجەب ئېسىپ قويۇپتا بۇ خەتنى كىچىك ئاشپۇزۇلغا... لېكىن بايام ئويلىغىنىمدەك قانۇنغا مۇخالىپ بولمىغان بۇ خەتنى پەقەت ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىپ ئېسىپ قويغان بولسا كېرەك. قانۇنغا خىلاپ بولمىسىلا بۇ شەھەردە ھېچكىم، ھېچنېمىگە ھەيران قالماسلىقى مۇمكىن. پەقەت مەن ھەيران قېلىۋاتىمەن...

مەن تاماقنى يەپ بولۇپ تۇرۇشۇمغا ئاشخانىغا ياش قىنا ئىككى ئۇيغۇر بالا كىردى. ئۇلار ماڭا قاردى، مەن ئۇلارغا قاردىم، قىزغىن سالام قىلىشتۇق. ئۇلارمۇ مەن ئولتۇرغان شىرەگە كېلىپ ئولتۇردى.

— تىنچلىقمۇ ئاغىنىلەر؟

— خۇداغا شۈكرى.

— سىلەرمۇ بۇ يەرگە ساياھەت ئۈچۈن كەلگەنما؟

— ياق، بىز مۇشۇ يەردە شىركەتتە ئىشلەيمىز.

— قانچە ئۇزاق بولدى ئىشلەۋاتقىلى؟

— ئالتە يىل بولدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، مۇشۇ يەرگە تەقسىم قىلىنغاندۇق.

— شىنجاڭدا ئوقۇغانما؟

— ياق، بېيجىڭدا ئوقۇغان، ئۆزىڭىزچۇ، ساياھەتكە كەلگەنما؟

— شۇنداق، خىزمەت تاپمىقىڭلار خېلى تەسكە توختىغاندۇ ھەقاچان؟

— ياق، سىنىپتىكى باللار ئاساسەن بىر تۇتاش تەقسىم قىلىندى.

— ...

سۆھبىتىمىز خېلى قىزغىن بولدى. بىر مىللەتتىن بولغاچقىمۇ كونا تونۇشلاردەك پاراڭلىشىپ كەتتۇق. ئۇلار مەندىن بىر يىل كېيىنلا مەكتەپ پۈتكۈزۈپتۇ، ئەمما، خىزمەتنى ئوڭۇشلۇق بولۇپتۇ، يەنە كېلىپ ئىچكىرىدە ئوقۇغان باشقا ئىستۇدېنتلارنىڭمۇ. مەن ئۆزۈم ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. كۆڭلۈم سەل يېرىم بولدى. ئوقۇغان كەسپىمىز ئوخشاش، يىل سانىمىز ئوخشاش، نېمىشقا مەن ۋە گۈلگىنە قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىستۇدېنتلار شۇنچە ئۇرۇنۇپمۇ ئىشسىز قالغاندىمىز. بەلكىم، «تەلەي» بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق ئىككى ئورۇندا ئوقۇغان ئوخشاش ئىستۇدېنتلارنىڭ ھەممىسلا «تەلەي» بولۇشى... ھەي...

مەن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ روھىم چۈشكەن ھالدا ياتاققا قايتىپ كەلدىم. ئۇلار يەنىلا قايتىپ كەلمىگەنىدى. مەن تېخىمۇ ئەنسىرەپ نەزىرەگە تېلېفون قىلدىم. ئۇلانغان بولسىمۇ قارشى تەرەپتىن سادا كەلمىدى. باشقىلارنىڭ تېلېفونىنى سورىۋالمىغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم. «نېمىدىن ئەنسىرەيمەن، ئۇلار بۇ يەرنىڭ ئاھالىسىگە ئايلىنىپ بولايلا دېگەن شەخسلەر، يەر، سۇيىگە پىششىق. بەلكىم بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالغاندۇ. بىراق چۈشتىن كېيىن دېڭىزغا چىقماقچى ئىدۇق. ئۇلار بۇ پىلاننى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟ نېمىشقا مېنى ئۇيغىتىپ قويمايلا چىقىپ كەتكەندۇ؟» خىيالىمدىن ھەرخىل خىياللار كېچىشكە باشلىدى. يانفونۇمغا قاچىلانغان «ئېلېكترونلۇق ئويۇن» بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەكچى بولدۇم. مەن «ئويۇن» ئىچىگە ئاستا - ئاستا كىرىپلا كېتىپتىمەن. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنىمۇ بىلمەيلا قالدىم. تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ نەزىرە بىلەن مەريەم ھەدەم كىرىپ كەلدى. مەن كىچىك بالىدەك ئورنۇمدىن دىككىدە تۇردۇم - دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى قۇچاقلىماقچى بولدۇم، چۈنكى، بۇ چاغدىكى خۇشاللىقىم يولدىن ئېزىپ قالغان يولۇچىنىڭ نىشانىنى بايقىشىدىكى خۇشاللىقى، يىتتۇرۇپ قويغان نەرسىسىنى قايتا تېپىۋالغۇچىنىڭ خۇشاللىقى ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ سوغۇققىنا سالام قىلىشى، خۇشاللىقىمغا ئورتاقلاشماسلىقى كەيپىمنى ئۇچۇرۇۋەتتى. بولۇپمۇ مەريەم ھەدەمنىڭ كەيپىياتى بەكمۇ ناچار ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن تاماكىنىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاخشامقى قىزغىن، شوخ، چاقچاقچى كەيپىياتى نەلەرگىدۇر يوقالغانىدى. مەريەم ھەدەم ئايىغىنى سېلىۋېتىپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن نەزىرەگە «نېمە ئىش بولدى» دېگەندەك قىلىپ قاردىم. نەزىرە قۇلىقىمغا ئاستا پىچىرلىدى: «بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن». مەريەم ھەدەم ھاجەتخانىدىن قايتىپ چىقىپلا نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى - دە، «مېنىڭ يالغۇز ياتقۇم بار» دەپ باشقا ياتاققا چىقىپ كەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۈگۈن ياتاقلار «بوشاپ» قالغان بولسا كېرەك. ياتاقتا نەزىرە بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق. نەزىرەنىڭ بايامقى ئېغىر - بېسىق سولغۇن چىرايى يەنە گۈلدەك ئېچىلىشقا باشلىدى. گۈل پۇراق چاچماقتا، گۈل ھىدى ئاستا - ئاستا دىمىقىمغا ئۇرۇلماقتا، گۈلنىڭ خۇش پۇراق ھىدى ياتاقنى بىر ئالماقتا...

مەن نەزىرەدىن سورىدىم:

— بۈگۈن سىلەرگە نېمە بولدى؟

— ھېچ... ھېچ... ھېچ ئىش بولمىدى، — نەزىرە ھاياجانلانغان ھالدا ھاسىراشقا باشلىدى...

— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دېڭىزغا چىقىمىز دېگەنىتىڭىز، مانا چۈشتىن كېيىنمۇ ئۆتۈپ كەچ كىردى. مەن زېرىكىشلىكتىن ئۆزۈم بازار ئايلاندىم، نەگە بارغانلىقىڭلارنىمۇ بىلمىدىم. ئاخىر قىزىقچىلىق بولسۇن ئۈچۈن سىلەرگە ئاددى «سوۋغات» سېتىۋالدىم، — مەن شۇنداق دېگەچ ھېلىقى «ئىشتانبېغى» ئىچ كىيىملەرنى نەزىرەگە سۇندۇم، — بىرسى سىزنىڭ، يەنە بىرسى مەريەم ھەدەمنىڭ.

نەزىرە «سوۋغات»نى كۆرۈپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەريەمنىڭ كەيپىياتى بۇنداق بولمىغان بولسا بىر «ئويۇن» چىقىرىپ باقىدىغان ئىش ئىكەنتۇق، بۇ تازىمۇ قىزىق چاقچاق ئىكەنتۇق.

* * *

نەزىرە مەن سېتىۋالغان سۇ ئۈزۈش كىيىمىنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ قارىغاندىن كېيىن شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدىكىنى تاللىۋالدى ۋە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن قولۇمنى چىڭ سىقتى.

— بىراق، بۇ كىيىملەرنى پەقەت ئەتە كىيەلەيسىلەر، بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى ھەقاچان.

— ياق، ھازىر دەل ۋاقتى، دېڭىز بويىدىكى يۇيۇنۇش ئورنىنى ئېتىۋەتكەن بىلەن يەنە 24 سائەت ئوچۇق تۇرىدىغان يۇيۇنۇش سارايلىرى بار، مەن بىر قانچىسىنى بىلىمەن، بىز بېرىپ بۇ كىيىمنى سىناپ باقايلى.

— ۋاھ ئەجەب ياخشى، بۈگۈن بىر كۈن ئىچىم سىقىلىپ...

— شۇڭا دەيمەنغۇ، ھازىرلا بارايلى دەپ، تاقەت قىلالمايۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن... ھا، ... ھا...

— مەريەم ھەدەمنىمۇ چاقىرىۋالامدۇق؟

— ياق، ئۇنىڭ بۈگۈن كۈلكە بىلەن خۇشى يوق.

— نېمىشقا، ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدى؟

— بولدى، ھازىر سورىماڭ كېيىن دەپ بېرىمەن.

بىز مېھمانخانىدىن چىقىپ مۇسۇلمانچە ئاشپۇزۇلدىن بىرنى تاپتۇق. تە، قورساقلىرىمىزنى «ئەستەر»لىۋالغاندىن كېيىن تاكسىدىن بىرىگە ئولتۇرۇپ كەچلىك يۇيۇنۇش سارىيىغا يۈرۈپ كەتتۇق.

سەنيادا بۇنداق جايلار بەكمۇ ھەشەمەتلىك بولىدىكەن.

پۇلغا يارىشا ھەممە ئىشقا قولايلىق ئايرىمخانىلار، دېڭىزنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئايلانغان سۇ ئۈزۈش كۆلچەكلىرى، ئايدىڭدىكى دېڭىز مەنزىرىسىنى ئەسلىتىدىغان غۇۋا چىراغ نۇرى باغرى قاتتىق ئادەمنىڭمۇ باغرىنى يۇمشىتىپ، چەكسىز ھاياجانغا چۆمۈلدۈرەتتى. پىنھان تۇيغۇلىرىمىز غىدىقلىنىپ كىچىك باللارغا ئايلىنىپ قالدۇق. بولۇپمۇ نەزىرە خۇشاللىققا چۆمۈلگەنىدى. مەريەمنىڭ كەيپىياتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىككى چىراي ئىككى خىل دۇنيا ئىدى. ئۇ مەن سوۋغا قىلغان كىيىمنى كىيىپ ھەدەپ ئەتراپىمدا ئويناقلايتتى. يېشىغا ماس كەلمىگەن بەزى ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ شادلىقىدىن ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم.

— سىزگە دېسەم، — دېدى ئۇ ئۆزى گەپ باشلاپ، — مەن بۈگۈن بەك خۇشال، بۈگۈن بىز نەگە باردۇق بىلەمسىز.

— بىلمەيمەن.

— ئەلۋەتتە بىلمەيسىز، مېنىڭ ئەسلى بۇ ئىشلارنى سىزگە دېگۈم يوق ئىدى. بىراق، سەل تۇرۇپ دەپ بېرەي خۇشاللىقىمغا سىزمۇ ئورتاقلىشىڭ. سىز مېنىڭ يەنە بىر ئىشىمغا ياردەم قىلىڭ، بىز ئۆز ئادەم بولۇپ قالدۇق.

— نېمە ئىش ئىدى ئۇ، مەن ياردەم قىلالىغۇدەك، قولۇمدىن كەلسىلا.

— قولىڭىزدىن كېلىدۇ، كەلگۈدەك شارائىت بىلەن تەمىنلەيمەن، يولدىشىمغا مۇناسىۋەتلىك ئىش.

يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى. «ۋاي، بۇ تۈلكە جىن ھەممىنى بىلىپ بولغانمۇ نېمە؟ ھەممىنى بىلىپ بولۇپ مېنى كولدۇرلىتىش ئۈچۈن شۇنچە خەيرخاھلىق قىلىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ توختا، بۇ يەردە بىر گەپ بار، ئاخىرىنى ئاڭلاپ باقاي»

— يولدىشىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك قانداق ئىش ئىدى ئۇ... مەن قىلالىغۇدەك.

— مەن يولدىشىم بىلەن ئاجراشماقچى. ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى بايقىغانمەن. ئاياللارغا ئامراق، پاھىشىۋاز ئوغرىنىڭ كۆڭلى ھەرگىزمۇ مەندە ئەمەس، دادامنىڭ پۇلىدا ئىكەنلىكىنى سەزگەنمەن. ئۇ بۇزۇقنىڭ يامان نىيىتىگە تاقابىل تۇرماقچىمەن، بىراق قولۇمدا پاكىت يوق. ئۇزاقتىن بۇيان سىزدەك بىرەيلەننى ئىزدەپ يۈرەتتىم، مانا ياخشى بولدى. سىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ پاكىت توپلاپ بېرىسىز.

— ھە، مۇشۇنچىلىك ئىشمىدى. مەن يۈرىكىم ئىزىغا

چۈشكەن هالدا كۈلۈپ كەتتىم. بۇ كۈلكەم ئۆزۈمگە ئايان.
«سىز ئىزدەۋاتقان پاكىت دەل مېنىڭ قولۇمدا. مېنىڭ سىزگە
يېقىنلىشىپ غۇرۇرۇمنى يەرگە ئۇرۇشۇممۇ دەل يولدىشىڭىز-
نى، يولدىشىڭىزدەك ئادەملەرنى ‹قارا باستۇرۇش›
ئۈچۈن» دېمەكچى ئىدىم، ئەمما ئاغزىمغا پاقىدە بىرنى
ئۇرۇپ نەزىرەنى تارتقىنىمچە سۇغا شۇڭغۇدۇم. خۇددى
ئۇنى سىرلار دۇنياسىغا باشلاپ بارىدىغاندەك، ئەسلىي سىر
مەيەردە ئىدى، دەپ كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك قول-
نى قويۇۋەتمىدىم...

تەقدىر - قىسمەتنىڭ يوللىرى ئاجايىپ بولىدىكەن.
خۇددى مۇشۇ سۇنئىي دېڭىز ساھىلىدەك، ساھىلدىكى
تۇپتۈز قۇملۇقتەك كۆرۈنىدىكەن. ماڭغاندا بولسا ئۇنىڭ ھە-
قىقىي ئىچكى ماھىيىتىنى بىلگىلى بولىدىكەن ياكى بولمايدى-
كەن. مانا بىز يۈگۈرمەكچى بولاتتۇق، قۇملار يۇمشاق بول-
غىنى ئۈچۈن پۇتىمىز پېتىپ يۈگۈرگىلى قويمىدى. بەزىدە
ئارام ئېلىشقا، بەزىدە ئەگىپ مېڭىشقا، بەزىدە كىملەر بىلەن-
دۇر قول تۇتۇشۇپ مېڭىشقا، بەزىدە كونا تونۇشلار بىلەن
ئايرىلىپ، يېڭى تونۇشلار بىلەن ياندىشىپ مېڭىشقا توغرا
كېلىدىكەن. شۇ تاپتا ئۆزۈمگە ھەيران قېلىۋاتىمەن. بىلىپ -
بىلمەي نېمە ئۈچۈندۇر ئەزەلدىن تونۇشمايدىغان ئىككى
ئايال ئۈچۈن «خىزمەت» قىلىۋاتىمەن. بۇنىڭ ئىچىدە مەن
بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان، كۆچۈم يېتىدىغان ياكى يەتمەيدى-
غان، ھەل قىلالايدىغان ۋە ئامالسىز قالىدىغان ئىچكى باغلى-
نىشلار بار. ھېسسىيات ۋە ھېسداشلىق تۇپەيلىدىن گۈلگىنە
ئۈچۈن «خىزمەت» قىلىپ كەتتىم. ۋاستە ۋە ۋاقىت دەپ
نەزىرە ئۈچۈن «خىزمەت» قىلىۋاتىمەن. مەندەك ئالىي
مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بىر زىيالىيچاق ئۈچۈن بۇ تولىمۇ كۈل-
كىلىك ۋە خورلۇق ئىش بولسىمۇ، كىملەرگىدۇر قېيداش،
كىملەردىندۇر ئۆچ ئېلىش، كىملەرگىدۇر نارازىلىق بىلدۈ-
رۈش ئۈچۈن ئۆزۈم خالىمايدىغان بۇ ساھىللاردا سۇنايلى-
نىپ، ھەرىكەتلىنىپ، قەدەم ئېلىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم.
ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى خاتا بولۇشى،
ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى توغرا بولۇشى ناتايىن. ئەمما
مەن ھەر بىر مىنۇتۇمغا ئەگەشكۈچى، ئەگىشىپ چارچاپ
كەتكۈچى، چارچاپ ئارام ئالغۇچى، ئارام ئالغاچ راھەتلەن-
گۈچى. راھەتلىنىشمۇ بىر خىل ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى.
ۋاقىت ئۆتسە بىر ئىشلار بىر يەرلەردىن چىقىدۇ.

بىز نەزىرە بىلەن قانغۇچە چۆمۈلۈپ ھېرىپ ھالىمىز
قالمىغاندا ياتاققا قايتىپ كەلدۇق. ئىچىمنى بىر نەرسە تاتىلى-
غاندەك بولدى - دە نەزىرەگە مەرىيەم ھەدىمىزنىڭ ئىسمىنى
چىقاردىم.

— ۋاي- ۋۇي، شوخ يىگىت، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ
قالغان ئوخشىمامسىز ؟

— ياقەي، ئەمدى قارىسام ئۇنىڭ كەيپىياتى بەكلا
تۆۋەن، غېمىنى يېگۈم كەلدى.

— قارىغاندا سىزگە دېمىسەم بولمىغۇدەك، ئەمەلىيەتتە
يوشۇرۇپ ئولتۇرغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس. بۇ بىر قانچىمىز-
نىڭ سەنياغا كېلىشىمىز ئەمەلىيەتتە ساياھەت ئۈچۈن
ئەمەس، بىز باشقا بىر ئىش ئۈچۈن كەلگەن.

— نېمە، ساياھەت ئۈچۈن كەلمىگەن دەمسىز ؟

— شۇنداق، بىز بۇ يەرگە پۇل تېپىش ئۈچۈن كەلگەن.

— مېنى گاڭگىرتىپلا قويدىڭىزغۇ، ئاپپاق ئاچا، ئو-
چۇقراق دېمەمسىز.

— مەن سىزگە دېسەم پۇل بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى
بولمايدۇ. پۇلغا مال سېتىۋالغىلى بولىدۇ، پۇلغا ھوقۇق سېتى-
ۋالغىلى بولىدۇ، پۇلغا خۇشاللىق، خاتىرجەملىك ۋە نۇرغۇن
نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. مەن سىزگە دېسەم، ئاۋۇ
ئىككىسى باشلىقنىڭ ئايالى. ئۇلار يەنىمۇ يۇقىرى ئۆرلەش
ئۈچۈن — پۇلغا تايىنىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانى-
لار. مانا پۇلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن بىز تونۇشالدۇق، پۇلۇم
بولغانلىقى ئۈچۈن سىز ماڭا ياردەم قىلماقچى بولۇۋاتىسىز.

— ئاي ئاچا، نەزەرىيەرىڭىزنى قويۇپ گەپنى ئۇدۇللا
دېسىڭىزچۇ.

— پۇل بولمىسا ھەممە ئىشىمىز مۇشۇ دېڭىزنىڭ سۇيى-
گە چىلىشىدۇ، ئېقىپ كېتىدۇ، يوق بولىدۇ. بىز بۇ يەرگە
قىمار ئوينىغىلى كەلگەن. بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مۇشۇ ئۇسۇل
بىلەن كۆپ پۇل تاپقانىدۇق. چۈنكى، سەنيا پۇلدارلارنىڭ
شەھىرى، ھەم بەختەر ھەم ئوڭۇشلۇق. ئەتىگەن مەرىيەم
ھەدىڭىز ئۇتتۇرۇۋەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ كەيپىياتى بەكلا ناچار.
ئەمەلىيەتتە، ئۆز شەھىرىمىزدە بىزگە بۇنداق پۇرسەت يوق،
پۇرسەت بولغاندىمۇ بۇ يەردىكىدەك ئازادە پۇرسەت يوق.
شۇڭا بىز پات - پات مۇشۇ يەرنى، مۇشۇ پەسلىنى تاللايمىز.

چۈشەندىم. ئادەم مەڭگۈ شۇكۇر قىلمايدىغان
مەخلۇق، شۈكۈر قىلمىغانسېرى نەپسى چوڭىيىدۇ، يانچۇقىمۇ
تومپىيىدۇ، ئەمما ئېھتىيات قىلمىسا ئۇ بىر پارچە ئوتقا ئايلىنى-
دۇ. ئۇنى يانچۇققا قانچە كۆپ سالغانسېرى ئوت شۇنچە
ئۇلغىيىدۇ، ئاخىر ئادەمنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدۇ. پارا
يېگەن ئەمەلدارلارمۇ شۇنداق، ساختا مال ساتقان سودىگەر-

لەرمۇ شۇنداق، ھەممىسى شۇنداق. «پۇلى يوقلار ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ، پۇلى بارلار توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىرىپ ئۆلىدۇ، ھەممە ئىش ئوتتۇراھال بولغان ياخشى» دېگەن شۇ بولسا كېرەك. پۇلى يوقلار ئەتە نېمە يەرمەن دەپ ئارامسىزلىنىدۇ، پۇلى كۆپلەر پۇلۇمنى نەگە قويارمەن دەپ ئارامسىزلانغىنىدەك. بىزدەكلەر بولسا باشقا بىر غەملەردە. مۇنۇ قىز-ئاياللارچۇ؟...

مەن يېنىمدا لايدەك ئېزىلىپ ياتقان نەزىرەگە قارددىم، ئۇ تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتاتتى. مەن خىيال بىلەن تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قاپتىمەن.

## 11

چۈشكە يېقىن ئويغانسام يېنىمدا يەنە نەزىرە يوق. گەرچە بۇرۇندىن يالغۇز ئويغىنىشقا كۆنۈپ كەتكەن بولسامۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىۋاتقان «ئامەت» مېنى خېلىلا «بەگ - غوجام» قىلىپ قويغانىدى. بەزىدە گۈلگىنەنىڭ يېنىدا ئويغانغىنىمدا ياۋروپاچە يېمەكلىكلەر ئالدىمدا تەييار بولاتتى، بەزىدە نەزىرەنىڭ يېنىدا ئويغانغىنىمدا ئالىي مېھمانخانىنىڭ مول ناشتىلىقىغا داخىل بولاتتىم. مەن مۇشۇ كۈنلەردە نېمىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىمەن - ھە، تۇرمۇش، جەمئىيەت نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟... ئۆز - ئۆزۈمگە ھەيران قالاتتىم.

ھەممە ئىش جايىدا بولغىنى ياخشى. بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە چاتاق چىقىدۇ. چاتىقى چىقىۋاتقانلار، چاتاققا قېلىۋاتقانلار ئازمۇ. بۇ ھېكايە مېنى سەنياغا — نەزىرىمدىكى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە باشلاپ كەلدى. تۇرۇپلا بۇ ھېكايە ئەمدى باشلىنىۋاتقاندەك، تۇرۇپلا مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ ھېكايىنى گۈلگىنە ئاخىرلاشتۇرسىمۇ، نەزىرە يەنە قايتا باشلايدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ يولدىشىغا «تاكتاكچى» بولىمەن تېخى، ئاجرىشىش باھانىسى — قولغا چىققۇدەك باھانە ئىزدەپ بېرىمەن، ئۇنىڭ كەينىچۇ؟

مەن ئىش ئىزدىمەكچى، ئۆزۈمنى قايتا بىر دەڭسىمەكچى بولدۇم. ھېلىقى ئىككى ئىستۇدېنت ئېسىمگە كەلدى، ھېلىقى ئىككى ياش — كۇندۈزى ئوقۇپ كەچتە كېچىلىك بەزمىخانىدا ئىشلەيدىغان «دوستلار» كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە. ئىككى ئاچام، ئىككى ئەمەلدارنىڭ ئايالى... ماڭا ھەممە نەرسە ئىككى بولۇپ كۆرۈنمەكتە. كۈندۈزنىڭ كېچىسى، ئاقنىڭ قارىسى، ياخشىنىڭ يامىنى، ئەركەكنىڭ چىشىسى... ۋاي - ۋۇي نېمىدېگەن كۆپ «ئىككى» بۇ. مەن مېھمانخانىنىڭ چېنىقىش ئۆيگە كىرىپ ئويناۋاتقان ئەسلىھەلەرمۇ جۈپ - جۈپى بىلەن. قولۇمغا قارىدىم، قولۇم ئىككى، پۇتۇمغا قارىدىم، پۇتۇممۇ ئىككى. نېمىشقا مەن مۇشۇلارغا تايىنىپ ياشىمايمەن، ئەجەبا بىراۋغا بېقىنىپ ياشاش مېنىڭ ئەركەكلىكىمگە داغ يەتكۈزمەمدۇ. مېنىڭ كەلگۈسىدە بىر توپ جامائىتىم بولىدۇ، ھەقەمسايىلىرىم، قوشنىلىرىم، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم، باللىرىم، مەن ئۆزۈمگە خاس سالاپىتىم، ئۆزۈمگە خاس شان - شۆھرىتىم بىلەن ياشىمىسام ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە، لەنىتىگە، نەپرىتىگە قالمامدىمەن.

مەن خىيال بىلەن قوش تورنىكقا ئېسىلغىنىمچە بىردەم تۇرۇپ قالدىم. تېلېفونۇم جىرىڭلىدى. مەن بۇ قوش تورنىكنى قويۇۋېتىشىم كېرەك، ئاۋۇ يەردە سايراۋاتقان مېنى ئاڭلاشقا، گەپ قىلىشقا، ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىۋاتقان تېلېفوننى ئېلىشىم كېرەك.

مەن گۈلگىنەدىن كەلگەن تېلېفون ئوخشايدۇ دەپتىمەن، ئەمما قارشى تەرەپتىن نەزىرەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋەي، نەدە سىز؟

— مېھمانخانىنىڭ چېنىقىش ئۆيىدە.

— تېزدىن ياتاققا قايتىڭ، نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئايرودرومغا ماڭىمىز، — مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلماقچى ئىدىم، بىراق ئۇنىڭغا چاقچاق خۇش ياقىدىغاندەك ئەمەس. تەلەپپۇزى ناھايىتى كەسكىن، كەسكىنلىكىدە بىر غەزەپ، بىر ئۆكۈنۈش چىقىپ تۇراتتى. مەن سەل جىددىيلەشتىم - دە، قەدەملىرىمنى ئىتتىكلىتىپ ياتاققا كىردىم.

نەزىرەنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەنىدى، خۇددى مەريەم ھەدەمنىڭ تۈنۈگۈنكى چىرايىدەك. مەن ئۇنىڭ كەيپىياتىغا ماس ھالدا نەرسە - كېرەكلەرنى تېز يىغىشتۇردۇم.

— ئۇلارچۇ، ئۇلار قايتمامدۇ؟

— ئۇلار بۇ يەردە يەنە بىر نەچچە كۈن «ئويىناقچى». ئۇ «ئويىناقچى» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە تەلەپپۇزدا سوزۇپ چىقاردى، — بىلەت زاكاز قىلىپ قويدۇم، يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۇچىمىز.

— بىر ئوبدان ئويناۋېتىپ تۇيۇقسىزلا كېتىمىزمۇ؟ مەن تېخى دېڭىزغا چىقمىدىم، يەنە نۇرغۇن جايلارنى كۆرمىدىم.

— كېيىن پۇرسەت بولىدۇ، — نەزىرە بىر ياقتىن گەپ قىلغاچ بىر ياقتىن ئۇياق - بۇياققا قارىغىنىچە ھېچ نەرسە قېپقالمىغانلىقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن مېنى باشلاپ ئىشىكتىن

چىقتى، ياق مەن ئۇنى باشلاپ ئىشىكتىن چىقتىم. ئىشىكنىڭ سىرتى شەھىرىمىزگە ــ ئۆز ئۆيىمىزگە، ئۆز دۇنيايىمىزغا تۇتاشقان يول. بىز بۇ يولغا چىقتۇق، بىراق ئىشىكتىن كىمنىڭ باشلاپ چىقىشى مۇھىم بولمىسمۇ، لېكىن يولغا كىمنىڭ باشلىشى مەن ئۇچۇن مۇھىمدەك قىلاتتى. ھەمراھلىرىمىز بۇ يەردە قالدى. دېمىسىمۇ ئۇلار يولدا قوشۇلغان ھەمراھلار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھامان بىر ۋاقىتتا ئايرىلىشى مۇقەررەرلىك ئىدى، چۈنكى، مەن بۇ يەرگە كېلىپ بىرىنچى كۈنىلا ئۇلاردىن ئايرىلدىم، يەنە كېلىپ «مەست» ھالەتتە. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلارنى كۆرمىدىم. ئەتىسى مەريەم ھەدەمدىن ئايرىلدىم، چۈنكى، بىزنىڭ كېلىش يولىمىز بىر بولغىنى بىلەن كېتىش يولىمىز ئوخشىمايتتى. شۇنداق، دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كېلىش يولى بىر بولغىنى بىلەن كېتىش يولى بىر بولمايدۇ. ئەمدى نەزىرەگە كەلسەك ئۇنىڭ بىلەن بۇ يولدا، بۇ سەپەردە قانچىلىك ماڭىمىز بۇنىڭغا بىر نەرسە دەپ بولمايدۇ. ئۇ ماڭا مال ـ دۇنياسىغا تايىنىپ تۇرۇپ «ياردەم قىلىش» ھەققىدە ئىلتىجا قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە مېنىڭ ھاياتىمنى «قىمار»غا «دو» تىكىۋاتىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا پۇلمۇ بەك قۇدرەتلىك نەرسە بولمىسا كېرەك. ئۇ يەنە ئۆزىنى ياراتقان ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقى بولمىسا ئۆز رولىنى مەڭگۈ جارى قىلدۇرالمىسا كېرەك...

نەزىرە بىلەن بىللە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق. مەن گادىرماچ خىياللار ئىچىدە بىپايان دېڭىزغا نەزەر سالدىم. يىراق دېڭىز ئۈپۈقى شەلپەردەك قىزارغان،گويا چوغدەك، گويا دېڭىز كۆيۈۋاتقاندەك، كۆيۈۋاتقان دېڭىزدەك ، دېڭىزدىن ھالقىغان ئۇپۇققا ئوت كەتكەندەك...

... تاغلار توزاندەك توزۇپ، يەرنىڭ تاناۋى تارتىلغاندا، دېڭىز پۇرۇخلاپ قايناپ ئوت دېڭىزىغا ئايلانغاندا، ھەي ئىنسان، سەن ئۆز-ئۆزۈڭگە: نېمىشقىمۇ ئازغۇنلاردىن بولۇپ قالغاندىمەن... دەيسەن...

قاچانلاردىدۇر قايسى بىر كىتاپلاردىن ئوقۇغانلىقىم ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ھېكمەتلەر قۇلىقىمغا قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى. كۈچلۈك ھارارەت ئىچ ـ ئىچىمنى كۆيدۈرەتتى، خىياللىرىمنى، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىمنى، قىلمىش ـ ئەتمىشلەرنى، گۈلگىنە، نەزىرە، ھەممە ھەممىنى، يالقۇنجاپ تۇرغان دېڭىز يالماپ كېتىۋاتقاندەك.

ئاپتور: «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى.

تەكلىپلىك تەھرىرى: يۈسۈپ ئېلى


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2015 ـ يىلى 2 ـ سان (ئومۇمىي 332 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)


باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇرجىڭيۈەن خىزمەت بىناسى7. قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 8.50 يۈەن

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼
邮　编：830002 电话：（0991）2856942
印　刷：《新疆日报》印务中心
发　行：乌鲁木齐市邮局
订　阅：全国各地邮局
邮发代号：58-22　定价：8.50元



شائىر، ژۇرنالىست ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن



تۇيۇق

پولات خوجا فوتوسى